شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتتە باھالانغان ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

首届新、疆社科优秀期刊

ISSN1008—6498



XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION

5
2001

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

ISSN 1008-6498
09>
9 771008 649003

medeniyet@163. net medeniyet@163. net medeniyet@163. net

تالانتلىق يازغۇچى، ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار ئاپتورى نۇرمۇھەممەت توختى
- ئۆتكۈرنىجات فوتوسى



● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىبابلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ سانىدا


## يىلتىزىمىز ھامان شەرقتە

شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقىدا .................... ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي 2

## شائىر ئەل قەلبىدە

شائىرغا كېسەل تەگكەن كۈنلەردە.........(خاتىرە) ......... نۇرمۇھەممەت توختى 7

## كۆكۆل ئىزھارى

مىجىت ناسىر ئاكىغا خەت .................................. ئابدۇقادىر كېرەم 51

## تېپەككۇر كۆزى

مەھەللىمىزنىڭ ئىتلىرى.........(ئەبجەش خاتىرە)......... ئابدۇقادىر جالالىددىن 53

## ئىبرەتلىك پاراڭلار

ئۇنىۋېرسال مۇلاھىزىلەر ....................... توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى 59

## سادا

يۇقىرا ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دۈشمەنلىرى ...................... ئىبراھىم ئەمەت 66

## تارىخ خەزىنىسىدە

ئالىم - ئەدىبلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئېيتقانلىرى ... توپلىغۇچى:تەلئەت ئابلەت 69

## ئەدەبىيات گۈلزارى

شاھرۇھخان ئۆلمىسۇن ............(ھېكايە) .................... ئادىل يىلدىرىم 73


مۇقاۋىدا: ھايات كۈيى، ئابلىز خوجامنىياز فوتوسى. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(50-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2001-يىل 5-سان
(ئومۇمىي251-سان)




ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتى

مۇدىر:
لۈجياچۈەن
زۇنۇن قۇتلۇق

مۇئاۋىن مۇدىرلار:
ئابلىجان ھېيت
لۇشىنخۇا
خەن زىيۇڭ

ھەيئەتلەر:
شىڭ چۈنشۇ
مايىڭشىڭ
جۇجۇفاڭ
ھاۋاقىز باھاۋۇدۇن
لى يىڭمىن
بەي جيەنياۋ
جىن مىن
قۇربان مامۇت
ياڭ فىڭ
فەن ياۋجىڭ
جاڭ تىڭۋېي
رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت    مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت



# شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقىدا

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى

## 1

شەرق دېگەن نېمە؟

- بورخېس

20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر چېخ يازغۇچىسى يارۇسلاۋ خاشىكنىڭ ساتىرىك رومانى «ياخشى ئەسكەر شۋەيك» تە مۇنداق بىر ھېكايە بار: ئەسكەر شۋەيك قوماندانلىقنىڭ مەخپىي بۇيرۇقىنى ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ ۋە يولغا چىقىدۇ. لېكىن ئۇ ئالدىنقى سەپ جايلاشقان جەنۇبقا قاراپ ماڭماي شىمالغا قاراپ يولغا چىقىدۇ ۋە ئالدىنقى سەپتىن ناھايىتى يىراقلاپ كەتكەن چاغدا ساقچىلار تەرىپىدىن قاچاق ئەسكەر، دەپ تۇتۇلۇپ قولغا ئېلىنىدۇ. شۋەيك ساقچىلارنىڭ ئەيىبلىشىگە نىسبەتەن ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن: «سىلەر يەر شارىنىڭ يۇمىلاقلىقىغا ئىشىنەمسىلەر؟» دەپ سورايدۇ. ساقچىلار: «ئىشىنىمىز» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇچاغدا شۋەيك: «ئۇنداقتا مېنى قاچاق، دەپ ئەيىبلەشلىرىڭلار ئاساسسىز. مەنمۇ يەرشارىنىڭ يۇمىلاقلىقىغا ئىشەنگەچكە مەخپىي بۇيرۇقنى ئالدىنقى سەپكە بىخەتەر ئاپىرىش ئۈچۈن خەتەرلىك جەنۇب تەرەپكە ئەمەس، بىخەتەر شىمالغا قاراپ ماڭدىم. شىمالغا قاراپ ماڭىۋەرسەك ئاخىرى يەنە جەنۇبقا يېتىپ بولىدىغۇ» دەيدۇ.

ھەقىقەتەن يەرشارىنىڭ يۇمىلاقلىق تەلىماتىدىن ئېيتقاندا، بىر نۇقتىدىن جەنۇب ھېسابلانغان تەرەپ قارىمۇ قارشى نۇقتىدا تۇرغاندا شىمال بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇغراپىيىلىك تۆت تەرەپنىڭ ئورنى ھامان نىسپىي. بىز مەيلى قەيەردە تۇرۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، تۇرغان ئورنىمىز دەل بۇ تۆت تەرەپنىڭ بىزنى مەركەز قىلىپ كېسىشكەن جايى. گەرچە بۇ جاي گلوبوستىن قارىغاندا، مەلۇم جۇغراپىيىلىك تەرەپكە مەنسۇپ بولسىمۇ، تۇرغان جايىمىزدا جۇغراپىيىلىك تەرەپلەرنى ئايرىساق ھېچقايسى تەرەپكە تەۋە بولماي قالىدۇ، دۇنيانىڭ مەركىزىدە تۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەپقالىمىز. ماھىيەتتە بۇ شەخسىيىتىمىزدىن پەيدا بولغان ئۆز مەركەزچىلىك تۇيغۇسى، خالاس.

تارىخقا نەزەر سالساق، جۇغراپىيىلىك تەرەپلەرگە ئايرىش قاچان، قانداق شەكىللەنگەن، نېمە ئاساستا شەكىللەنگەن؟ ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما ھەرقايسى تىللاردىكى غەرب، شەرق، جەنۇب، شىمال ئىبارىلىرىنىڭ تېگىنى تەكشۈرگەندە جاۋاب ئاساسەن بىرخىل. يەنى ئىنسانلار ئەڭ ئاۋۋال تەرەپلەرنى

يىلتىزىمىز ھامان شەرقتە

تەبىئەت ھادىسىلىرى ـ مۇنداقچە ئېيتقاندا، قۇياشنىڭ چىقىش، پېتىش، يۆتكىلىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن بەلگىلەپ چىققان. ھەتتا ئىنگلىز تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپنى ئىپادىلەيدىغان سۆزىنىڭ كۆچمە مەنىسىمۇ ئوخشاش. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوڭ» دېگەن سۆزى تەرەپنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ياخشى، توغرا دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى «Vight» (ئوڭ) دېگەن سۆزمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ياخشى، توغرا دېگەن مەنىدە.

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، ئەڭ ئاۋۋال غەرب تەرەپ (كۈن پېتىش) تە ئولتۇراقلاشقانلار شەرق تەرەپ (كۈن چىقىش) تە ئولتۇراقلاشقانلارنى شەرقلىقلەر، شەرقلىقلەر غەربتە ئولتۇراقلاشقانلارنى غەربلىكلەر، دەپ ئاتاش ئادىتى پەيدا بولغان. كېيىن بۇ ئۇقۇمنىڭ كۆرسىتىدىغان دائىرىسى تۇراقلىشىپ ياۋروپالىقلار ئىران، تۇران، ھىندىستان، ئەرەبىستاننى شەرق دەپ قارايدىغان، ياۋروپا غەرب دەپ قارىلىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇنىڭ مەنىسى كېڭىيىپ ۋە بېيىپ، جۇغراپىيىلىك مەنىدىن باشقا مەدەنىيەت ۋە سىياسىي مەنىسىمۇ پەيدا بولغان.

## 2

«شەرق ياۋروپالىقلارنىڭ بىر ئىجادىيىتى دېيىلسە ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئۇ بىر ئاجايىباتلار بىلەن تولغان، ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمە، گۈزەل كۆرۈنۈش، سەرگۈزەشتىلەر بىلەن ئەللەيلىنىۋاتقان قەدىمىي رومانتىك ماكان».

ـ ئېدۋارد. ۋ. سەيدنىڭ «تاللانما ئەسەرلىرى» دىن

شەرق ۋە غەرب تېمىسى بىر چوڭ تېما. بۇ تېما ھەققىدە ئىزدىنىش «يەرشارىلىشىش» يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن 19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا باشلىنىپ، «يەرشارىلىشىش» ئەمەلگە ئېشىپ، يەرشارى ئۇچۇر ۋە قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ئەۋزەللىكى بىلەن بىر كىچىك كەنت ھالىتىگە كەلگەن چاغدا تېخىمۇ سىستېمىلاشتى. تارىختا قەدىمكى يۇنان دەۋرىدىن باشلاپ شەرق ھەققىدە ئىزدىنىشلەر بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىزدىنىشلەر بەزىدە ناھايىتى روشەن، بەزىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. ياۋروپالىقلار «ياۋايىلار» دەپ سۈپەتلىگەن شەرق مىللەتلىرىنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشى ـ ئاتىللا، چىڭگىزخان، ئەرەبلەر ۋە تۈركلەرنىڭ ياۋروپاغا يۈرگۈزگەن ئىستىلاسى بۇ خىل ئىزدىنىشنى دەممۇ دەم تۈرتكىلىك كۈچ بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن.

«غەرب دۆلەتلىرىنىڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن ئەڭ مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ بىرى ـ شەرقنى بايقاش» دەيدۇ ئارگېنتىنا يازغۇچىسى بورخېس.

بورخېسنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، مىلادىدىن بۇرۇنقى 484-يىلدىن 425-يىلغىچە ياشىغان، تارىخ ئىلمىنىڭ ئاتىسى، دەپ شۆھرەتلەنگەن ھېرودوت تارىخقا بېغىشلانغان توققۇز توملۇق كىتابىدا مىسىرنى ۋە باشقا شەرققە مەنسۇپ جايلارنى تىلغا ئالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن قەدىمكى رىم ئالىمى دافلۇن (79 ـ 23) جۇڭگو، ئىران، ھىندىستان ھەققىدە توختالغان.

ئۇنداقتا شەرق دېگەن نېمە؟

بورخېس بۇ مەسىلىگە قارىتا يەنە «شەرق ۋە غەرب دېگەن ئاتالغۇغا ئېنىق تەبىر بەرگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇلار ھەقىقەتەن مەۋجۇد. بۇ خۇددى مەلۇم نەرسىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئېنىق تەبىر بەرگىلى بولمىغاندەك بىر ئىش» دەيدۇ.

قىسقىسى، شەرق غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى سىرلىق، ئاجايىپ-غارايىپلار بىلەن تولغان، دىن ھەققىدىكى ئىزدىنىش ناھايىتى چوڭقۇرلاشقان قەدىمكى مىسىر، بابىلون، ھىندىستان، جۇڭگوغا ئوخشاش جۇغراپىيىلىك نۇقتىدىن غەربكە ناھايىتى يىراق ياكى غەربنىڭ قارىمۇ قارشى نۇقتىسىدىكى جايلار.

تېخىمۇ ئېنىق ئېيتساق، ھازىرقى چۈشەنچىدىن قارىغاندا، شەرقنىڭ ئىككى مەنىسى بار:

بىرىنچى مەنىسى، قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىنى مەركەز قىلىپ، رىم مەدەنىيىتىنى بويلاپ راۋاجلانغان، خرىستىئان ۋە يەھۇدىي دىنى قىممەت قارىشىنى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان، ھازىرقى نۇقتىدىن قارىغاندا، تەرەققىي قىلغان غەرب ئەللىرى، دەپ ئاتىلىۋاتقان ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنى مەركەز قىلغان غەرب ئەللىرىنىڭ قارىمۇ قارشىسىدىكى قەدىمكى مىسىر، بابىلون، ھىندىستان، جۇڭگو مەدەنىيىتىنى مەركەز قىلىپ، ھازىرقى دىنلاردىن ئىسلام، بۇددا دىنى قىممەت قارىشىنى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان، ھازىرقى غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان ياكى تەرەققىي قىلمىغان كەڭ شەرق مەملىكەتلىرى شەرقتۇر.

ئىككىنچى مەنىسى (بۇ خىل مەنىنىڭ تارىخى نىسبەتەن قىسقا)، كاپىتالىستىك ئىدېئولوگىيىنى يېتەكچى قىلغان غەرب دۆلەتلىرى ئىدېئولوگىيە نۇقتىسىنىڭ قارىمۇقارشى قۇتۇبىدىكى ماركسىزم ئىدېئولوگىيىسىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق مەملىكەتلەر (ھازىر ئۇلاردىن بىرنەچچىسىلا قالدى) غەربنىڭ نەزىرىدىكى شەرقتۇر.

مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىكى شەرق بىرىنچى مەنىدىكى شەرقنى كۆرسەتسە، سىياسىي نۇقتىدىكى شەرق ئىككىنچى مەنە كۆرسەتكەن دائىرىدىكى جايلارنى بىلدۈرىدۇ.

غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدىكى شەرقنىڭ يەنە ئىككى خىل مەنىسى بار:

بىرىنچى مەنىسى، ئۇ دىنىي ئىدىيە بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان، سىرلىق، ئاجايىپ-غارايىپلار بىلەن تولغان، پەن ھەققىدىكى تەتقىقات روھ ھەققىدىكى ئىزدىنىشنى دەلىل بىلەن تەمىنلەيدىغان شەرق.

ئىككىنچى مەنىسى، زوراۋانلىق، ياۋايىلارغا خاس ياۋۇزلۇق، مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن سىياسىي مەنىدىكى شەرق.

شەرقشۇناس ئېدۋارد. ۋ. سەيدنىڭ شەرق ۋە غەرب ھەققىدىكى كۆز قارىشى تېخىمۇ ئۆزگىچە: شەرق بىلەن غەربنىڭ ئېنىق چېگرىسى يوق. شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدا ئىزچىل ھالدا بىر-بىرىگە ئايلىنىپ تۇرۇش يۈزلىنىشى مەۋجۇد.

ھەقىقەتەن تارىختا بۇ كۆز قاراشنى ئاساسلايدىغان دەلىللەر يوق ئەمەس. «قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۇستازى مىسىر ۋە بابىلون» («غەربنىڭ ئەقىل-پاراسىتى» ناملىق

كىتابنىڭ ئاپتورى روبېرت روسسوننىڭ سۆزى).

ھازىرقى پەلەستىن تەۋەسىدە پەيدا بولغان ئۈچ چوڭ دىننىڭ ئىككىسى - يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنى غەرب مەدەنىيىتى قىممەت قارىشىنىڭ ئەڭ چوڭ مەنبەسى. ئىسلام دىنى بولسا، شەرق مەدەنىيەت قىممەت قارىشىنىڭ ئەڭ چوڭ مەنبەسى. ئېخىمۇ قىزىقارلىقى، غەربلىكلەر رەزىللىك ۋە مۇستەبىتلىكنىڭ ئۈۋىسى، دەپ نام بەرگەن سىياسىي مەنىدىكى شەرق ماركسىزم ئىدېئولوگىيىسىنىڭ يىلتىزى يەنىلا ياۋروپادا.

غەرب دەپ ئاتىلىۋاتقان ھازىرقى زامان غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى شانلىق ئۇتۇقلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى قوزغاتقۇچ كۈچ بىلەن تەمىنلىگەن ئامىل ئىتالىيە ۋە ئىسپانىيىدىكى دېڭىز قاتنىشىنى بەلگە قىلىپ باشلانغان غەرب مەدەنىيەت ئويغىنىشىنى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى مەدەنىيەتنىڭ غايەت زور تىندۇرما ئېنېرگىيىسى بىلەن زەرەتلىگەن ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىدۇر.

دۇنيادا ھازىر شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىككى خىل كۆز قاراش مەۋجۇد: بىرى، غەرب مەدەنىيەت مەركەزچىلىكى تەلىماتى. بۇ تەلىماتنىڭ قارىشىچە، دۇنيادىكى بارلىق مەدەنىيەتنىڭ خېمىر تۇرۇچى غەرب مەدەنىيىتى. غەرب مەدەنىيىتى قەدىمكى مىسىر، يۇنان، رىم مەدەنىيىتىنىڭ بىۋاستە ۋارىسى. ئىككىنچىسى، شەرق مەركەز تەلىماتى. بۇ تەلىماتنىڭ قارىشىچە، دۇنيادىكى بارلىق مەدەنىيەتنىڭ خېمىر تۇرۇچى شەرق مەدەنىيىتى. شەرق مەدەنىيىتى قەدىمكى مىسىر، ابىلون، ھىندىستان، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ بىۋاستە ، قانۇنلۇق ۋارىسى، غەرب مەدەنىيىتى كېيىن گۈللەنگەن ياۋا مەدەنىيەت. . .

## 3

غەربنى ئىزدەپ چىقتىم شەرقتىن،
شەرقنى بايقىدىم لېكىن غەربتىن. . .

- خاتىرە دەپتىرىمدىن

ھىجرەت ياكى سەپەر شەرق خەلقلىرى نەزىرىدىكى ئىنسانىي كامىللىقنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى.

سەپەرگە ئىختىيار قىلىش ئارقىلىق ئۆز مەدەنىيەت ۋە تەپەككۇر چەمبىرىكىدىن ئايرىلىپ ئۆزىنى كۆزىتىش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بۇ ھالقىنىڭ جەۋھىرىي مەنىسى.

ئۇيغۇر خەلقي ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولمىش خەلق چۆچەكلىرىدىمۇ سەپەر بىر مۇھىم تېما. ئۇيغۇر روھىنىڭ مۇكەممەل سىمۋولى نەسرىددىن ئەپەندى ئۇبرازى توختىماي جاھان كېزىپ يۈرۈيدىغان بىر كىشى.

خەنزۇ خەلق رىۋايەتلىرىدە بۈيۈك تاڭلىقلار روھىنى يورۇتۇش مەقسىتىدە نوم ئەكېلىش ئۈچۈن غەربكە قاراپ سەپەرگە چىقىدۇ تاڭ سېڭ.

قىسقىسى، ئۆزىدىن ھالقىپ ئۆزىنى تولۇقلاش، ئۆزىدىن ھالقىپ ئۆزىگە نەزەر سېلىش ئىنساننىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش روھىدىكى بىر غايە. تارىخقا نەزەر سالساق ، تارىخنىڭ مۇھىم بىر قانۇنىيىتى تەكرارلىنىش. شۇڭا كونىلار: كىملەرنىڭ ئەزىزلىرى كىملەرگە خار بولمىغان، دەپ غەزەل توقۇلاشقان. تارىختىكى بۇخىل تەكرارلىق قانۇنىيىتى تارىخىي تەرەققىياتتىن ئىبارەت ھۇما قۇشىنى بەزىدە ئۇ خەلقنىڭ بېشىغا قوندۇرسا، بەزىدە بۇ خەلقنىڭ بېشىغا قوندۇردى. گەرچە ھۇما قۇشىنىڭ قونۇشى بەك تەسادىپىي ئىش بولمىسىمۇ، دۇنيانى دىر-دىر تىترەتكەن ئىمپېرىيىلەر ۋەيران بولدى. قۇل خەلقلەر خان بولدى. بۇ جەرياندا ئۆزىدىن چىقىپ ھۇما قۇشى قونغانلاردىن ئەڭگۈشتەر ئىزدەش بىر ئىجتىمائىي ئۇدۇمغا ئايلاندى. يېقىن تارىخقا قارىساق، ئەرەب ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەيۋىتى ياۋروپادا مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ قوڭغۇقىنى چېكىپ، ياۋروپالىقلار ئەرەبلەردىن ئەڭگۈشتەر ئىزدىدى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتى ئارقىلىق يىلتىزى يۇنان مەدەنىيىتىنى بايقىدى. ئەڭگۈشتەرگە ئېرىشتى. 15-ئەسىردىن كېيىنكى ياۋروپادىكى گۈللىنىش شەرق خەلقلىرىنى ياۋروپادىن ئەڭگۈشتەر ئىزدەشكە سالدى. تەقدىرنىڭ تەلىيى ئۇنبەش كۈنلۈك تولۇنئايغا ئوخشاش ياۋروپاغا ئالدىنى قىلدى. بىر چاغلىرى ياۋروپالىقلار زامانىۋى ھادىسىلەرنى تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن، ئەينى زامان زامانىۋىيلىقىنىڭ ئىگىسى بولغان خەلقلەردىن تەپەككۇر شەكىللىرىنى ئارىيەت ئېلىپ تۇرغاندەك، كەڭ شەرق غەرب مەنىسىدىكى ياۋروپا مەدەنىيىتى ئالدىدا شەھەرگە كىرگەن ياۋا ئادەمگە ئوخشاش ھودۇقىدىغان، تىترەيدىغان، زامانىۋى ھادىسىلەرنى بىلىش ئۈچۈن غەربتىن تەپەككۇرلا ئەمەس، ئاتالغۇ ئارىيەت ئېلىش دەرىجىسىگە كەپقالدى.

ناخشا:

كىملەرنىڭ ئەزىزلىرى كىملەرگە خار بولماپتۇ!

مەن ئەقلىمگە كېلىپ جاھاننى تەپەككۇر قىلىشقا باشلىغاندا ، ئۆزۈمنىڭ سەپەر ئۈستىدە تۇرغانلىقىمنى سەزدىم. سەپىرىم ئىككى خىل مەنىگە ئىگە ئىدى. بىرى، ھاياتلىق سەپىرى، يەنە بىرى قەۋمىمنىڭ غەربتىن ئەڭگۈشتەر ئىزدەش ئۈچۈن باشلىغان نىجاتلىق سەپىرى ئىدى. مەن بۇ سەپەرچىلەرنىڭ زامانىۋىيلىق دېگەن مەنزىلگە قاراپ ھاسىراپ كېتىۋاتقان ئون نەچچە ۋاگونلۇق(بۇ يەردە ھەر بىر سان بىر ئوقۇش يىلىغا قارىتىلدى) پويىزنىڭ مەلۇم ۋاگونىدا ئولتۇراتتىم. بۇ پويىزغا ئەقلىمنى بىلمەستە نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلمەي چىقىپ قالغان ھالىتىم، مەلۇم مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن پويىزغا چىققان يولۇچىنىڭ ئەھۋالىغا ئەمەس، مەلۇم مەنزىلگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن پويىزغا قاچىلانغان يۈككە ئوخشايتتى.

- مەن كىم؟ - دەپ سوئال قويدۇم.

مەن ئۆگەنگەن بىلىملەرگە قارىغاندا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ كىملىكى مەۋجۇد ئىدى. مېنىڭ شۇ چاغدىكى تەپەككۇرۇمچە كىملىكنى چۈشىنىش ئىنسانىي تاكامۇللۇقنىڭ بىر ھالقىسى ئىدى.

مەن كىم؟ ئابلەت ياكى ئابدۇلئەھەد سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىدىن قارىغاندا، ئەرەبچە، ئىسلام دىنىغا خاس ئىسىم. ئابلەت ئۇنىڭ قوپال ھالدىكى ئۇيغۇرچىلىشىشى.

مەن كىم؟ سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ كوممۇنىستىك ئەخلاقىنى كىشىلىك غايىسى قىلغان ئاددىي پۇقراسى.

تەۋەلىكىم شەرقنىڭ ئىككى خىل مەنىسىنىڭ ھەممىسىدە.

مەن تەۋە بولغان ئىجتىمائىي تۈسنىڭ

ئىجتىمائىي غايىسى زامانىۋىلاشتۇرۇش، سىياسىي غايىسى كۈچىيىش.

زامانىۋىلاشتۇرۇش غەربكە خاس ئاتالغۇ. دېمەك، زامانىۋىلاشتۇرۇش - ئاتالغۇ ئىگىسىنىڭ مەلۇم ھالىتىگە ئىگە بولۇش.

كۈچىيىش، بوزەك بولماسلىق - بۇ ھۆكۈمنىڭ كەينىدىكى مەنە. دېمەك، بىز ھازىر بوزەك... ئەگەشتەر غەربتە... مەن غەربتىن ئەگەشتەر ئىزدەپ كېتىۋاتقانلارنىڭ سېپىدە. دېمەك غەرب ئىجتىمائىي غايىسىگە ئايلانغان شەرقلىقلەرنىڭ بىر توپىدا.

غەربنى ئۆگىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا، قىدىرىشقا كىرىشتىم:

غەربنىڭ بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ يىلتىزى ئۇنىڭ ئىلىم-پەن روھىدا. ئۇلارچە، ئىلىم-پەن ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دىنى ھازىر ئىلىم-پەن، دۆلەت ئىدىيىسى شەخسىيەتچىلىك.

شەرقنىڭ قالاقلىقىنىڭ يىلتىزى ئۇنىڭ دۇنيانى سىرلىقلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىدە، ھەممە ئىشنى ئىلاھقا باغلاپ قويغانلىقىدا...

مانا بۇ شەرقلىقلەر بىلەن غەربلىكلەرنىڭ شەرق ۋە غەرب ھەققىدىكى ھۆكۈملىرىنىڭ جەۋھىرى ئىدى. كاللامدا مەككە سۇسلىشىپ پارىژ نۇرلىنىۋاتاتتى. ئۈرۈمچى پېتىدىن چۈشۈپ لوندون بۈيۈك سىماغا ئايلانغانىدى. ۋاشىنگتوننىڭ ئالدىدا بېيجىڭ ھېچنېمە ئەمەس... قەشقەر، خوتەننىڭ سىرلىق سۈكۈتى بېرلىن، توكيولارنىڭ شاۋقۇنى ئاستىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى.

## 4

1974-يىلى باھاردا بىر ياپونىيىلىك مۇخبىر دۇنيا تارىخ تەتقىقاتىدا ئۆزگىچە تەپەككۇرى بىلەن تارىخ تەتقىقاتىنى يېڭى مېتود بىلەن تەمىنلىگەن ئەنگلىيىلىك مەشھۇر تارىخچى ئارنولد تويىنبى دوكتوردىن: «تۇغۇلۇش پۇرسىتى بولغان بولسا، قايسى دۆلەتتە تۇغۇلۇشنى خالايتتىڭىز؟» دەپ سورىغاندا، 85 ياشقا كىرىپ قالغان تويىنبى كۈلۈپ تۇرۇپ: «مىلادى 1-ئەسىردە بۇددا دىنى تارىلىپ بولغان جۇڭگو شىنجاڭدا تۇغۇلۇشنى ئارزۇ قىلغان بولاتتىم» دەپ جاۋاب بەردى.

- «21-ئەسىرگە نەزەر» دېگەن كىتابنىڭ 295-بېتى

- ئاخىرلاشمايدىغان يول، ئاشكارىلانمايدىغان يىلتىز يوق.

- «خاتىرە دەپتىرىم» دىن

ئەدەبىيات، پەلسەپە، سىياسىي ھەققىدىكى ئىزدىنىش مېنى يۇقىرىقى ئىلىملەرنىڭ زامانىۋى پەللىسىنىڭ ئىگىسى بولغان غەربنىڭ قوينىغا تېخىمۇ چوڭقۇر ئىتتەردى. لېكىن يېشىم 25 ياشقا يېقىنلاشقاندا تۇيۇقسىز بىر چاغلاردا ماڭا سىرلىق-قاراڭغۇ بىلىنگەن غەرب دۇنياسى بىردىن رۇشەنلىشىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا مەن مائارىپنىڭ 16 ۋاگونلۇق پويىزىغا ئولتۇرۇپ تۇنجى مەنزىلىمگە يېتىپ بولغان، ئەگەشتەر ئىزدەش سەپىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىمىنى باشلاپ بولغانىدىم.

مەن ئەڭ ياقتۇرغان غەرب پەيلاسوپى نىتزىينىڭ «دەرىجىدىن تاشقىرى، ئۆزىدىن ھالقىغان ئادەم» پەلسەپىسى شەرق ئىسلام پەلسەپىسىدىكى ئارىپ - كامىل ئىنسان پەلسەپىسى بىلەن ئوخشىشىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ: «يوقالسۇن ئاجىزلار» دېگەن چاقىرىقى ئۇيغۇرلاردىكى: «يۇۋاشنى بوزەك ئەتمىسەڭ قىيامەتتە سورىقى بار» دېگەن گېپى بىلەن ماھىيەتتە بىر گەپ ئىدى.

سوپى دېگەن گەپ بىلەن پەيلاسوپ دېگەن گەپ ئوخشاشتەك قىلاتتى.

مەن گۇمانلانغان ھالدا نىتزىينى كۆچىلىدىم. بىر يەردە گېگىل، بىر يەردە شوپېنھاۋېر ئايان بولدى. ئۇلارنىڭ كەينىدە بولسا بىر يەردە ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ كۆلەڭگىسى، بىر يەردە جالالىدىن رۇمىينىڭ، بىر يەردە بولسا ماڭا ناتونۇش شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ...

شەرق دەپ ھەسرەتلىنەتتى گيوتى.

شەرق دەپ ئۇھ تارتاتتى ل. تولستوي...

ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى شەرقتىن - كافكازلىقلاردىن ئۆگىنىڭلار، دەيتتى كارل ماركس.

ئامېرىكا ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىسى ئېزرا فوند تاڭ دەۋرى شېئىرىيىتىدىن ئىلھام ئالغان، رومانتىك شائىر ۋاڭ ۋېينى ئۇستاز تۇتقانىدى. ۋاڭ ۋېي شېئىرلىرى جۈملىدىن تاڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇرتقىسىدا قوجو ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرى تامغىدەك قېتىپ قالغانىدى.

دون كىخوتتىن نەسىرىدىن ئەپەندىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. ئىسلام دىنىنىڭ جۇمھۇرىيەت دەۋرى دەپ ئاتالغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىنى ئەڭ مۇنەۋۋەر جەمئىيەتنىڭ بىردىنبىر ئۈلگىسى، دەپ ھەسرەتلىنەتتى جەمئىيەتشۇناسلار...

مەن غەرب دۇنياسىنىڭ پاراسەت خەزىنىسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇرىدا تۇرۇپ، بىردىن ئەگەشتەر ئىزدەشنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىم:

ئەگەشتەر ئىزدەش ماھىيەتتە ئۆزىنى ئىزدەش ئىكەن، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنى قايتا تۇرغۇزۇش ئىكەن، ئەگەشتەر ئۆزىمىز ئىكەن؛ بىر خەلقنى قۇتقۇزىدىغان ئەگەشتەر باشقا يەردە ئەمەس، دەل ئۆز ۋۇجۇدىدا بولىدىكەن...

بىردىن شەرق ۋە غەربنىڭ مەنىسىنى قايتىدىن ئاڭقاردىم ۋە ئىككىسىنىڭ ئايرىم-ئايرىم قىممەت قاراشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىككى ئۆزگىچە ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئىككى گەۋدە ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بار ئىدى. قىزىقارلىق يېرى، ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆزىدىكى ئەڭ سەلبىي نەرسىلەرنى رەقىبىنىڭ دەپ جار سالاتتى، رەقىبىگە ئىتتىرىپ قوياتتى. ئىنسانىيەتكە ئورتاق نەرسىلەرنى مۇستەقىل ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىش ئۈچۈن پاكىت توپلايتتى. شۇ چاغدا ناھايىتى ھەسرەت بىلەن يىراقتىن خەلقىمگە نەزەر تاشلىدىم:

قەشقەر، يەركەند، خوتەن، كۇچا، تۇرپان بىر يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجاندەك يالتىرايتتى، بۇ مارجانلارنىڭ بېشى ئۈرۈمچىدە ئىدى. بىر قارىماققا ئۇلار تەسۋى دانىسىغا ئوخشىسا، بىر قارىسا بىليارت ئۇرۇقىدەك كۆرۈنەتتى. كىشىلەر توپ-توپ بولۇپ، باركۆچى بىلەن بۇ مارجانلارنى غەربنىڭ رەڭلىرى بىلەن بوياش كويىدا ئاۋارە ئىدى.

شەرق غەربنىڭ ئەرزان باھالىق ساختا ماللىرى بىلەن لىق تولغان ئەخلەتخانىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئاياللار چېچىنى ۋە تۇرقىنى پارىژنىڭ قىزىل چىراق رايونىدىكى پاھىشىلەرنىڭ چېچىغا ۋە تۇرقىغا تەقلىد قىلىپ ياسىشىپ، ئەرلەر بېرلىننىڭ مېترولىرىدىكى زاماندىن بىزار ناتىسىست ياشلىرىدەك

تۇرقتا ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى قولتۇقلاپ غەربكە قاراپ كېتىۋاتاتتى.

## 5

ئامېرىكىنىڭ كۈچى ئورۇنديالمىغان ئىشلارنى ئامېرىكا مەتبۇئاتى ئورۇنداۋاتىدۇ. بەش بۇرجەكلىك بىنا (ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى) ئورۇنديالمىغان ۋەزىپىنى ھوللىۋۇد ئورۇنداۋاتىدۇ.

- پاكىستانلىق ئالىم ئەكبەر ئەھمەد

«كەلگۈسىدىكى توقۇنۇش مەدەنىيەت توقۇنۇشى، ئىسلام بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتۇر».

- «كۆچۈرۈلمە جۈملە» - خاتىرە دەپتىرىمدىن

جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ ھۆكمىچە، زامانىمىزدىكى سىياسىي مەنىدىكى شەرق بىلەن غەربنىڭ يېڭىچە توقۇنۇشى - سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئورۇشى شەرقنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەمدى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان توقۇنۇش مەدەنىيەت مەنىسىدىكى شەرق بىلەن غەربنىڭ توقۇنۇشىدۇر. ماھىيەتتە بۇ خىل توقۇنۇش ئىككى خىل قىممەت قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرۈنمەس توقۇنۇشتۇر.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئامېرىكىنى ھوللىۋۇدفىلىملىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىق چۈشىنىپ كەلگەن ۋە غەربلىشىشنى تۇرمۇش غايىسى قىلىپ يۈرگەن بىر قىز ئامېرىكىغا چىقىپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئامېرىكا مۇھىتىغا قاراپ ئالدانغاندەك تۇيغۇغا كەپقالغان. ئۇ، مۇھەببەت جەھەتتە شۇنچە ئەركىن، چەكلىمىسىز، دەپ قاراپ كەلگەن ئامېرىكىلىقلار كىنولارنىڭ ئەكسىچە شەرقلىقلەرگە ئوخشاش مۇتەئەسسىپ بولۇپ چىققان. شەرقنى دىن بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈدىغان غەربتە دىنىنىڭ تونۇسى تېخىمۇ قويۇق بولغان.

يەنە بىر ھېكايىدە دېيىلىشىچە، بىر ئامېرىكىلىق جۇڭگوغا كېلىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ھوللىۋۇد كىنولىرىدىكىگە ئوخشايدىغان ئوچۇق - ئەركىن خاراكتېرىدىن تاڭ قالغان...

ھەقىقەتەن غەربلىكلەرنىڭ پەلسەپىسى بارلىق سىرلارنى ئېچىپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇش، گۈزەللىك ئۆلچىمى يالىڭاچلىق، ئوچۇقلۇق، شەرقلىقلەرنىڭ پەلسەپىسى بولسا، سىرلارغا تەن بېرىش، سىرلارنى ئېتىراپ قىلىش، گۈزەللىك ئۆلچىمى - يېپىقلىق، يوشۇرۇنلۇق.

يالىڭاچلىق ئۆلچىمىدىن شەكىللەنگەن ئاياللار ئازادلىقى يالىڭاچلىق، مۇھەببەتنىڭ ھەممە ئادەمگە خاس مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاپ ئاممىۋىلاشتۇردى. ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ئەيدىز كېسىلى ۋە ئوخشاش جىنىسلىقلار مۇھەببىتىنى قانۇنلاشتۇرۇش بىلەن تۈگەللەندى. جەمئىيەت ئىجتىمائىي كېسەللەر بىلەن تولدى. روھىي كېسەللەر ئاۋۇپ كەتتى. شەخسىيەتچىلىك، بايلىق تەقسىماتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق ، تەبىئىي بايلىقلارنى ئاچكۆزلەرچە ئىسراپ قىلىش غەربنىڭ ئىجتىمائىي ۋاباسىغا ئايلاندى. ئۇلار شۇ چاغدا شەرق ئىدىيولوگىيىسىدىكى ئاددىي-ساددىلىق، كەمتەرلىك، پەرھىزكارلىق، زاھىدلىقنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى. لېكىن غەربلىكلەر شەرقلىقلەرنىڭ روھىدىكى بۇ ئامىللارنى جەمئىيەتنىڭ دورىسى، دەپ بىلگەندە غەرب مەتبۇئاتىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان شەرقتە غەربتىكىدىنمۇ ئېغىر شەخسىيەتچىلىك، ئىسراپخورلۇق مودىغا ئايلاندى... شەرق غەربنىڭ ئەخلەتخانىسىغا ئايلاندى.

شۇڭا مەن دەيمەن، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان خەلقئارا مەدەنىيەت توقۇنۇشى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى، غەرب بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئەمەس، بىر مىللەتنىڭ، بىر خەلقنىڭ ئۆزلىكى بىلەن ئۆزگىلىكى، ئوبيېكتى بىلەن سۇبيېكتى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش، ئۆزگە ئىشىنىش بىلەن ئىشەنمەسلىكى، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن ئۆزگىلەرگە تەقلىد قىلىش خاھىشى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش.

كىملەرگىدۇ دېگۈم كېلىدۇ: دۇنيانىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ سىرلىقلىقىدا ، يوشۇرۇنلۇقىدا. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەجىر قىلغان نان قەنتتىن تاتلىق. بىر ئايالنىڭ گۈزەللىكى يالىڭاچلىقىدا ئەمەس، بەلكى... يالىڭاچلىق بىر گۈزەللىك سەپىرىنىڭ ئاخىرلىشىشى، يوشۇرۇنلۇق مەڭگۈلۈك داۋاملىشىشى...

يەنە دېگۈم كېلىدۇ: ھەي، غەربتىن نوم (ئەڭگۈشتەر) ئەكېلىشكە ماڭغانلار، نوم (ئەڭگۈشتەر) غەربتە ئەمەس - ۋۇجۇدىمىزدا، تارىخىمىزدا، تەپەككۇرىمىزدا...

2001-يىل 7-ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى (M1)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت
بۇ سانىنىڭ تېخرېداكتورى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت



# شائىرغا كېسەل تەگكەن كۈنلەردە

(خاتىرە)

نۇرمۇھەممەت توختى

## 2001-يىل 15-ئاپرېل

يەكشەنبە. ھاۋا ئوچۇقمۇ، تۇتۇقمۇ ئەمەس. 2-ئاپرېل كېچە چىققان قاتتىق بوراندىن كېيىن 15 كۈندىن بېرى يېغىۋاتقان توپا سەل سېلىككەن، ئەمما ھاۋا يەنىلا ئاچچىق توپا پۇرايدۇ، دىماغلارنى ئېچىشتۇرىدۇ.

ئاخشام ئۈرۈمچىدىن – «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دىكى ئىلھام جاپپار، «شىنجاڭ مائارىپى» گېزىتىدىكى يالقۇن روزىلاردىن ئايرىم-ئايرىم تېلېفون كەلدى. شائىر روزى سايىتنى بۈگۈن ئايروپىلان بىلەن خوتەنگە يولغا سېلىشىدىكەن. ئۇنى 15 كۈن بۇرۇن - 1-ئاپرېل بىرەر يۈزدەك ئادەم خوتەن تۇزلۇقساي ئايرودرومىغا چىقىپ ئۈرۈمچىگە ئۆزىنى تەكشۈرتۈپ كۆرۈشكە ئۇزىتىپ قويغانىدى. 15 كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئەسىرگە تەڭداش 15 كۈن! ھەر كۈنى تېلېفونلىشىپ ۋە دوستلارنىڭ تېلېفونىنى قوبۇل قىلىپ تۇرغاچقا شائىرنىڭ ئەھۋالىدىن، ئۇنىڭغا قويۇلغان دىئاگنوزدىن، بەدىنىگە سېرىقلىق تەپچىپ چىققانلىقىدىن، ئۇزۇقلىنىشىنىڭ ناچارلاشقانلىقىدىن، چوڭ تاھارەت ۋە ئۇيقۇسىنىڭ بىنورماللىقىدىن نۇرمۇھەممەت توختى خەۋەردار ئىدى. شائىرغا قويۇلغان قورقۇنچلۇق دىئاگنوز ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىسىپ، يانجىپ - مىجىپ تۇراتتى. 32 يىللىق ئاغىنىسىنى ئوتتەك كۆرگىسى، قوللىرىنى قىسقۇسى، ئەھۋالىنى سورىغۇسى كېلەتتى. لېكىن يەنىلا كۆرۈشۈشتىن قورقاتتى. ئۇنىڭغا ئەنە شۇ قورقۇنچلۇق كېسەلنى ئۆزى يۇقتۇرۇپ قويغاندەك، دوستىنىڭ ئالدىدا گۇناھكاردەك قورقاتتى. نۇرمۇھەممەت توختى شائىر بىلەن كۆرۈشكەندە، ئاق خالاتلىق جاھان غەمگۇزارلىرى مىسلىسىز ئېغىر ھۆكۈم ئېلان قىلغان ئەشۇ دوستى بىلەن كۆرۈشكەندە نېمە ئىشلار بوپكېتەر؟ يەر ئايلىنىشتىن، شاماللار ئۇچۇشتىن، دەريالار ئېقىشتىن توختاپ قالارمۇ؟ ئەبەدىي توختىماس ۋاقىت ئۆز ئورنىدا قېتىپ قالماسمۇ؟ . . . ئۇ چۈشەندى. ئۇنىڭ قورقۇۋاتقىنى شائىر بىلەن كۆرۈشۈش مۇشكۈلاتى ئەمەسكەن، شائىردىن

## شائىر ئەل قەلبىدە

قورقۇۋاتقىنى يوقكەن. ئۇ ئۆزىدىن قورقۇپتۇ. شائىر بىلەن دىدارلاشقان ئەشۇ دەمدە ئۆزىنى تۇتالماي، يۈرىكىنىڭ بومبىدەك «گۇم» قىلىپ پارتلاپ كېتىشىدىن قورقۇپتۇ. نېمىدېگەن شەخسىيەتچىلىك؟! . . .

ئەتىگەن سائەت ئونىدا، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىنىڭ پىكاپى دەرۋازا سىرتىدىن سىگنال بەردى. ئۇ، ئىدارە باشلىقى ھۆرمەتلىك ئابدۇقادىر تۇرسۇن بىلەن ئايرودرومغا بىللە چىقىش توغرىسىدا كېلىشىپ قويغانىدى. ئايرودروم يولىدا خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، شائىرنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ئابدۇللا سۇلايمان «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى رېداكسىيىسىنىڭ باش مۇھەررىرى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ تېلېفونىدا شائىرنى قانداق كۈتۈۋېلىش توغرىسىدا تاپىلىغانلىرىنى سۆزلەپ ماڭدى. بەكراخۇن ئۇستام ئۇلارنى ئايرودرومغا تېز يەتكۈزۈش ئۈچۈن شامال كەبى ئۇچاتتى. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس! ئۇلار يەنىلا كېچىكىپ قالدى. ئايروپىلان ئادەتتىكىدىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەنىدى. كۆرگەنلەرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، شائىرنى ئايروپىلاندىن خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باش كاتىبى، شائىر مۇھەممەت چاۋار ئاچىقىقان پىكاپقا يۆلەپ-كۆتۈرۈپ دېگۈدەك ئېلىشىپتۇ. 15كۈن بۇرۇن ئايروپىلانغا ئۆزى مېڭىپ چىققان ئادەمنى مۇدھىش كېسەل بىردەمدە نېمىلەر قىلىپ قويغان-ھە؟ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى ئەنسىزلىككە پاتتى. دەرھال قايتىش يولىغا چۈشتى. تۇزلۇقسايدىن ئىلچى گۈلباغقىچە سوزۇلغان يەتتە كىلومېتىر يول، سەن نېمىدېگەن ئۇزۇن، نېمىدېگەن تۈگىمەس-ھە! پىكاپ قۇيۇندەك چاپاتتى. نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ خىيالى بىر ئايچە، 40كۈنچە ئىلگىرىكى چاغلارغا كەتتى.

ئۇلۇغ، مۆھتەرەم قۇربان ھېيتنىڭ 2-كۈنى (7-مارت) سەھەر. كۈن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن چاغ ئىدى. ھويلىدىن شائىرنىڭ: «گۆش پىشتىمۇ؟» دەپ ۋارقىرىغان خۇشچاقچاق ئۈنى جاراڭلىدى. شائىرنىڭ بۇرادەرلىرىدىن ئابابەكرى راخمان، مەمتىمىن قۇربان ھاجىم، نۇرى كېرەملەر ھېيت پەتىسىگە چىقىپتۇ. ياق، ئاتايىتەن چىقىشماپتۇ، تۇنۇگۈن خوتەن شەھىرىنىڭ تۇنجى باشلىقى، پېنسىيىگە چىققان خېلىل ئېلى كۆز يۇمغانىكەن، بۈگۈن يەرلىككە قويۇشۇپتۇ. ئۇلارنىڭ قەبرىستانلىقتىن — «شەمس تەبرىزىم» مازىرىدىن يېنىشى ئىكەن. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ پەتىلەپ كىرىشىپتۇ. . .

شائىر «گۆش پىشتىمۇ؟» دەپ ۋارقىرىغان بىلەن گۆش پىشمىدى. پېپىشكە ئۈنىمىدى. «كۆڭلۈم ھېچنېمە تارتمايدۇ» دېدى ۋە بىر ئوتلام چاي ئىچىپ تاماكا تۇتاشتۇردى. شوراپلا قېتىلىپ-يۆتىلىپ كەتتى. ئۇزۇن يۆتەلدى. يۆتەلگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئورنىدىن يۆتكىلىپ يىراقراق بېرىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ يۆتىلى بېسىلغاندىن كېيىن سوئال-سوراقلار يېغىپ كەتتى:

— نېمە بولدى؟

— زۇكامدىغاندەك بولۇپ يۆتىلىپ قالدىم.

— دوختۇرغا كۆرۈندىڭىزمۇ؟

— ياق، قۇربان ھېيتلىق بەدىئىي سەنئەت فىلىمىنى ھېيتقا ئۈلگۈرتۈش بىلەن ئالدىراش بولۇپ ۋاقىت چىقىرالمىدىم. . .

— دورا ئىچتىڭىزمۇ؟

— ئىچتىم.

— دورا كار قىلمايدۇ، دەرھال ئاسما ئوكۇل ئۇردۇرۇڭلا.

— ياخشى بوپىكېتىمەن.

— يۆتەلگە سەل قارىماڭلا، — دەپ گەپنى ئەزمىلىدى نۇرمۇھەممەت توختى، — ھېلىقى «ئۈچ دۆلەت ھەققىدە قىسسە»نى ھەممىمىز كۆرگەنغۇ. سىمايى: «جۇگېلياڭ يۆتىلىپ قاپتىمۇ؟ ئىشتىيى قانداقراقكەن؟» دەپ تەكشۈرگىلى ئادەم ئەۋەتىدىغان كۆرۈنۈش يادىڭلاردىمۇ؟ يۆتەل دېگەن چاتاق كېسەل، جانغا تاقىشىدۇ، ۋاقتىدا داۋالاتمىساڭلا. . .

شۇم ئېغىز نۇرمۇھەممەت توختى ئەجەلنى تىلغا ئالدى. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پات-پات «مەرسىيە»نى كىم كىمگە يازىدىغانلىقى ھەققىدە چاقچاق بولۇپ تۇرغاچقا شائىر ئېغىر ئالمىدى. دوستلار كۈلۈشتى. ئەمما قىستاش ئاخىرلاشمىغانىدى. ئاخىرىدا شائىر دەرھال تەكشۈرتۈشكە ۋەدە بەردى.

شائىر 8-مارتمۇ، 9-مارتمۇ دوختۇرغا بارماپتۇ. 9-مارت ئۇ ئابابەكرى راخمان، سەيدى مەخمۇت قاتارلىق ئاغىنىلىرى بىلەن يېرىم كۈن ھېيتلاشتى. چۈشتىن كېيىن ھېيتلاپ كىرگەن ئابدۇقادىر تۇرسۇن، نۇرمۇھەممەت توختىلار بىلەن قوشۇلۇپ مەتقاسىم ئابدۇراخمان، مۇھەممەت چاۋار قاتارلىقلار-نىڭ ئۆيىگە پەتىلىدى. دوستلار مۇھەممەت چاۋارنىڭ ئۆيىدە ئۆزۈندىن ئۇزۇن ئولتۇرۇشۇپ مۇڭداشتى. جاھاننى تاسقىدى. شائىر شۇيەردىمۇ يۆتىلىپ كەتتى ۋە دوستلىرىنىڭ يەنە بىر قېتىم دوختۇرغا كۆرۈنۈش توغرىسىدىكى ھەيدەشلىرىگە دۇچ كەلدى. ئەمما ئۇ 10-مارتمۇ، 11-مارتمۇ دوختۇرغا بارماپتۇ. 11-مارت كېچىدە قاتتىق يۆتىلىپ بېقىنىپ تەرەپ ئاغرىپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن 12-مارت دوختۇرغا بېرىپتۇ. دەرھال كېسەلخانىغا ئېلىنىپتۇ.

12-مارت كەچتە ئۈرۈمچىدىن — شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن تەشكىللەنگەن دەرسلىك كىتابلارنىڭ سېتىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش — تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى ئابدۇرەززاق سايىم (شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ باشلىقى)، گۈلشەن ئابدۇرېھىم، مۇنىرە غوپۇر، مۇھەممەتئېلى ئابلىز (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ دىكتورلىرى)، ئەنۋەر روزى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى) قاتارلىق ئون نەچچە كىشى خوتەنگە يېتىپ كەلدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كۆزگە كۆرۈنگەن ياش ئەدەبىيات ئوبزورچىسى يالقۇن روزىنى خاتىرە يازغۇچى سۈپىتىدە «ياللاپ» بىللە ئەكەلگەنىكەن. ئۇ، خوتەنگە

كېلىپلا شائىرنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىپتۇ. «دادام كېسەلخانىدا!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇنىڭغا شائىرنىڭ باللىرى. ئاندىن ئۇ نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلدى. نۇرمۇھەممەت توختى شائىرنىڭ كېسەلخانىغا كىرىپ يېتىپ قالغانلىقىنى شۇ چاغدا ئاڭلىدى. بۇچاغدا ئۇ خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدىكى ئاغىنىسى ئابدۇللا ناسىر بىلەن شاھمات ئويناۋاتاتتى. قىزىق ئويۇننى تاشلاشقا توغرا كەلدى. ئۇلار شۇ چاغدىلا كەچ بولۇشىغا قارىماي يالقۇن روزىنى ئېلىپ، شائىرنى خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ كادىرلار كېسەلخانىسىدىن تاپتى. شائىر ئۇلارنى چاقچاق بىلەن كۈتۈۋالدى. روھى كۆتۈرەڭگۈ، كېسەل - بىمارغا ئوخشىمايتتى. گەرچە يالغۇز كىشىلىك ياتاق بولسىمۇ، كادىرلار كېسەلخانىسى دېگەن شائىر-ئوبزورچىلارنىڭ سۆھبەت سالونى بولالمايتتى. ئۇلار تۆتى دەرھال ياتاقتىن چىقىپ، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى، شائىرنىڭ دوستى يالقۇن ھاجىمنىڭ دوختۇرخانا ئائىلىلىكلەر بىناسىدىكى ئۆيىگە يىغىلدى. سۆھبەت تۈن يېرىمىغىچە داۋاملاشتى. نېمىشقىدۇر ئۇ كۈنى شائىر يۆتەلمىدى. كەيپىياتى يۇقىرى، خۇشچاقچاق ئىدى. «كېسەل دوختۇرلاردىن قورقتى بولغاي، كېسەلخانىغا كىرىشىمگىلا يۆتەلمۇ توختاپ قالدى» دېدى ئۇ كۈلۈپ. ئەتىسى كەچتە يالقۇن روزى شەرىپىگە «خوتەن مېھمانخانىسى»نىڭ ئايرىم بۆلمىسىدە ھاراق-شارابسىز چاي بېرىلدى. شائىر زىياپەتنى ئۆزى تەشكىللىدى ۋە باشتىن ئاخىر خۇشچاقچاق ئولتۇردى. زىياپەت ئىشتىراكچىلىرى ئۇنىڭ كېسەللىكىنى، كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقانلىقىنى تامامەن ئۇنتۇپ قېلىشقانىدى. ئەپسۇسكى، يالقۇن روزى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ شىۋۇل يېزىسىدا يۈز بەرگەن 13 ياشلىق مەسۇم ئوغۇلنىڭ تراگېدىيىسىنى سۆزلىمىسە بوپتىكەن. شائىر پاجىئەنى ئاڭلاپ بوقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. يىغىغا ئەگىشىپ يۆتەلمۇ تۇتتى. ئۇ ئۇزۇنغىچە يۆتەلدى...

ئاكا-سىڭىل ئىككىسى 20 يۈەندىن جەمئىي 40 يۈەن ئوقۇشلۇق پۇلى تۆلىشى كېرەك ئىكەن. 360 كۈن، تاڭدىن شامغىچە ئىشلىگەن جاپاكەش ئاتا-ئانا تۈگمەس سىيلىق ۋە جەرىمانىلەردىن ئاشۇرۇپ ئاران 20 يۈەن بېرەلەپتۇ. بۇ يىگىرمە يۈەننى 13 ياشلىق ئاكا 10 ياشلىق سىڭلىسىغا ئۆتۈنۈپتۇ: «بۇ پۇلنى سىز تۆلەپ كىتاب ئېلىڭ، ياخشى ئوقۇڭ» دەپتۇ سىڭلىسىغا. مەسۇم ئوغۇل سىڭلىسىنى مەكتەپكە ئۇزۇتۇپ ، ئۆزى مەھەللىنىڭ سىرتىغا كىتىپتۇ. كەچتە ئۇنىڭ جەسىتىنى دوڭغاق جىگدىگە ئېسىلىۋالغان يېرىدىن تېپىشىپتۇ...

بۇ پاجىئەنى ئاڭلاپ ئەشۇ بالىنىڭ مەكتىپىگە ئۇلۇغ ئالىم، ئەدىب ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ قىزى، داڭلىق تېلېۋىزىيە دىكتورى گۈلشەن ئابدۇرېھىم يىغلاپ تۇرۇپ مىڭ يۈەن ئىئانە قىپتۇ. ئابدۇرەززاق سايىم مىڭ يۈەن ئىئانە قىپتۇ. باشقىلار مىڭ يۈەن ئىئانە قىپتۇ...

شائىر بوسۇغىسىنىڭ يېنىدىلا يۈز بەرگەن ئەشۇ پاجىئەدىن خەۋەرسىز ئىكەن، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يۈرىكى قوقاستا پۇچىلانغاندەك ئازابلاندى. يىغىدىن ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. ئاھ دەرد، ئاھ دەرد، ئەل دەردى، ئەۋلاد دەردى...

دەرد كېسەلنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ. شائىرنىڭ كېسىلى نېمە بولاركىن؟ شائىر شۇنىڭدىن كېيىن 28-مارتقىچە خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا داۋالاندى. «ئۆپكىگە سۇ چۈشۈپتۇ» دەپ دىئاگنوز قويۇلدى. دوختۇرلار كۆڭۈل قويۇپ داۋالىدى. دوستلار ئۈزۈلمەي كېلىپ يوقلاپ تۇردى. شائىر ئاستا-ئاستا ياخشىلىنىپ كەتتى. يۆتەل توختىدى. لېكىن نېمىشقىدۇر سەل ياداپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. تېنى ئاجىزلىغاندەك، ماغدۇرسىزلانغاندەك ئىدى. ئىشتىھاسىمۇ كەم ئىدى. 24-مارتمۇ ياكى 25-مارت ئۇنىڭ مەسئۇل دوختۇرى ئۇنىڭغا ساقايغانلىقىنى، كېسەلخانىدىن چىقسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. خوتەندە ئالەم ئىسسىپ، داللار كۆكىرىپ ئاللىقاچان نەۋروز باشلىنىپ كەتكەن چاغلار ئىدى. شائىرنىڭمۇ گۆپۆلدەپ دورا پۇرايدىغان كېسەلخانىدىن ئايرىلىپ ئەشۇ يېشىللىققا پۈركەنگەن داللارنى، گۈل-چېچەكلەر ئېچىلىپ كەتكەن باغلارنى كۆرگىسى بار ئىدى. ئۇ، دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. لېكىن دوستلار ئۇنىڭغا دوختۇرخانىدىن چىقىشقا ئالدىرىماي، يۈرەك، مېڭە، قان تەركىبى قاتارلىقلارنى بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرتۈشكە مەسلىھەت بېرىشتى. شۇنداق قىلغاندا كېيىنكى كېسەللىكلەردىن خەۋەردار بولغىلى، ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى. شائىر بىرقانچە يىلدىن بېرى يۈرەك ئاغرىقىنىڭ دەردىنى تارتىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ قېتىم ئۇنىمۇ تەكشۈرتۈش زۆرۈر ئىدى. لېكىن ھېچكىم ئويلىمىغان، قورقۇنچلۇق، مۇدھىش كېسەلنىڭ ئۇنىڭغا رودىپايىدەك چاپلىشىپ بولغانلىقىنى كىم ئويلىغان؟ دوستلىرى تەكشۈرتۈش مەسلىھەتى بېرىشكە كېچىكىپ قالغانىدى. دوختۇرلارمۇ كېچىكىكەنىدى. ئەشۇ كۈنى ئۇنى CT ئاپپاراتىدا تەكشۈرتۈشتى، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى كۆرۈپلا دوختۇرلار چۆچۈپ كەتتى. ئۈرۈمچىگە يۆتكىمىسە ، تېخىمۇ تەپسىلىي تەكشۈرۈپ داۋالاش لايىھىسىنى بېكىتمىسە بولمايتتى. دوختۇرلار مەسلىھەتلىشىپ ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن ھالدا ئۈرۈمچىگە يۆتكەش رەسمىيىتىنى بېجىردى. 26-مارت ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرگەن بولۇپ: «ساقىيىپ كېتىسىز، يا ئۈرۈمچى تەرەپكە بېرىپ تەكشۈرتۈپ كېلەمسىز؟» دېدى دوختۇر مېھرىبانلىق بىلەن . شائىرنىڭ ئۇ تەرەپكە ئۆتكۈسى، دوستلار بىلەن دىدارلاشقۇسى بار ئىدى. مۇھىم ئىشىمۇ بار ئىدى. خوتەن شېۋىلىرىدىن تۈزگەن لۇغىتىنى نەشر قىلدۇرۇش، نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان «ئۆيلەنگىن، ئۆي ئالمىغىن، ئۆلمىگىن» ماۋزۇلۇق 11-شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئاخىرقى كوررېكتورىنى ئۆزى كۆرۈپ بېكىتىپ بەرگۈسى بار ئىدى. ئۇ، دوختۇرنىڭ ئۈرۈمچى تەرەپكە ئۆتۈپ تەكشۈرتۈپ كېلىش توغرىسىدىكى گېپىگە دەرھال ماقۇللۇق

بىلدۇردى. دوختۇر ئۇنى ئۇستىلىق بىلەن چاندۇرماي قارماققا ئىلىندۇرگەنىدى. ئەمما ئاشۇ دوختۇر كېيىنكى قەدەمدە ئۇستىلىق قىلالماي قالدى. خېلىلا ئۇچۇق چاندۇرۇپ قويدى. دوختۇر كېسەلنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ بەش مىنۇت ئۆتمەيلا ئۇنىڭ خانىمى روزىنىساخانغا ھەممە رەسمىيەتلىرى ئۆتەلگەن، تامغىلار بېسىلغان يۆتكەش قەغىزىنى تۇتقۇزۇپ قويدى. شائىر خانىممۇ چاندۇردى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن كۆرسىتىدىغان يۆتكەش قەغىزىنى شۇئانلا شائىرغا كۆرسىتىپ سالدى. شائىر جىمىپ كەتتى. بىر بىمارنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەش رەسمىيىتىنى 15-20 كۈندە، ھەتتا بىرەر ئايدىمۇ بېجىرىپ بولالمايدىغان بۇ دوختۇرخانىنىڭ بۇ قېتىمقى ئىش بېجىرىش تېزلىكى شائىردا گۇمان پەيدا قىلدى. يەنە بىر دوختۇر شائىرنىڭ يېنىدا «يۆكۈەي يۆخاۋ» (قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى) دېدى. شائىرنىڭ جۇڭگو دۆلەت تىلىدا ئېيتىلغان بۇنچىلىك گەپنى چۈشەنگۈچىلىكى بار ئىدى. گۇمانى يەنىمۇ كۈچەيدى. ئۇ ئۆزىنى بىرەر ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان بولسام كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدى. غەم باستى. غەم ئادەمنى ئاسانلا خورىتىدۇ. 28-مارت كۈنى دوختۇرخانىغا ئۆزى مېڭىپ كەلگەن شائىرنى ئۆيىگە ماشىنا بىلەن يۆتكەشكە توغرا كەلدى. شائىر ھويلىسىدىكى سۇپىدا يېتىپ نۇرمۇھەممەت توختىغا: «مەن خەتەرلىك كېسەلگە مۇپتىلا بولغان ئوخشايمەن، كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ» دېدى. نۇرمۇھەممەت توختى ئىنكار قىلدى. تەسەللىي ئېيتتى. تەكشۈرتۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولدى. شائىر بېشىنى غەمكىنانە چايقاپ قويدى. نۇرمۇھەممەت توختى ئالدىنقى كۈنى ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى، شائىرنىڭ يېقىن كىشىسى ھەبىبۇللا ھاجىمدىن: «مەن CT تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى كۆردۈم، تېبىبجان ئېلىيېفنىڭ كېسىلى بىلەن ئوخشاش كېسەل» دېگەن قورقۇنچلۇق گەپنى ئاڭلىغان. ئۇمۇ يىغلاپ سېلىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتى. گەپ جەمئىيەتكە تارالغان، شائىرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن - يورۇقلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەي يوقلاپ كېلىپ تۇراتتى. شائىرنىڭ داۋالىنىش راسخوتىنى ھەل قىلىپ بولغىچە ئۆيدە ئۈچ كۈن ياتتى. مەدەنىيەت ئىدارىسى دېگەن نامرات ئورۇن ئىكەن، خەزىنىسىنى سۈپۈرۈپ - قېقىپ ئاران - ئاران دېگەندە بەش مىڭ يۈەن يىغالىپتۇ. ئابدۇقادىر تۇرسۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىدىن بەش مىڭ يۈەن چىقىرىپ بېرىپتۇ. شائىرنى ئاشۇ ئون مىڭ يۈەن بىلەن يولغا سېلىشقا توغرا كەلدى. يېتەرمۇ؟

1-ئاپرېل - رۇسىيىلىكلەرنىڭ يالغان ئېيتىش بايرىمى. مۇشۇ 100 يىلدا ھەممە ئىشنى رۇسىيىلىكلەرگە تەقلىد قىلىپ كەلگەن جۇڭگودىمۇ ئەشۇ كۈنى يالغان ئېيتىش ئانچە ئەيىب ھېسابلانمايدۇ. شۇ كۈنى 70 - 80 دەك ئادەم شائىرنى ئۇزىتىپ تۇزلۇقساي ئايرودرومىغا چىقتى. نۇرمۇھەممەت توختى ئايروپىلان كۈتۈش زالىدا دېرىزىگە يۆلىنىپ، دوستلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان شائىرغا قاراپ تۇرۇپ، ئەشۇ يالغان ئېيتىش بايرىمىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ شۇ تاپتا، ئەشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يالغان بولۇشىنى، دوختۇرلارنىڭ يۆتكەش قەغىزىنىڭمۇ، CT تەكشۈرتۈش نەتىجىسىنىڭمۇ، ئايروپىلان بېلىتىنىڭمۇ يالغان بولۇشىنى، كىمدۇربىرى ئويۇشتۇرغان كوللېكتىپ يالغانچىلىق بولۇپ چىقىشىنى نەقەدەر خالايتتى-ھە! ئەمما رېئاللىق يەنىلا رەھىمسىز ئىدى. ئۈرۈمچىدىن ئۇچقان نۆۋەتچى ئايروپىلان خوتەن ئايرودرومىغا قوندى. شائىر بىخەتەرلىك تەكشۈرتۈشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى. كىمدۇر بىرى شائىرنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزماقچى بولدى. شائىر: «ئۆزۈم تۇرالايمەن، تېخى مېنىڭ نۇرمۇھەممەت توختى بىلەن چېلىشقۇچىلىك ماغدۇرۇم بار» دېدى. دوستلىرى بىلەن بىر-بىرلەپ خوشلاشتى. نۇرمۇھەممەت توختى ئۇنىڭ بىلەن قول سىقىشىپ، شائىرنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر قېچىۋاتقانلىقىنى، ياداپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە كۆز چاناقلىرىغا كەلكۈندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ياشلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن يانغا قارىۋالدى. دوستلار بوغۇق ئاۋازدا ئامانلىق تىلەشتى.

داڭلىق سۆڭەك كېسەللىكلىرى دوختۇرى ئوبۇل ئاخۇن شائىرنىڭ ئۈرۈمچىدىكى تەكشۈرتۈش ئىشلىرىنى دوستى، ئۈرۈمچى ئۆپكە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېشىت دوختۇرغا ھاۋالە قىلغان ۋە ئۇلار شائىرنى كۈتۈۋېلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى تۈگەتكەنىدى. خوتەن ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى قاسىم ياسىن ئايرودرومدىن دوختۇرخانىغا ئەكىرىپ قويىدىغانلارنى ئورۇنلاشتۇردى. شائىرنىڭ دوستلىرىدىن ئىلھامجان بىلەن قەييۇمجان دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىدا شائىرنى كۈتۈپ تۇرماقچى ئىدى. شائىر ئۈرۈمچىدە تەمتىرەپ قالمايتتى. بۇنىڭدىن ئەنسىرەش ھاجەتسىز ئىدى. لېكىن شائىرنىڭ خوتەندىكى دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنى يەنىلا ئېغىر ئەنسىزچىلىك قاپلاپ تۇراتتى. ھەممىسى ئۈرۈمچىدىكى تەكشۈرتۈشتە خوتەندىكى گۇماننىڭ يالغان بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىشاتتى. ئەشۇ بىر يىلى ئەشۇنداق بولغانىدى. 1989-يىلى، شائىرنىڭ بالىلىقىدىن تاھازىرغىچە تاشلاشمىغان دوستى ئابابەكرى راخمانغا خوتەندە «جىگەر راكى» دەپ دىئاگنوز قويۇشتى. ئۈرۈمچىدىكى تەكشۈرۈشتىمۇ بۇ دىئاگنوزنىڭ توغرىلىقى ئاساسلاندى. ئۇ، خوتەنگە قايتىپ كېلىپ داۋالاندى. ئەھۋالىدا ياخشىلىنىش كۆرۈلدى. قايتا ئۈرۈمچىگە بېرىپ تەكشۈرتكەندە ھېلىقى دىئاگنوز ئاغدۇرۇۋېتىلدى. ئۇ تاھازىرغىچە ياشاپ، تېۋىپلىق قىلىپ يۈرۈپتۇ... ئەشۇ قېتىم ئىنكار دىئاگنوزى قويالىغان ئۈرۈمچى، بۇ قېتىم شائىر ئۈستىدىكى گۇماننى يوققا چىقىرالامسۇ؟ خالىسا ئۈرۈمچى خوتەننىڭ ھەرقانداق ئىشىنى يوققا چىقىرالايدۇ. ئۈرۈمچى خوتەن ئۈچۈن مەڭگۈ توغرا. ئەشۇيەردىن چىققان قارارنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ... مانا شۇ ئۈمىدلا شائىرنىڭ دوستلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىگە ئازراق تەسەللىي بېرىپ تۇراتتى...

* * *

شائىر ئۈرۈمچىدە تۇرغان 15كۈن ئىچىدە، خوتەننىڭ قۇلىقى ئەشۇ ياقتا ئۈدۈللىنىپ دىڭ بولۇپ تۇردى. ئۇ ئۈرۈمچىدىن چىققان ھەربىر تىۋىشنى ئاڭلاشقا ئۇرۇناتتى. مىليونلىغان قولاقتىن شەكىللەنگەن ئەشۇ قولاق ئاڭلىيالمايدىغان تىۋىشمۇ بولارمۇ؟ خەۋەرلەر خوتەن ياقتا ئۇچۇپ تۇردى: شائىرنىڭ يېقىنلىرىدىن سادىراخۇن بىلەن ئەخمەتجان شائىرنى ئايرۇدرومدىن ئەكەپتۇ. ئىلھامجان بىلەن قەييۇمجان دوختۇخانا ئالدىدا شائىرنى كۈتۈۋاپتۇ. دوختۇرخانا باشلىقى ئابدۇرېشىت شائىرنى ئەڭ ياخشى ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى قۇربان مامۇت شائىرنىڭ دوختۇرخانىغا ئەكىلىنگەنلىك خەۋىرىنى ئۈرۈمچىدىكى دوستلارغا يەتكۈزۈپتۇ. شىنجاڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى «ئانا يۇرت» رومانى ھەققىدە سۆھبەت يىغىنىنى ئاچقانىكەن، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شائىرنى يوقلاپ بېرىپتۇ. . . ياخشى خەۋەرلەر باھار يامغۇرىدەك ياغاتتى، يامان خەۋەرلەر قەھرىتان قىشتىكى قار ئۇچقۇنلىرىدەك ئۇچاتتى: شائىرنى تەكشۈرۈش باشلىنىپتۇ، قان تەكشۈرۈپتۇ. . . تەكشۈرۈش دېگەن قانداقمۇ يامان خەۋەر بولسۇن؟ ئەشۇ تەكشۈرۈشلەر خوتەندىكى گۇماننى يوققا چىقارغاي، مىش-مىش گەپلەرگە خاتىمە بەرگەي. . . 4-ئاپرېل شائىرنىڭ بەدىنىگە ، كۆز ئېقىغا سېرىقلىق ئۆرلەپ چىقىپتۇ، تامىقى ئازلاپتۇ. 6-ئاپرېل شائىرنىڭ خانىمى تېلېفوندا: «ھەرقايسىلىرى ئۈرۈمچىگە كېلەلەملا، مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم» دېدى. ئەھۋال ياخشى ئەمەستەك قىلاتتى. 7-ئاپرېل يەنە تېلېفوندا: «ئابدۇرېشىت يەنجاڭغا تېلېفون بېرىپ باققان بولساڭلار، بىزنىڭ ئادەم زادى نېمە كېسەلكەن؟ » دېدى. شۇ كۈنى كەچتە سوڭەك كېسەللىكلىرى دوختۇرى ئۇبۇل ئاخۇن دوستى ئابدۇرېشىتقا تېلېفون ئالدى. ئەڭ مۇدھىش خەۋەر ئۈپتىك كابىل ئارقىلىق خوتەنگە ھايالشىمايلا يېتىپ كەلدى. ئەڭ قورقۇنچلۇق كېسەل - لەنەتگەردى كېسەلنىڭ شائىرنىڭ ئەزىز تېنىگە چاپلاشقىنى راستىكەن. ئۆپكىدىن ئۆتۈپ جىگەرگە، ئاشقازان ئاستى بېزىگە يامراپتۇ. ئەمما تېخى داۋالاشتىن ئۈمىد يوقمۇ ئەمەسكەن . ئابدۇرېشىت يەنجاڭ ئەتە-ئۆگۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىدىكى، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى ، ئامېرىكىدا ئوقۇپ كەلگەن بىلىمدارلارنى چاقىرىپ بىرلەشمە كېڭەش ئۆتكۈزمەكچى ئىكەن. قانداق داۋالاشنى مۇزاكىرە قىلىدىكەن. . . 9-ئاپرېل كۈنى ئابدۇرېشىت يەنجاڭدىن يەنە خەۋەر كەلدى: «ئاخىرقى باسقۇچ! بىر نېمە دەپ خوتەنگە قايتۇرۇپ كېتىڭلار». شائىرنىڭ خانىممۇ تېلېفون قىلدى: يىغا، ئېسەدىگەن ھەسرەتلىك - نادامەتلىك يىغا! «نېمىدەپ ئەكەتمەن؟ خوتەنگە قايتىپ كېتىشكە نېمە ۋەج كۆرسىتىمەن؟ » . «بىزنى ساقلاپ تۇرسىلا، بىز ئەتە - ئۆگۈن يېتىپ بارىمىز. بىز بارغاندىن كېيىن مەسلىھەتلىشەيلى» . شۇكۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى يالقۇن قادىر شائىرنى يوقلاپ دوختۇرخانىغا بېرىپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن دوختۇرلار بىلەن كۆرۈشكەن چېغى، شائىرغا: «ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋاسى خىل كەلمەپتۇ، خوتەنگە قايتىپ كېتەيلى، شۇيەردە داۋالانسىلا» دەپتۇ. شائىر باش ئىغىتىپ ماقۇل بوپتۇ. 10-ئاپرېلدا شائىرنىڭ بالىلىقتىكى دوستى، ھازىر تېۋىپلىق قىلىۋاتقان ئابابەكرى راخمان تېلېفوندا شائىرنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپتۇ. شائىر: «دوختۇرلارنىڭ دورىسى خىل كەلمىدى، قول-پۇتلىرىممۇ سارغىيىپ كەتتى» دەپتۇ. ئابابەكرى ئاخۇن: «قايتىپ كېلىڭلا، ئۆزۈم داۋالايمەن» دەپتۇ تېلېفوندا. شائىر قايتىپ كېلىشكە ماقۇل بوپتۇ. شۇ كۈنلىرى دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەت بېيجىڭدىن تېلېفون بېرىپ: «ئۈرۈمچىدە نېمە قىلىسىلا، ئۇستا تېۋىپ خوتەندە، قايتىپ بېرىپ داۋالانغاچ ئەسەرلىرىنى قايتا رەتلىسىلە، ئەسەرلىرىنىڭ تولۇق توپلىمىنى چىقىرايلى، مەن ياردەملىشەي» دەپتۇ. شائىرنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. شائىر ئەسەرلىرىنىڭ تولۇق توپلىمىنى نەشر قىلىش ئۈيى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئابدۇراخمان ئەبەي (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ باش دېرېكتورى) قاتارلىق دوستلىرىنىڭمۇ كۆڭلىدە بار ئىكەن، لېكىن ئېغىزىدىن چىقىرالمىغانىكەن. ئىسمائىل ئەھمەتنىڭ تېلېفوندا دېگەنلىرىدىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن ئۇلارمۇ شائىرغا خوتەنگ قايتىپلا ئەسەرلىرىنى رەتلەشكە كىرىشىشكە ئىلھام بېرىپتۇ. . . شۇ كۈنلەرگىچە شائىر تېخى ئۆزىنىڭ نېمە كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيتتى. ئۇ پەقەت دوختۇرخانىنىڭ دورىسى خىل كەلمىدى، ئېقىۋاتقان ئاسما ئوكۇل سۇيۇقلۇقى بەدىنىمدە سېرىقلىق پەيدا قىلىپ سالدى، دەپ قارايتتى. ۋاھالەنكى، بۇ كۈنلەردە شائىرنىڭ ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئۈرۈمچىدە پۇر بولغان، يوقلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى زاتلاردىن يوقلاپ كەلمىگىنى قالمىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللالار يوقلاپ كەلدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «گۈلدەستە» پروگراممىسى گۈرۈپپىسىدىكىلەر كېلىپ سۈرەتكە ئالدى. ئەشۇ پروگراممىدا شائىر يۈرەك سۆزلىرىنى بايان قىلدى. ئەشۇ كۈنلەردىكى يوقلاشلار گويا ۋىدالىشىشقا ئوخشايتتى. بۇنداق داغدۇغا شائىردا گۇمان تۇغدۇرماي قالمايتتى. 13-ئاپرېل كېچە شائىر ئۆزىگە ھەمراھ بولۇۋاتقان دوستى مەتروزىغا: «مەن نېمە كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىمنى ئۇقتۇم. ھەممىڭلار مەندىن يوشۇردۇڭلار» دەپتۇ. مەتروزى بۇقۇلداپ يىغلىدىمۇ ياكى ياشقا تولغان كۆزلىرىنى شائىردىن يوشۇردىمۇ بۇ نامەلۇم. ئەمما ئۇ ھېچنېمە دېگىلى ئۇنىماپتۇ.

شائىرغا بۇنى ئېنىق ئۇقتۇرغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ نېمە كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش ـ ئۇنىڭ كۆز يۇممىدىغان كۈنىنى ئېنىق دەپ بېرىشكە باراۋەر ئىدى. بەزى كىشىلەر قانداقتۇر بۇ ئىشلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە سەپسەتە ساتىدۇ. «جان بار يەردە قازا بار»، «ئادەم دېگەن بەربىر بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىدىغان مەخلۇق، ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، بىز ئۆلگەكنىڭ ئەۋلادى» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشىدۇ. لېكىن ئەلمىساقتىن ھازىرغىچە ھېچكىم ئۆلۈمگە توغرا مۇئامىلە قىلغان ئەمەس. ئەقلى ۋە نېرۋىسى جايىدا ئادەملا بولىدىكەن، ئۇ ئۆلمەسلىكنى، بىر كۈن بولسىمۇ ئۇزۇنراق ھايات كەچۈرۈشنى ئويلايدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنىمۇ ئۆلۈم. شۇڭا خەلق ناخشىلىرىدا «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دېيىلىدۇ. ئەگەر نېمە كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى شائىرغا دەپ بەرسە، ئۇ ھېلىقىلار دېگەندەك «ئاڭلىق ئادەم» لەردىن بولسىمۇ، ئاڭلىق مۇئامىلە قىلالىشى ناتايىن ئىدى. . . مەتروزى ئۇنىڭغا نېمە كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى دەپ بەرمەپتۇ. نېمىلەرنىدۇر دەپ تەسەللىي بېرىپتۇ. ئەمما شائىر ئۆزىنىڭ نېمە كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئاللىقاچان پەرەز قىلىپ بولغانىدى. ئاخىرقى ئىشلىرىنى تۈگىتىشكە ئالدىرايتتى.

شائىر دوختۇرخانىدىن ئايرىلىپ ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئابدۇراخمان ئەبەي قاتارلىقلار سېتىۋالغان مېھمانخانا ياتىقىدا ئۈچ كۈن ياتقاندىن كېيىن 15 ـ ئاپرېل سەھەردە ئۈچقان ئايرۇپىلانغا چىققانىدى.

* * *

پىكاپ قويۇندەك غۇيۇلداپ چاپاتتى. يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى تۇساللىنىڭ ئېتىزلىرىدا كېۋەزلىكلەرگە يېپىپ قويۇلغان يالتىراق يوپۇقلار كۈمۈش تاناپتەك پارقىرايتتى. سەندۇقلۇق سەي ـ كۆكتات تېرىغۇچىلارنىڭ قاتار ـ قاتار پارنىكلىرى ئۇزۇلمەي كۆرۈنەتتى. ماشىنا ئىلگىرىگە ئېتىلىپ كىردى. . .

شائىر ئەشۇ 1970 ـ يىلى «گۈزەل ئىستىقبال» خەلق كوممۇنىسىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى يېنىدىكى 1 ـ ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىدە كىچىككىنە مەنسەپ تەگكەندە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ھېچكىمدىن سورىماي سېلىۋالغان ئۆيىنىڭ كوچىسىنى «ماشىنا كەلسە پاتمايدىكەن، ئەپسىز بولدى» دەپ، تۆت يىل بۇرۇن خوتەن قاراقاش چوڭ يولىنىڭ شىمالى، ھاۋارايى ئىستانسىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئوتياشلىقتىن يەر ئېلىپ، يېڭى ئۆي سېلىپ كۆچۈپ چىققانىدى. ئەپسۇسكى، يېڭى ئۆيگە بارىدىغان يېڭى كوچىلارمۇ تار كەپتۇ. قاتار ـ قاتار تىزىلغان پىكاپلار پېتىشماي تۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. كۆپلىرى كىچىك كوچىغىمۇ كىرەلمەي، ھاۋارايى ئىستانسىسىغا ئېلىنغان يېڭى يولدىلا توختاپتۇ. بەكراخۇن ئۇستامنىڭ ياپونىيىدىن كىرگۈزۈلگەن كۈچلۈك پىكاپىمۇ شۇ يەردە توختاشقا مەجبۇر بولدى. . . ھويلىدا شائىرنىڭ دوستلىرى سانجاق ـ سانجاق تۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. شائىرنى ھويلىسىدىكى سۇپىغا ياتقۇزۇپ قويۇشۇپتۇ. نۇرمۇھەممەت توختى بىلەن ئابدۇللا سۇلايمان ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەي، كىشىلەر ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ سۇپىغا يېقىنلاشتى. ياق، سۇپىدا ياتقىنى شائىر ئەمەس! ـ 58 يىل بۇرۇن شەھىدۇللا دېگەن چېكرا قورۇلىدا تۇغۇلغاندا، ئېگىز تاغ ئۈستىدە ئۆسكىنى يېتىشمەي قارىداپ ـ كۆكىرىپ كەتكەنچە ئەسلىگە كېلەلمەي، ئېگىرلاردىن ئاقراق، ئەمما ئاق تەنلىكلەردىن خېلىلا قارا ئۆڭلۈك بولۇپ ئۆسكەن روزى سايىت ئۇ ئەمەس. سۇپىدا راسا پىشقان زاغرا نانەك، زەپەدەك، سوپسوپىياڭدەك سارغىيىپ كەتكەن بىر تەن ياتاتتى. چېھرى، قوللىرى، بويۇن ـ مەيدىلىرى ساپسېرىق، كۆز ئېقى تۇخۇم سېرىقى رەڭگىدە ئىدى. ئورۇقلاپتۇ. ياداپ، قۇرۇق ـ قاقشال بوپقاپتۇ. ياق، 15 كۈن بۇرۇنقى روزى سايىت بۇ ئەمەس. پەھلىۋانلاردەك قاتما، كۈچتۈڭگۈر، ئېغىر دېھقانچىلىق ئەمگىكىدە، خوتەن شەھىرىدىكى «كوئىنلۈن» سۇ ئامبىرىنى سالغان چاغدىكى تاغار يۈدۈشلەردە، «سېسىق ئوت» دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئاچقان چاغدىكى ئىسسىق ـ سوغۇقلاردا پىشقان گەۋدە بۇ ئەمەس ئىدى. مۇدھىش 15 كۈن ئۇنىڭ رەڭگىنى ئەكېتىپتۇ. ئورۇمچى ئۇنىڭ تېنىنىڭ يېرىمىنى ئەپقاپتۇ. رەھىمسىز كېسەل ئۇنىڭ مادارىنى ئەپقېچىپتۇ. . .

نۇرمۇھەممەت توختى شائىردىن ئەھۋالمۇ، ھاردۇقمۇ سورىيالمىدى. ئۇ مەڭدەپ قالغان، ھاڭۋاقاندەك لال ھالەتتە قېتىپ قالغانىدى. شائىر ئۈن ـ تىنسىزلا قول ئۇزاتتى. دوستلارنىڭ قوللىرى بىر ـ بىرىگە چىڭ يېپىشتى. مانا شۇ چاغدا قانداقتۇر بىر نەرسە يۈپۈرۈلۈپ كېلىنى، بوغۇزىنى سىققاندەك بولۇپ، ئۆرە تۇرغۇچىنىڭ كۆز چاناقلىرىغا كەلكۈندەك ياش يامراپ چىقتى. ئۇ، كۆزياشلىرىنى دوستىدىن يوشۇرۇش ئۈچۈن بېشىنى يانغا بۇرىدى. . .

ياراتقۇچى جاھاننى بەندىلەرگە تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن ياراتقان. پەقەت كېسەللىك، دەرد ـ ئەلەم، پىغان ـ نادامەت، ئازاب ـ ئوقۇبەتنىلا تەڭ بەھرىمەن بولۇشقا ياراتمىغانىكەن. ئەگەر بۇلارنىمۇ تەڭ بەھرىمەن بولۇشقا ئىرادە قىلغان بولسا، شائىرنىڭ دوستلىرى شائىرغا يېپىشقان ئەشۇ رودۇپايدەك مۇدھىش كېسەلنى، ئۇنىڭ قانچىلىق قورقۇنچلۇق بولۇشىغا قارىماي تەڭ بۆلۈشىۋالمايتتىمۇ؟ خەلق ئۈچۈن نادامەت چەككەن شائىرنىڭ ئازابىنى خەلق تارتىشىپ بەرمەيتتىمۇ؟ ئەمما بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كېسەلنى بۆلۈشۈۋېلىش، ئازابىنى تەڭ تارتىشىپ بېرىش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. نۇرمۇھەممەت توختى شۇتاپتا ئاللانىڭ نېمەتلەرنى تەڭ بېرىپ، ئازابنى تەڭ بۆلۈشۈۋېلىشقا ئىرادە قىلمىغانلىقىغا مىڭ ئەپسۇسلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۆمۈرلۈك دوستىنىڭ بېشىغا كەلگەن كەلمىشتىن ئازاب چېكەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئازابى شائىر تارتىۋاتقان كېسەل ئازابى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. قولىغا سۇ قويۇپ بېرەلمەيتتى. . .

ئەشۇ يىلى شائىرنىڭ دېھقانلار دەردى ھەققىدىكى ئالتە پارچە شېئىرى ئۇنىڭ ئالغۇ لېنتىسى قىلىپ نەشر قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە غۇلغۇلا پەيدا قىلدى.

دېھقانلار ۋە زىيالىيلار ئالقىشلىغان بولسىمۇ، ئايرىم جەرىمانىچىلەر يۇقىرىغا ئەرز قىلىشتى. شائىر ئۈستىدە ئىغۋالار كۆپىيىپ ئۇنىڭغا بېسىم پەيدا قىلدى. ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ئوخشاش تېمىغا بېغىشلانغان نەسرىي ئەسىرى «خوتەندىن خەت» ئېلان قىلىندى. گەپ-سۆز، ئىغۋالار بىراقلا ئۇ تەرەپكە يۆپۈرۈلدى. شۇ چاغدا شائىر چاقچاق قىلىپ: «ئاداش، ھەممىنى سىلىگە ئىتتىرىپ بەردىم، ئەمدى دەردنى ئۆزۈڭلا تارتىڭلا» دېگەنىدى. ياق، ئۇنىڭ «ھەممىنى ئىتتىرىپ بەردىم» دېگىنى مۇۋاپىق ئەمەس. «ئەمدى ئۆزۈڭلار تارتىڭلا» دېگىنىمۇ يالغان. ئۇنىڭ ھەممىنى ئىتتىرىپ قويۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تارتقۇلۇقنى نۇرمۇھەممەت توختى تارتسا قاراپمۇ تۇرالمايتتى. ئۇ پەقەت ئەشۇنداق چاقچاق قىلغان. ۋەھالەنكى، ئەمدى مانا كېسەللىكنى ئىتتىرىپ بېرەلىسىچۇ، نۇرمۇھەممەت توختى ئەشۇ كېسەللىك ئازابىنىڭ يېرىمىنى تارتىشىپ بېرەلىسىچۇ؟ بۇنىڭغا مۇمكىن بولغان بولسا، نۇرمۇھەممەت توختى جان دەپ رازى بولغان بولاتتى. . .

نۇرمۇھەممەت توختى شائىرنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۈن-تىنسىز ئولتۇراتتى. كۆزلىرى ياش يۇقى ئىدى. شائىرنىڭ ھويلىسىدا سانجاق-سانجاق تۇرۇشۇپ كەتكەن دوستلارنىڭ كۆزلىرىمۇ ياش يۇقى ئىدى. كىشىلەر ئىچىدە - قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ئۈن-تىنسىز يىغلىشاتتى. مۇدھىش كېسەل شائىرنى بىۋاقىت ئەكېتەرمۇ؟ ئەمدى بىچارە، كاج تەلەي خوتەن دېھقانلىرىنىڭ يىغىسىنى كىم يىغلايدۇ؟ ھەممە شۇنداق ئويلايتتى. شائىرنىڭ يېنىدىن كېتىشكە، كېسەل شائىر بىلەن خوشلىشىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايتتى. شائىرنىڭ باللىقتىكى دوستى، تېۋىپ ئابابەكرى راخمان كىشىلەرگە نەسىھەت قىلدى:

– ئاغىنىلەر، قايتىڭلار، قايتىپ تۇرۇڭلار، شائىر دەم ئالسۇن، بىز ھەممىمىز قاراپ تۇرۇۋالساق ئۇ ئارام ئالالمايدىكەن، قايتىڭلار. . .

كۆپ ھەيدەشلەردىن كېيىن كىشىلەر شائىر بىلەن خوشلىشىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ خوشلىشىشلىرى خۇددى ۋىدالىشىشقا ئوخشاش قايغۇلۇق ئىدى.

شۇ كۈنى كەچكە يېقىن شائىرنى يەنە ئاغرىق تۇتتى. ئۇ ۋايجانلاپ تىنچ ياتالمىدى. شائىر خانىم نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ قۇلىقىغا: «ئەتىگەن يېگۈزگەن ئاغرىق پەسەيتكۈچنىڭ تەسىرى كەتكەن چېغى» دەپ پىچىرلىدى. شائىرنىڭ غەربچە داۋالايدىغان دوختۇر ئاغىنىلىرى بىلەن تېۋىپ ئاغىنىلىرى داۋالاش لايىھىسى ئۈستىدە پىكىرلەشتى. ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى ئابلىكىم ھاجىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئەمدى غەربچە تىبابەتنىڭ ئاغرىق توختىتىشتىن ئۆزگە ئامالى يوق ئىكەن. ئۇيغۇر تېۋىپى: «بىز داۋالاپ كۆرەيلى، دورىنى بىز بېرىمىز، شىپالىقنى ئاللا بېرىدۇ» دېدى. كېسەلنى داۋالاشقا ئابابەكرى راخمان مەسئۇل بولىدىغان، دوختۇر ئاغىنىلەر بولسا ھەردائىم ياردەمگە تەييار تۇرىدىغان بولدى. يەنىلا قان ۋە سۇيدۈكنى دائىم تەكشۈرۈپ-كۆزىتىپ تۇرۇش، زۆرۈر بولغاندا قۇۋۋەت ئوكۇللىرىنى ئاسما قىلىش، ئاغرىق پەسەيتكۈچى ئۆتكۈر تابلېتكىلار تەسىر قىلمايدىغان دەرىجىگە يەتكەندە «دۆلەنتىڭ» دېگەن ئەپيۇن تەركىبلىك ئوكۇلنى ئۇرۇش زۆرۈر ئىدى. بۇلار دوختۇرلارسىز ئەمەلگە ئاشمايتتى.

مۆجىزە دېگەنلىك - يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى يوق ئىشنىڭ روياپقا چىقىشىنى كۆرسىتىدۇ. «ئەگەر شائىر مۇشۇ كېسەلدىن ساقىيىپ كەتسە، ئاجايىپ مۆجىزە بولاتتى» دېيىشەتتى كىشىلەر. نۇرمۇھەممەت توختى چۈشەندى: ئۇلار ئەمدى شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدا مۆجىزە يۈز بېرىشىنى كۈتىدىكەن. مۆجىزە يۈز بېرىشىنى تىلەيدىكەن. نېمىدېگەن بىچارىلىك! بۇ بىچارىلىك كۆپرەك مېدىتسىنا ۋە تېبابەتكە تەئەللۇق. ياراتقۇچى بەندىسىنى كۆپ ئىشلارغا بىچارە ياراتقان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق بىچارىلىكتىن ھېچكىم ۋە ھېچ ساھە قېچىپ قۇتۇلالماسلىقى مۇمكىن. لېكىن ئۇ چارىسىزمۇ قويمىغان. پەقەت چارىلەرنى يوشۇرۇپ قويغان شۇ. بەندىلىرىنى ھۇرۇنلۇشۇپ تەييارتاپ بوپقالمىسۇن، ئۆزىگە لازىمىنى ئەقىل ئىشلىتىپ تېپىپ بەھرىمەن بولسۇن دېگەن، خالاس. ئۆزىمىزگە لازىم كۆپ چارىلەرنى تېخى تاپالمىغانىكەنمىز، كىچىككىنە نەتىجە بىلەن پەشتاققا چىقىپ ناغرا چېلىشنى كىم قويۇپتۇ بىزگە!؟ ئەمدى مانا، دېھقان كۈيچىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاجايىپ ئوتلۇق شائىرىنى كېسەلدىن قۇتقۇزۇدىغان چاغدا بىچارىلىكىمىز ئاشكارىلىنىپ قالدى. ئاھ، بىچارىلىك! ۋاي بىچارىلەر. . .

ئاخشامدا شائىر دوختۇر، تېۋىپ ئاغىنىلىرىنىمۇ، نۇرمۇھەممەت توختىنىمۇ «قايتىپ كېتىڭلار» دەپ تۇرۇۋالدى. «سىلەر قاراپ ئولتۇرساڭلار مەن خالىغانچە ۋايجانلىيالمايدىكەنمەن، خالىغانچە ئىنجىقلاپ، خالىغانچە ئىڭرىيالمايدىكەنمەن. خالىغانچە دومىلىشىم ئۈچۈن ئۆيدە يالغۇز قالاي» دېدى. نۇرمۇھەممەت توختى: «سىلىنى داۋالىتىش قولۇمدىن كەلمىسىمۇ يېنىڭلىدا قونۇپ ھالىڭلىدىن خەۋەر ئالاي» دېگەنتى، شائىر يەنىلا ئۇنىمىدى. شائىر يالغۇز قالمايتتى. خوتۇن-بالىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ دوستلىرى قىيمىغان ھالدا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. بىچارە شائىر كېچىنى قانداق ئۆتكۈزەر؟

مۇشۇ بىر كۈن ئىچىدە نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ يۈرىكى يىغلاپلا تۇردى، لېكىن يىغىسىنى سىرتقا چىقىرالمىدى، كۆز ياشلىرىنى ئاشكارىلىيالمىدى. ئۇ كەچتە ئۆيىگە يېنىپ چىققاندىلا، بالا-چاقىلىرىنىڭ ئالدىدا بوقۇلداپ يىغلىۋەتتى. . .

## 2001-يىل 21-ئاپرېلدا يېزىلغان خاتىرە

شائىرنى ئۈرۈمچىدىن قايتۇرۇپ كەلگىلى ئالتە كۈن بولدى. مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە شائىرنىڭ ئەھۋالى تۇراقسىز بولدى. ھېلى ياخشىلىنىپ قالغاندەك، ھېلى ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. قاتتىق ئاغرىق تۇتقان چاغلاردا ئۆتكۈر ئاغرىق پەسەيتكۈچ دورىلار يېگۈزۈلەتتى. دورا قېپىغا

«12سائەت تەسىر كۆرسىتىدۇ»، «24سائەت ئاغرىق پەسەيتىدۇ» دەپ يېزىلغان ئەشۇ دورىلار ئاران ئىككى - ئۈچ سائەتلا تىنچلاندۇراتتى. ئاشۇ ئىككى-ئۈچ سائەت تىنچلاندۇرغان چاغلاردا، شائىرنىڭ بەدىنى خۇددى ئۆرۈك ئالا قۇرتى چېقىۋالغاندەك قىچىشىپ كېتەتتى. شائىرنىڭ قولى، شائىر خانىمنىڭ قولى، شائىر پەرزەنتلىرىنىڭ قولى قاشلاپ ئۈلگۈرمەيتتى. يۇقۇملۇق قىچىشقاقتەك قاشلىغانسېرى يەنىمۇ بەكرەك، يەنىمۇ شېرىن قىچىشاتتى. قاشلىغانغا ئۆتمەيتتى. شائىر: «چىمداڭلار، چىمداپ ئۈزۈۋېلىڭلار!» دەپ تەلەپ قىلاتتى. ياخشىلىنىش دېگىنىمىز شۇ ئىدىكى، شائىر 16-ئاپرېل كۈنى ئازراق تاماق يېدى. 17-ئاپرېل تاڭ ئاتار كېچە چوڭ تاھارىتى يۈرۈشتى. پۈتۈن بىر كۈندۈز تىنچلاندى. ئاغرىق يوق ئىدى. ئۆزىنى ساق كىشىدەك ھېس قىلاتتى. تېۋىپ ياسىغان سېرىقلىق ياندۇرغۇچى دورىلارنى ئىچىپ تۇردى. يوقلاپ كەلگەن ئۆز ئىدارىسىدىكىلەرنى «مېنى يېزىلارغا ئاپىرىپ كېلىڭلار» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ يېشىللىقىغا پۈركەنگەن داللىلارنى، ئۆزى غېمىنى قىلىپ يۈرىدىغان دېھقانلارنى كۆرگۈسى كەلگەندەك قىلاتتى. ئىدارىدىكىلەر رەت قىلالماي شائىرنى كېيىندۈرۈپ لاسكوي يېزىسىنىڭ ئېتىزلىرىغا ئاپاردى. فوتوگراف ئابدۇللا ئۆمەر ئېتىزلاردا، دېھقانلارنىڭ ئارىسىدا شائىرنى سۈرەتكە تارتتى. شائىر ئەزىز يۇرتىنىڭ گۈزەل داللىرىنى، ئۆزى كۆيلىگەن دېھقانلارنى كۆرۈپ جانلىنىپ قالدى. لېكىن شۇ ئاخشام ئۇنى قاتتىق ئاغرىق تۇتتى. 12 سائەت تەسىر قىلىدىغان تابلېتكا تۈگىگەنىدى. تېۋىپ ياسىغان دورىلار يېگۈزۈلدى. شائىر كېچىچە ئاغرىق ئازابى تارتىپ چىقتى.

18-ئاپرېل ئەتىگەندە بېيجىڭدىن - دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەتتىن تېلېفون كەلدى. ھال سورىدى. كەچتە شائىرنىڭ بېيجىڭدا ئىشلەۋاتقان ئوغلى مۇھەممەتجان يېتىپ كەلدى. ئۇنى كومىسسار بىلەن خوتەن شەھىرىنىڭ باشلىقى ئۆتكۈر ئالىم، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ھېسامىددىن ئەزىزىيلەر «ئاتاڭ ساقىيىپ بوپقالغانمىش، كۆرۈپ كەل» دەپ يولغا سېلىشىپتۇ.

20-ئاپرېل. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى ئابدۇۋەلى ئەلىۋە جېلىل مۇھەممەتلەردىن تېلېفون كەلدى. ئۇلار شائىرنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدە يېزىلغان ماكرو ئەدەبىي ئاخبارات «خوتەن دېھقانلىرى ۋە روزى سايىت»نى نەشرگە تەييارلاۋاتقانىكەن. شائىرنىڭ دېھقانلار بىلەن چۈشكەن سۈرەتلىرىدىن قىستۇرما بېرىش ئويى بارئىكەن. شائىر نۇرمۇھەممەت توختى بىلەن بىللە ئالبومدىن سۈرەت تاللىدى. ئەھۋالى ياخشى ئىدى. ئۇلار كونا سۈرەتلەرنى كۆرۈشتى. ئىككىسى بۇنىڭدىن يىگىرمە توققۇز يىل بۇرۇن، يەنى 1972-يىلى 22-ئىيۇندا ئورۇق - ياداڭغۇ ھالەتتە، ۋەيرانە كىيىملەر بىلەن چۈشكەن سۈرىتىنى كۆرۈپ بىرھازا ئۆتمۈش ئەستىلىكلىرىگە غەرق بولۇشتى. شۇ كۈنى ئاخشامدا شائىرنى يەنە دەھشەتلىك ئاغرىق تۇتتى. نېمىشقىدۇر كېسەللىك ئۇنىڭغا تولاراق كەچ - كېچە تەرەپتە ئازاب سالاتتى. شائىر: «ۋايجان، ۋايجان، ۋايجان!...» دەپ توختىماي ئىڭرايتتى. ھېلى ئۇياققا - ھېلى بۇياققا تاشلىناتتى. يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدىن قاتتىق گىلەم ئۈستىگە چۈشۈۋالاتتى. يېنىدا تۇرغانلار تەڭلىكتە قالدى. ئۆتكۈر ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلاردىن ئەپيۇن تەركىبلىك «مافىي» دېگەن دورا بار ئىدى. شائىر خانىم: «دوختۇرلار بۇنى ئىلاجى بار يېگۈزمەڭلار دېگەن» دېدى. شائىر ئاچچىقلاپ چېچىلدى: «مەن قىينىلىۋاتسام، سىز نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانسىز؟». «مافىي»دىن بىر تابلېتكا يېگۈزۈلدى. يېرىم سائەت ئۆتتى، تەسىرى كۆرۈلمىدى. شائىر بولسا ئازابتىن قىينىلاتتى. تېۋىپ ئابابەكرى راخمان بىلەن ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى ئابلىكىم ھاجىم چاقىرىپ كېلىندى. دوختۇر: «ۋەزىپىمىز ئىلاجى بار شائىرنىڭ ئاغرىق ئازابىنى يەڭگىللىتىش بولسۇن. ‹مافىي›دىن يەنە بىر تابلېتكا يېگۈزەيلى» دېدى. تېۋىپ قوشۇلدى. يەنە بىر تابلېتكا يېگۈزۈلدى. بىرەر سائەتلەر ئۆتكەندىن كېيىن شائىر ئاستا-ئاستا تىنچلىنىپ قالدى...

شائىر ئۆتكۈر ئاغرىق پەسەيتكۈچلەرنى يەپ تىنچلىنىپ قالغان چاغلاردا پاراڭ قىلاتتى. ئۇ ئۆمرىدىكى ئەل-يارانلىرىدىن بەكلا رازى بولغاندەك قىلاتتى. ئۆزلىرى يوقلاپ كېلىپ-كېتىپ تۇرغانلارنى تىلغا ئالاتتى. شائىر خانىم بولسا تاكى شائىر قاپىقىنى تۈرگىچە ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي قوشۇمچە قىلاتتى. ئۇ، شائىرنىڭ دوستلىرىدىنلا ئەمەس ئۆمرىدىكى يازغۇچى - شائىرلاردىنمۇ بەك رازى بوپتۇ. ئۇنىڭغا مۇھەممەت شاۋۇدۇن ئاكا بەك يېقىپتۇ. «گېپى بەك ئۆز ئادەمكەن» دېدى. يالقۇن روزىنىڭ ھەركۈنى ئىسسىق تاماق ئەتتۇرۇپ كەلگەنلىكىدىن تەسىرلىنىپتۇ: «ئۆز ئىنىسىدەك خەۋەر ئالدى» دېدى. ئۇ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئابدۇراخمان ئەبەي، قۇربان مامۇتلارنىڭ غەمخورلۇقىدىن رازى بوپتۇ. شائىر خانىمنىڭ يوقلاپ كەلگەن ھەممە كىشىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغۇسى كېلەتتى، لېكىن كۆپلىرىنىڭ ئىسمىنى بىلمەيتتى. سۈرەتلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ «ماۋۇ، ماۋۇ ئادەم...» دەيتتى. نېمىشقىدۇر ئەشۇ دوختۇرخانىدا، مېھمانخانىدا فوتو ئاپپارات تەل بولۇپ تۇرغانمۇ، ياكى دوستلار ئۆزلىرى كۆتۈرۈپ كەلگەنمۇ كۆپلەر بىلەن خاتىرە قالدۇرۇلغانىدى. شائىرنىڭ خوتەندىكى دوستلىرى ئەشۇ سۈرەتلەرنى كۆرۈپ ئۆمرىدىكى دىلىخانلىقلارنى كۆز ئالدىلىرىغا كەلتۈرەتتى. شائىر دوختۇرخانىدىن ئايرىلىپ مېھمانخانا ياتىقىدا تۇرۇۋاتقان ئۈچ كۈندە يوقلاشلار ئەۋجىگە چىقىپتۇ. كېلىپ - كېتىۋاتقانلارنىڭ كۆپلىكىدىن شائىر دەم ئېلىشقا ئامالسىز قاپتۇ. ئاخىرى مۇئاۋىن رەئىس غوپۇر ئابدۇللا شائىرنىڭ قېشىغا ئادەم كىرگۈزمەسلىكنى، كىرگەنلەرنىڭمۇ ئۈچ مىنۇتتىن ئارتۇق تۇرماسلىقىنى ئورۇنلاشتۇرغانمىش.

كۆپلىگەن يوقلىغۇچىلار شائىر بىلەن ئەسرار بولالمىغانمىش. شائىرنىڭ كېسىلى توغرىسىدىكى دىئاگنوز ئەشۇنداق بولغاچقا، بەلكىم كۆپلەر يوقلىغىلى ئەمەس ۋىدالاشقىلى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولاتتى. كېيىنرەك شائىر ئەشۇ دىدارلىشالمىغانلار ئىچىدە پېشقەدەم شائىر مۇھەممەت رېھىم ئاكىنىڭمۇ بارلىقىنى، كۆرۈشەلمەي قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇ زات بىلەن ۋىدالىشالمىغانلىقىغا كۆپ ھەسرەت چەكتى...

شائىر خانىم ئۈرۈمچىلىكلەرنىڭ قىزغىنلىقلىرىغا قايىل بولغانىدى. گەپ-سۆزلىرىدىن رەھمەت-ھەشقاللا ئۇرغۇپ تۇراتتى. لېكىن ئۈرۈمچىلىكلەرنىڭ شائىرغا بولغان كۆڭۈل بۆلۈشى تېخى ئاخىرلاشمىغانىكەن. مۇشۇ تۆت-بەش كۈن ئىچىدە ئۇلار ئۈزۈلمەي تېلېفون بېرىپ ھال سوراپ تۇردى. ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئابدۇراخمان ئەبەي، قۇربان مامۇت، يالقۇن روزى، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ھەببۇللا مۇھەممەت، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى مامۇت زايىتلار تېلېفون بەردى. تېلېفونلارنى شائىر خانىم ياكى نۇرمۇھەممەت توختى ئالاتتى. بەزىلەر ئەنسىزلىنىپ شائىرنىڭ ئۆيىگە بىۋاسىتە تېلېفون قىلىشقا پېتىنالماي نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلاتتى. مۇشۇ كۈنلەردە شائىرنى يوقلاش نۆۋىتى ئەمدى خوتەنلىكلەرگە كەلگەنىدى. شائىرنىڭ دوستلىرى كەتمەي دېگۈدەك يېنىدا تۇرۇشتى. تونۇش-بىلىشلەر، قولۇم-قوشنىلار ئۈزۈلمەي يوقلاپ كېلىشەتتى. پۈتكۈل ئىلچى ئۇنىڭ قوشنىسى ئىدى. ئىدارە-ئىدارىلەردىن، مەكتەپلەردىن، زاۋۇتلاردىن كېلىشەتتى. پېشقەدەملەر، چوڭلار، ياشلار، ئوقۇغۇچىلار كېلىشەتتى. شائىرنى كۆرەتتى ۋە كۆڭۈللىرى بۇزۇلغان، تەقدىرى قىسمەتتىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا قايتىشاتتى. ئۇلارغا قىسمەت ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ داڭلىق شائىرىنى ئەكېتىۋاتقاندەك، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

دوختۇرلار، تېۋىپلار، دورىگەرلەر كېلىشەتتى. خوتەن ۋالىيسى ئۆمەر ئابدۇللا ھەرقايسى دوختۇرخانىلارغا شائىر ئۈچۈن كېسەللىك تارىخى تۇرغۇزۇپ، زۆرۈر بولغان دورىلارنى يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ھەممە-ھەممە كىشى شائىرغا كۆڭۈل بۆلەتتى. شائىرنىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى ئورۇندايتتى. خوتەن ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا كومىتېتى شائىرنىڭ خوتەن شېۋىلىرى لۇغىتى ئۈچۈن راسخوت ئاجرىتىپ بەردى. خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىنىڭ باشلىقى ئابدۇقادىر تۇرسۇن ئىدارىنىڭ پىكاپىنى ھەردائىم شائىر ئۈچۈن تەييار تۇرغۇزدى. تۇرسۇنجان ئۇنىڭغا «بەيدەنبەي» دېگەن قىممەت باھالىق ئوكۇلنى ھەقسىز يەتكۈزۈپ بەردى. شائىرغا ياردەم قولىنى سوزۇشتا يىراق قەشقەر، يىراق چىرا تاغلىرىمۇ ھەرىكەتكە كەلگەنىدى. شۇ كۈنلەردە شائىرغا ياساۋاتقان دورا ئۈچۈن پىستە يېغى لازىم بوپقالدى. خوتەندىن تېپىلمىدى. نۇرمۇھەممەت توختى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئىشلەيدىغان ساۋاقدىشى مۇختار سەيدۇللاغا تېلېفون قىلدى. قەشقەر بۇ ئىشقا بەكمۇ جىددىي مۇئامىلە قىلدى. ئەتىسى تاڭدىلا يېتەرلىك پىستە كېچىلىك ئاپتوۋۇز بىلەن خوتەنگە يېتىپ كەلدى. باشقا كېرەكلىك دورىلارنى بولسا شائىرنىڭ دوستى قەييۇمجان ئاللىقاچان ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتىپ بولغانىدى. شائىرنىڭ دائىملىق ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن ئۆتكۈر يەل ھەيدىگۈچى يېمەكلىك ئارپا لازىم بوپقالدى. ئۆلكىدە ئارپا تېرىلمايدىغان بولغىلى ئۇزۇن يىللار بولغانىدى. ئارپا ئۈچۈن يىراق تاغ-نورى، چاقار، بوستان دېگەن يەرلەرگە تېلېفون بېرىلدى. ئەشۇ كەم تېپىلىدىغان نەرسە شۇ يەرلەردە بار ئىكەن، دەرھال ئەۋەتىپ بېرىلدى. دوستلار شائىرغا ئىچۈرۈش ئۈچۈن تۆگە سۈتى ئىزدەشكە كىرىشتى...

سىرتتىن قارىغان ئادەمگە شائىرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پۈتكۈل خەلق ھەرىكەتكە كەلگەندەك، ھەممە كىشى ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سوزۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. «مافىي»نىڭ كۈچلۈك تەسىرىدە ئاغرىقتىن ۋاقىتلىق خالاس بولغان شائىر بولسا توختىماي قاشلىناتتى. پۈتۈن بەدىنى تولا قاشلاشتىن زېدە-يارا بوپكەتكەنىدى. «مافىي»نىڭ تەسىرى كەتكەن ھامان يەنە ۋايجانلاشقا چۈشەتتى. ئازابى باشلىناتتى. «مافىي» يەنە يېگۈزۈلەتتى. باشقا تېبابەتچىلىك دورىلىرىمۇ يېگۈزۈلەتتى. تېۋىپ ئابابەكرى راخمان تەييارلىغان ئاچچىق-قىرتاق جۇلاپلار، شەربەتلەر، مەجۇنلەر ئىچۈرۈلەتتى. شائىر ھۆ بولۇپ، سەسكىنىپ تۇرۇپ ئىچەتتى. ياندۇراتتى ۋە يەنە ئىچەتتى. ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە ھەممىدىن بەكرەك قىچىشىش بىلەن پۇراقنىڭ ئازابىنى تارتقان بولۇشى مۇمكىن. پۇراش سېزىمى زىيادە ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەنىدى. بۇرنىغا ھەممە نەرسە سېسىق پۇرايتتى. قىچىشىش ئازابى ئۇنىڭدىنمۇ بەك ئىدى. شائىر بىر كۈنى تىنچلانغاندا «ئەگەر ساقىيىپ قولۇمغا قايتا قەلەم ئالسام، تۇنجى قېتىم قىچىشىش ھەققىدە شېئىر يازىمەن» دېدى. نۇرمۇھەممەت توختى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇرىماقچى بولۇپ: «پەقەت بەدىنىڭلا قىچىشامدۇ...» دەپ سۆز قاتتى. شائىر مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە تۇنجى قېتىم كۈلۈمسىرىدى. ئۇ، ئاغىنىسىنىڭ چاقچىقىنى چۈشەنگەنىدى...

21-ئاپرېل. شائىر ئەتىگەندىلا ھويلىدىكى سۇپىغا چىقىپ ياتتى. 2-ئاپرېل كېچە چىققان بوراندىن كېيىن، مۇشۇ يىگىرمە كۈن ئىچىدە قۇياش تۇنجى قېتىم ئالتۇن نۇرلىرىنى چېچىپ چىققانىدى. ھاۋانىڭ ئېچىلىشى شائىرغا ياققاندەك تۇراتتى. ئاغرىق توختىغانىدى.

سائەت ئونلارغا يېقىن 300 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى نىيا ناھىيىسىدىن شائىر مەتقاسىم مەتنىياز خانىمى ۋە مەتقاسىم ئابدۇللا قاتارلىقلار بىلەن شائىرنى يوقلاپ كەلدى. مەتقاسىم مەتنىيازنى كۆرۈپ بىمارنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. فوتوگراف ئابدۇللا ئۆمەر، باش كاتىپ مۇھەممەت چاۋارلار كەلدى. ئۇلار بىلەن سۈرەتكە چۈشۈشتى.

سۈرەتكە چۈشۈۋاتقان چاغدا شائىرنىڭ دېھقان چاغدىكى كەتمەنداشلىرى ـ مەمتىمىن قۇربان ھاجىم، ئىمىن توختى ھاجىم، شاكىر ھاجىملار كەلدى. شائىرنىڭ ئەھۋالى ياخشىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن چىرايى يەنىلا زەپىرەڭدەك سېرىق، ياداڭغۇ ئىدى. ئىمىن توختى ھاجىم شائىرنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ يىغلاپ سالدى. كۆزلىرىدىن ياش دوملاپ چۈشتى. خۇداغا شۈكرى، شائىر بۇ ئاغىنىسىنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرمەي قالدى. ئەگەر كۆرگەن بولسا ئۇنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلغان بولاتتى...

شائىر ھاۋانىڭ ئوچۇقلۇقىنى كۆرۈپ: «بۈگۈن ھاۋا ياخشىكەن، سۈرەتكە چۈشۈشكە تازا باپكەن، يېزىغا چىقىپ سۈرەتكە چۈشەيلى» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ، «خوتەن دېھقانلىرى ۋە روزى سايىت» دېگەن كىتاب ئۈچۈن يەنە سۈرەت تولۇقلاشنى ئويلايتتى. ئاغىنىلىرى «تەسىنىپ ئۈزۈلۈپ قالىسىلە، بار سۈرەتلەرمۇ بولىدىغۇ» دەپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ ئۇنىمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنى ماشىنا بىلەن تۇساللىغا ئاپىرىشقا توغرا كەلدى. تۇساللىنىڭ جامادار تەرىپىدىكى «كۆك گۈمبەز» كەنتى 5-مەھەللىدىكى ئەمدىلا يالتىراقتىن تېشىپ چىققان كېۋەز مايسىلىرىنى پەرۋىش قىلىۋاتقان ئىمىن قۇربان قاتارلىق دېھقانلار بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشتى. كېيىن ئۇقساق ئىمىن قۇربان بوۋاي 30 يىلدەك سېكرېتار بولغان كونا پارتىيە ئەزاسى ئىكەن. شائىر سېكرېتار دېگەنلەرنى ئانچە ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتى. ئۇلارنى دېھقانلارغا زۇلۇم سالىدۇ، دەپ ئويلايتتى. مانا كۆرۈڭ، ئىزدەپ-سوراپ سۈرەتكە چۈشۈشكە يەنە ئەشۇنداقلارنى تېپىپتۇ. تەقدىر-قىسمەت دېگەن شۇ...

شائىرنى كەچكە يېقىن ئاغرىق تۇتتى. يەنە «مافىي» دىن يېگۈزۈشكە توغرا كەلدى...

## 23. ئاپرېل

شائىر تىنچ، پەقەت قاشلىنىدۇ. قاشلىنىدۇ...

سائەت ئونلارغا يېقىن خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇدىرى ئابلەت قۇربان (شائىرنىڭ تولۇقسىزدىكى ساۋاقدىشى) شۇ مەكتەپتىكى ئون نەچچە شائىر-يازغۇچىنى، سۈرەت ۋە سىنئالغۇغا تارتقۇچىلارنى باشلاپ كىرىپ شائىرنى يوقلىدى، سۈرەتكە چۈشتى، سىنئالغۇغا ئالدى. يىراق بالىلىق چاغلىرىدىكى چاقچاقلارنى قىلىشتى...

بۈگۈن شائىرنىڭ مەتقاسىم ئەكرەم ھاجىم، مەتتوختى ئەخمەت قاتارلىق دوستلىرى شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى رەتلەش، توپلاش، تىزىملاشقا كىرىشتى. شائىر كۆپلىگەن شېئىرلىرىنى ھەرقايسى شائىرلارنىڭ شېئىر توپلاملىرىنىڭ ئىچكى بەتلىرىگە، تىتوللىرىغا يازغانىكەن، ئالدى بىلەن شۇلارنى كۆچۈرۈش باشلاندى. نۇرمۇھەممەت توختى شائىرنىڭ شەخسىي ئارخىپىنى ئاختۇرۇپ ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى ئارگىناللىرىنى تېپىشقا تۇتۇش قىلدى. شائىرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۇلارنىڭ قولى ئىشقا بارمايتتى. لېكىن ئەسەرلەرنى رەتلىمەيمۇ بولمايتتى...

## 26. ئاپرېل

شائىر ئاغرىق ئازابى تارتىدۇ، قاشلىنىدۇ، تاتىلىنىدۇ. پۈتكۈل بەدىنى زەھەر-يارا بوپكەتتى. ئورۇقلاپ-ئاجىزلاپ كەتتى. ئۈرۈمچىدىن كەلگىنىگە، تېۋىپ ئابابەكرى راخماننىڭ دورىلىرىنى يەۋاتقىنىغا ئون كۈن بولدى، سېرىقلىق قايتمىدى، ياخشىلىنىش كۆرۈلمىدى. ئۇ بەكمۇ ھالسىزلىنىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۆلۈشكۈن ـ 24-ئاپرېل شائىر كۈنبويى ئاغرىق ئازابى تارتتى. ئىلاج بولماي ئاخىرى يەنىلا «مافىي» دىن ئىككىنى يېگۈزۈشكە مەجبۇر بولدۇق. بىرەر سائەتلەردىن كېيىن شائىر سەل تىنچلاندى. كەچ سائەت ئون يېرىم بولاي دەپ قالغانىدى. ئۇ: «ئەگەر بىرەر كىم ساناپ كۆرگەن بولسا، بۈگۈن 30 مىڭ قېتىمدىن كۆپرەك ۋايجانلىغانلىقىمنى بىلگەن بولاتتى» دېدى. يەنە بىردەم تۇرۇپ «خۇددى قورسىقىمغا XX (ئۇ مەلۇم بىرسىنىڭ ئىسمىنى دېدى) كىرىۋالغاندەك پۈتۈن بىر كۈن يۇقىرى بېسىملىق ھالەتنى ساقلاپ چىقتى» دېدى. كېسەل دېگەن ئاجايىپ تۇيغۇكەن. ئادەم پسىخىكىسىنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىكەن. شائىر چېچىلغاق-ئاچچىقلىغاق بوپقالغانىدى. خوتۇنى گەپ قىلسىلا ئاچچىقلاپ قېقىۋېتەتتى. بالىلىرى ۋە تۇغقانلىرى بەدەنلىرىنى چىڭ قاشلىمىسا تېرىكەتتى.

## 25. ئاپرېل

شائىرنى ئاغرىق تۇتمىدى. «مافىي» نىڭ تەسىرى تېخىچە ساقلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. شائىرغا قۇۋۋەت ئوكۇللىرى ئاسما قىلىپ سېلىندى. ئاسما ئوكۇل بىر تامچە بىر تامچىدىن تامچىلايتتى. شائىر بەدەنلىرىنى قاشلاپ ئىنجىقلايتتى...

شائىر: «نۇرمۇھەممەت توختىغا گېپىم بار، باشقىلىرىڭلار چىقىپ تۇرۇڭلار» دېدى. شائىر خانىمنىڭ تۇغقانلىرى ئاستا-ئاستا سۆرۈلۈپ سىرتقا مېڭىشتى. شائىر خانىم مىدىرلىمىدى. ئۇ شۇ كۈنلەردە نېمىشقىدۇر شائىرنى باشقا ئايالدىن بولغان قىزى جۈملىدىن شائىرنىڭ ئۆز سىڭلىسى ۋە ئاغىنە-يارانلىرى بىلەن يالغۇز قالدۇرۇشنى خالىمايۋاتقاندەك قىلاتتى. نېمىدىندۇر ئەنسىرىگەندەك قىلاتتى. شائىر ئۇنىڭ مىدىرلىمىغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە چېچىلدى. «كۆزۈمگە كىرىشىۋالماڭا مۇنچە» دەپ ۋارقىرىدى. شۇندىن كېيىنلا شائىر خانىم قېيداپ، چىرايىنىھىڭ چىشلەپ سالغاندەك پۈرۈشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئىككى ئاغىنە ئۇزۇنغىچە جىمىدە بوپقېلىشتى. شائىر ئاچچىقلانغىنىدىن پۇشايمان قىلغان بولۇشى مۇمكىن. نۇرمۇھەممەت توختى بولسا، شائىرنىڭ خانىمىغا قىلغان قوپاللىقىدىن بىئەپ ھېس قىلىپ قالغانىدى. ئۇ ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى:

ـ ئۇنچىۋالا قوپاللىق قىلىپ كەتمەڭلا، بالىلىرىڭلىنىڭ ئانىسى ئەمەسمۇ، ھەرھالدا بولسىمۇ سىلىدىن خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ. كۆڭلىنى ئاغرىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق...

ـ بىلىمەن، ئۇنىڭ مېنى نېمىدىن قورۇۋاتقانلىقىنى بىلىمەن، ـ دېدى شائىر.

ئۇلار يەنە جىم بوپقېلىشتى. بىر ھازادىن

كېيىن شائىر ئېغىز ئاچتى:

— بۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنى ئەڭ بولمىغاندىمۇ بەش-ئالتەئاي ئۆمۈر كۆرىدۇ، دەپ ئاڭلىغانتىم. مەن بەكلا تېز كەتكىلىۋاتىمەن، بەك تېز بوپكەتتى، — دېدى ئۇ ھەسرەت بىلەن.

— نېمە دېگىنىڭلا بۇ، سىلە ھېچقانداق ئېغىر كېسەل ئەمەس، ئۆپكىگە سۇ چۈشكەن شۇ... — دېدى نۇرمۇھەممەت توختى. ئۇ، ھودۇقۇپ كەتكەنىدى. شائىرنىڭ ئۆز كېسىلى توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. ئۇ، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ تولۇقلىدى، — دوختۇرخانىدا سالغان ئوكۇللار جىگەرگە ئازراق يامان تەسىر بېرىپتۇ، سېرىقلىق شۇنىڭدىن.

— ماڭا ھېچكىم دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. سىلە بولساڭلىمۇ مەندىن يوشۇرماڭلا، مەن نېمە كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىمنى پەرەز قىلىپ بولدۇم، — دېدى شائىر.

نۇرمۇھەممەت توختى يىغلاپ سالدى. ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى چىڭ يېپىپ تۇرۇپ يىغلىدى. شائىرنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئىككى ئاغىنە خېلى ئۇزۇنغىچە ئېسەدىشىپ يىغلاشتى...

شۇ كۈنى شائىر ئابابەكرى راخمان، مەتتىمىن قۇربان ھاجىم، نۇرمۇھەممەت توختى ئۈچ كىشىگە 1-قېتىم ۋەسىيەت قىلدى. ئۆي قايغۇغا، ھەسرەت-نادامەتكە، جۇدالىق دەردىگە چۆمگەنىدى. ۋەسىيەت ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبى پارە-پارە بولدى. دوستى كېتىۋاتسا، ۋەسىيەت ئېيتىۋاتسا ئۇلارغا قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟ كۆزلەردىن ياشلار دومىلايتتى. يۈرەكلەر سۇ-زەرداپ بوپكەتتى...

كېرىيەدىن مۇھەممەتئېيسا قۇربان شائىرنى يوقلاپ كەلگەنىدى. كېرىيە شائىرنىڭ كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. قارلۇقلارنىڭ ئەشۇ كېيىنكى ئەۋلادلىرى قايغۇغا چۆمۈپتۇ...

### 1-مايدىن 29-مايغىچە

مۇشۇ بىرقانچە كۈندىن بېرى شائىرنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش يوق. بەزىدە دەھشەتلىك ئاغرىق ئازابىدىن تاڭ بىدار ئاتسا، بەزىدە تىنچلىنىپ ياخشى بوپقالغاندەك بوپقالىدۇ. ئۇ قايسىبىر كۈنى كىچىك پەرزەنتلىرىگە: «ئون ئىككى مۇقامنى ئاڭلىغانمۇ؟ مەن ئەشۇنىڭ 1-مۇقامىمەن» دەپ چاقچاق قىپتۇ، باللار بۇنى چۈشەندىمۇ-يوق، ئەمما باللار بۇ گەپنى نۇرمۇھەممەت توختىغا دەپ بەرگەندە، نۇرمۇھەممەت توختى يەنە بىر قېتىم ياش تۆكتى... شائىر ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭرايتتى. كىمدۇر بىرى ئۇنىڭدىن «بەك قاتتىق ئاغرىمدۇ؟» دەپ سورىدى. شائىر بېشىنى ئىغاڭلاتتى. «قانداق ئاغرىيدۇ؟» دەپ سورىدى تېۋىپ. «بىلمەيمەن، قانداق ئاغرىيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما ھەممە يېرىم ئاغرىيدۇ» دېدى شائىر. شائىر خانىمنىڭ دېيىشىچە، شائىر ئۈچ-تۆت كۈندىن بېرى دورا يېگىلى ئۇنىماپتۇ. ئەشۇ بىر كۈنى قۇۋۋەت دورىلىرىنى ئاسما ئوكۇل قىلىپ سالغاندىمۇ، ئىككى كۈندىن كېيىنلا «ئەمدى سالماڭلار» دەپ رەت قىلغانىدى. مانا ئەمدى تېۋىپنىڭ دورىسىنىمۇ يېگىلى ئۇنىماپتۇ. يېمىسە قانداق بولىدۇ؟ قانداق ساقىيىدۇ؟ نۇرمۇھەممەت توختى شائىرنىڭ ياستۇقى ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ دورا يېيىش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. شائىر ئاغرىنغاندەك بولۇپ: «دورىنى يەپ بەرسەم بولامدۇ؟» دېدى ۋە خانىمىغا دورا ئەكېلىشىنى بۇيرىدى. ئۇ، شۇ كۈنلەردە تېۋىپنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە سېرىقلىق ياندۇرغۇچى دورىلارنى، تاھارەتنى راۋانلاشتۇرغۇچى دورىلارنى ئىچىۋاتاتتى. ئولتۇرۇلغان — كۈشتا قىلىنغان سىماپتىن ياسالغان دورىنى شائىرنىڭ بالىلىرى «كاتيۇشا» دەپ ئاتىۋالغانىدى. دورىلارنىڭ ئارىسىدا ئاق يىلان زەھىرىدىن، كىرپە گۆشىدىن، قىزىل قولتۇقلۇق پاقىدىن ۋە يەنە ئاللىنېمىلەردىن ياسالغان دورىلار بار ئىدى. شائىر خانىم ئەشۇ دورىلارنىڭ بىرسىنى ئەكەلدى. شائىر ئىچتى ۋە ھايالشمايلا «ھۆ» بولۇپ قۇستى. ئاچچىق-سېرىق زەرداپ سۇياندى. «ھۆ» شۇنداق دەھشەتلىك ئۆتتىكى، گويا شائىرنىڭ ئىچ-باغرى ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى. ھەممەيلەن قورقۇپ كەتتى. نۇرمۇھەممەت توختىمۇ دوستىنى دورا يېيىشكە قىستىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. شائىر خانىم بولسا «سۇ ياندى، دورا يانمىدى» دەپ ۋىچىرلايتتى. شائىر ئۆپكىسىنى سەل بېسىۋالغاندىن كېيىن: «ئىچىپ بەردىم، بولدىمۇ؟» دېدى. ئۇنىڭ سۆزىدە «مېنى قىينىماڭلار» دېگەن تەنە بۇخسۇپ تۇراتتى. ئەمما ئەشۇ «ھۆ» دىن كېيىن نېمىشقىدۇر شائىرنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ كەتكەندەك بوپقالدى. تېخى تۈنۈگۈن (30-ئاپرېل) بىر كۈن ساق ئادەمدەك پاراڭ قىلىپ ياتتى. شۇ كۈنى شائىرنىڭ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغاندىكى سىنىپ مۇدىرى ئابدۇخېلىل مۇئەللىم ۋە يەنە بىر ساۋاقدىشى يوقلاپ كەلدى. ئۇلار كېچىدە كەپتۇ. شائىر سىنىپ مۇدىرى ۋە ساۋاقدىشىنى كۆرۈپ بەكلا ھاياجانلاندى. دەسلەپ بۇلۇقلاپ يىغلىدى. كېيىن ئۇلار 26 يىل بۇرۇنقى قەشقەر ئەسلىمىلىرىگە چۈشۈپ كەتتى. شائىرنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك ئىدى... ئەسلىنىشىچە، روزاخۇن ئەسلى باشقا سىنىپقا تەقسىم قىلىنغانىكەن. ئابدۇخېلىل مۇئەللىم خوتەندە — ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا شۇ مەكتەپنىڭ تولۇقسىز سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان روزاخۇننى تونۇيدىكەن. شۇ سەۋەبتىن «مېنىڭ سىنىپىمغا كىرسە ئانچە-مۇنچە خەۋەر ئالارمەن» دەپ، ئۇنى ۋاھىدجان غوپۇر (قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ھازىرقى مۇئاۋىن مۇدىرى. — مۇھەررىردىن) غا تېگىشىپ ئۆز سىنىپىغا ئاپتۇ. ئەمما روزاخۇن يېشى چوڭلىغان بولسىمۇ تەنتەكلىكنى تاشلىمىغانىكەن. ئابدۇخېلىل مۇئەللىمنى ئۈچ يىل ئاۋارە قىپتۇ... ساۋاقداشلارنىڭ ئەھۋالى بىرمۇ بىر سۈرۈشتە قىلىندى. مۇئەللىملەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىندى. ئۇلار گويا 26 يىل بۇرۇنقى ئالىي مەكتەپكە قايتىشقان، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ۋاقىت ۋە ماكان ئۇقۇمى يوقالغانىدى...

بۈگۈن (1-ماي) شائىر ياخشى قوپتى. ئاغرىق يوق ئىدى، پەقەت قاشلىناتتى. شائىرنىڭ ئىككىنچى

قەۋەتتىكى ئۆيىدە شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى رەتلەش، كۆچۈرۈش ئەۋجىگە چىققانىدى. مەنقاسىم ئەكرەم ھاجىم، مەمتىمىن تۇردى، مەتتوختى ئەخمەت، ئابدۇللا مەمتىمىن، مەتكېرەم ئىسمائىل، ئابلىمىت سەمەتلەر ئىشلەيتتى. خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدىن بايرام مەزگىلىدە ئۆيىگە قايتمىغان مۇختار، ئەركىن قاتارلىق ئوقۇغۇچىلارمۇ ياردەمگە كەلگەنىدى. ئەسەرلەر كۆچۈرۈلەتتى. بۇرۇن نەشر قىلىنغان كىتابلاردىن سۆكۈپ چاپلىناتتى. شېئىرىيەتنىڭ ھەرقايسى شەكىللىرى ئاساسىدا رەتلىنەتتى. . .

سائەت 11لەردە ئىككى پىكاپ شائىرنىڭ رەڭدار دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئەزىزانە قەشقەردىن مېھمانلار شائىر دوستىنى يوقلاپ قەدەم تەشرىپ قىلىشقانىدى. ھۆرمەتلىك شائىرلاردىن ھاجى ئەخمەت ئاكا، تۇرسۇن نىيازئاكا، تاھىر تالىپ، ئابدۇلئەھەد ئىسمائىل، يالقۇنجان ئىسلام قاتارلىقلار كېلىشىپتۇ. ئۇلارنى ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەرىپەتپەرۋەر سودىگەر ئەسقەر ھاجىم ۋە ئۇنىڭ بىر نەۋرە تۇغقىنى ئىمپورت قىلىنغان ئېسىل پىكاپلىرىدا ئەكەپتۇ. . .

ئەزىزانە قەشقىرىم - ئادىمىگەرچىلىكنىڭ ۋولگىسى. ئەقىللىق قەشقەرىيلىرىم ادىمىگەرچىلىكنى ۋايىغا يەتكۈزگۈچىلەر. ئۇلار نوپاقتەك يوغان كۆك قوچقارنى ۋە قاسساپنى بىللە ئەكەپتۇ. شائىرنىڭ بوسۇغىسىدىلا شائىرنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن قان قىلىندى، شائىرنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن دۇئا قىلىندى. ئەڭ ئىزگۈ تىلەكلەر ئىزھار قىلىندى. . . شۇندىن كېيىنلا ئۇلار بوسۇغىدىن ئاتلىدى. شائىرنىڭ ھويلىسى يىغا-زار سورۇنىغا ئايلاندى. ئەزىز دوستلار ياش تۆكمەي كۆرۈشەلەيتتىمۇ؟ . . . ئەزىز قەشقەرىيلىرىمنىڭ قەلبى ئەڭ تاتلىق سۆزلەرنىڭ كانى. بۇغدايدەك ئېسىل، بۇغدايدەك پاك، بۇغداي نېنىدەك يۇمشاق سۆزلەر ئېقىن بولۇپ ئاقتى. شائىرنىڭ ۋۇجۇدى، ئاجىز يۈرىكى سەلكىن سوققان گۈل بەرگىدەك تىترەيتتى. «رەھمەت، رەھمەت، رەھمەت» دەيتتى ئۇ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ. ئۇ ئۈرۈمچىدىن كەلگەندىن بېرى تۇنجى قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆرە بولدى. شائىر دوستلىرى بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشتى. . .

قەشقەر شائىرنىڭ بىمارلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن بېرى قەلبى خوتەن ياققا تەلپۈنۈپتۇ. تۇمەن ۋە قىزىل نادامەتتە ھەريان تولغىنىپتۇ. ۋەسلى دىدار مۇلاقىتىگە تەشنا بوپتۇ. كۆز تەگكەن شائىر ھەسرىتىدە يۈرەكلىرى پارە بوپتۇ. . .

شائىر ھويلىدىكى سۇپىدا ئىدى. مېھمانلارمۇ سۇپىغىلا تەكلىپ قىلىندى. يەنە دۇئا قىلىندى. قايتا تىنچلىق-ئامانلىق سورىشىشلار، تىلەك تىلەشلەر باشلاندى. 500 كىلومېتىر يىراقلىقتىن قەدەم تەشرىپ قىلغان قەشقەر شائىرلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى قەدىمي شەھىرى مۇلاقەت بولغاندەك بولدى. ئىككى شەھەر سىردىشىۋاتاتتى.

- ھالىڭ نىچۇك قەدىنىسىم؟ - دەيتتى قەشقەر خوتەنگە قاراپ ۋە جاۋابسىزلا ھەممىنى بىلەتتى. بىمار شائىر تامغا يۆلىنىپ ھالسىز ئىنجىقلاپ ئولتۇراتتى. چىرايى زەپىرەڭ، دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقى ئايان ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىغا، مەيۈسانە كۆزلىرىگە قاراپلا ھەممىنى بىلگىلى بولاتتى. شائىر ئۆز يۇرتىنىڭ سىرتقى سۇپىتى ۋە ئوبرازى. يۇرت مەدھىيىچىسى، يۇرت نەسىھەتچىسى، يۇرت غەمچىسى بولغان ئۇنىڭ چېھرىگە بېقىپلا ھەممىنى بىلگىلى بولماسمۇ؟

- ھالىڭ نىچۇك ئەزىزىم؟ - دەيتتى خوتەن قەشقەرغە قاراپ ۋە جاۋابسىزلا ھەممىنى بىلەتتى. ھاجى ئەخمەت ئاكا ياداپ كەتكەنىدى. تاھىر تالىپنىڭ چىرايى غەزەپلەنگەن ئادەمنىڭ چىرايىدەك قىزىل، تۇرسۇن نىيازنىڭ چىرايى جاپا چەككەن ئەمگەكچىنىڭكىدەك قارايغانىدى. ئابدۇلئەھەد ئىسمائىل سۇكۇتتە، يالقۇنجان ئىسلام بولسا يېقىندا ئايرىلىپ قالغان مەنسىپى توغرىسىدا نىملەرنىدۇر سۆزلەيتتى. ئۇلارغا قاراپلا ھەممىسىنى بىلگىلى بولاتتى. . .

مېھمانلار شائىرنىڭ ياسىداق مېھمانخانىسىغا تەكلىپ قىلىنىپ چاي قۇيۇلدى. نۇرمۇھەممەت توختى شائىرنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. تونۇشتۇرۇۋېتىپ، ئۈرۈمچىدە قويۇلغان دىئاگنوزغا كەلگەندە، يىغلىۋەتتى. مېھمانلارمۇ يىغلاشتى. قەشقەر ۋە خوتەننىڭ يۈرەكلىرى سۇ بولۇپ ئاقتى. تۇمەن بىلەن يورۇڭقاشتا، قىزىل بىلەن قاراقاشتا ھەسرەت-نادامەت كەلكۈنى ئاقاتتى. . .

مېھمانلار يەنە سىرتقا - شائىر ياتقان سۇپىغا چىقىۋېلىشتى. شائىرنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ئۆتكەن كۈنلەر - ئەسلىمىلەر سۆزلىنىشكە باشلىدى. ھاجى ئەخمەت بىلەن تۇرسۇن نىياز شائىرنىڭ قەشقەردە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا يازغان شېئىرلىرى توغرىسىدا ئەسلىدى. تاھىر تالىپ ئارىدا بولۇپ ئۆتكەن چاقچاقلارنى يادىغا ئالدى. ئابدۇلئەھەد ئىسمائىل ئۆتكەن يىلى نەۋرۇز ئالدىدا ئۈرۈمچىدە - شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلەرنى تىلغا ئالدى. دوستلۇق ئەسلىمىلىرى گۈزەل ۋە ھەسرەتلىك ئىدى. تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. . .

«خوتەن گېزىتى» نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى دولقۇن ھوشۇر كىرىپ كەلدى. ئۇ دائىم لازىم بولىدىغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرگەندەكلا فوتو ئاپپاراتىمۇ ئالغاچ كەپتۇ. بۇ بەك بەلەن بولغانىدى. بىمارنىڭ كارىۋات كىيىمى مۇراسىم كىيىمىگە ئالماشتۇرۇلدى. كۆڭۈللەردە «بۇ، ئاخىرقى قېتىم بىللە سۈرەتكە چۈشۈش بوپقالارمۇ؟» دېگەن ئەنسىزلىك ھۆكۈم سۈرەتتى. ھېچكىم كۆڭلۇمسىرىيەلمىدى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا كوللېكتىپ ۋە ئايرىم -ئايرىم خاتىرىلەر قالدۇرۇلدى. . .

مېھمانلارنىڭ شائىردىن ئايرىلغۇسى، شائىرنىڭ مېھمانلارنى ئۇزىتىپ قويغۇسى كەلمەيتتى. مېھمانلار تۇتۇپ قېلىندى. «كەلمەك ئۆزۈڭدىن، ياناماق ساھىبخاندىن» دېيىلىدۇ مېھمان توغرىسىدا ماقاللاردا. مېھمانلار شائىرنىڭ ئۆيىدە كۈتۈلسىمۇ،

نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ چىقىپ كۈتۈلىسمۇ بولاتتى. لېكىن ئۇلارغا تەگمىدى. شائىرنىڭ قولى ئۇزۇن دوستلىرى يېنىدا ئىدى. مەتتىمىن قۇربان ھاجىم، ئابابەكرى راخمانلار بىز كۈتمىز، دېيىشتى. خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچىلار باش بېكىتىنىڭ باشلىقى، ئوبۇل ھاشىم مېھمانلارنىڭ ئالدىغا بىز چىقايلى، دېدى. تالاش بولدى. شۇنىڭ ئۈستىگە غەيرەت ئابدۇللا (يولچى) گۈل سېۋىتى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. شائىردىن ھال سورىدى، گۈل تۇتتى. مېھمان شائىرلار بىلەن كۆرۈشتى. تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن ، يۇرتداشلىرىنىڭ ئادىمىگەرچىلىكىدىن رازى بولغان غەيرەت ئابدۇللا: «بۇرۇن تونۇشمىسامۇ ئەمدى تونۇشتۇم، يۇرتداشلىرىمنىڭ ئىستىقبالىغا ئۆزۈم چىقاي، ماڭا رۇخسەت قىلغايسىزلەر» دېدى. مېھمانلارنىڭ پوچتا مېھمانخانىسىدىن ئېلىپ قويغان ياتىقى قايتۇرۇۋېتىلىپ قايتا «شادلىق ئارامگاھى» غا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. «خوتەن مېھمانخانىسى» نىڭ ئايرىم خانىلىق زىياپەت زالىغا تەكلىپ قىلىندى. . .

شۇ بۈگۈن – خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى كۈنى شائىرنىڭ كەيپىياتى يۇقىرى بولدى. ئۇ، ئاغرىق-بىئاراملىق سەزگەندەك ئەمەس ئىدى. بۇ مۇشۇ ئۇلۇغ بايرام ۋەجىدىنمۇ؟ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. ئۇ، ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئەمگەكچى. 17 يىل خوتەن دېھقانچىلىقىنىڭ ھېچقاچان ۋە ھېچيەردە كۆرۈلمىگەن ئېغىر ئەمگەكلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن ئەمگەكچى. كېيىنكى كۈنلەردە تېخى بۇ دىياردا ھېچكىم تۆگەتمىگەن غايەت زور مىقدارلىق ئەقلىي ئەمگەكلەرنى ئورۇندىغان، خوتەن دېھقانلىرىنىڭ يىغىسىغا يىغلاپ، شادلىقىغا كۈلگەن ئەمگەكچى. بايرام راستتىنلا بايرام ئىكەنسىگە شادلىق، ئاراملىق ئەكېلەلىسە، بىزنىڭ شائىرىمىز ئۆز بايرام كۈنىدە نېمىشقا ئارامخۇدا كەيپىياتتا بولمىسۇن؟!

شائىرنىڭ ياخشى كەيپىياتى ئەزىزانە قەشقەردىن شائىر دوست – بۇرادەرلىرىنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكىنىڭ بەرىكاتىمۇ؟ – شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. ئۆز مۇلاھىزىلىرىمىزگە ئېھتىياج يوق. ئۆزبېك مۇتەپەككۇرى ئىبراھىم ھەققۇلۇف: «دۇنيادا شۇنداق تۇيغۇلار باركى، ئۇلار ھەرقانچە قەدىرسىز-لەنسىمۇ، زەررىچىمۇ ئەھمىيىتىنى يوقاتمايدۇ. ئەشۇ تۇيغۇلارنىڭ بىرى ۋاپادۇر. . . ۋاپانىڭ ئالىي باسقۇچى ھاياتتا ئادەمنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ يار (دوست) تېپىشى ۋە ساداقەتلىك ياشىشىدۇر. . . ۋاپادار يار (دوست) – ئۈمىد ئاپتىپى. يەككە-يېگانە ئادەم بولسا ئاپتاپسىز بارلىققا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ دىل ئۆيىمۇ بىر ياققا قىيسايغان. گويا ئۇ بىرلا تۈۋرۈكلۈك لەمپە. ۋەھالەنكى، يالغۇز تۈۋرۈك ھېچقانداق ئۆينى تۇتۇپ تۇرالمايدۇ. ئىنسانغا ئەگەر پەلەكتىن خارۇ-زارلىق يەتسە ۋە قىيىنچىلىق چۈشسە، بىر نەپەس ‹ئىزھارى دەرد› ئېيتىش ئۈچۈنمۇ بىر غەمخور كېرەك. ‹زامانە خەنجىرىدىن يارا› بولغان كۆڭۈل مەلھىمىمۇ سىينى چۈشىنىدىغان يار-دوستتۇر» دەيدۇ. پەلەكتىن خارۇ-زارلىق يەتكەن شائىر قەشقەرلىك دوستلىرى بىلەن «بىر نەپەس ئىزھارى دەرد» ئېيتىشقاندىن كېيىن يېنىكلەپ قالغانمىدۇ؟ «زامانە خەنجىرىدىن يارا» بولغان كۆڭلى مەلھەم تېپىپ قالغانمىدۇ؟

شۇ كۈنى ئەمگەكچىلەر بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن شائىرنىڭ يىراقتىكى دوستلىرى تېلېفون بىلەن ھال سوراپ تۇردى. مىجىت ناسىر مۇئاۋىن مۇدىر تېلېفون بەردى. يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىدە بولۇۋاتقان ئۆمەر ئابدۇللا ۋالىي، باش كاتىپ مۇھەممەت چاۋارلار تېلېفون بەردى. ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، قۇربان مامۇت، يالقۇن روزى، ئىلھام جاپپارلار تېلېفون بەردى. دوستلار-نىڭ يېقىندىكىلىرى ئۆزۈلمەي كېلىپ يوقلاپ تۇردى. يېنىدىن ئايرىلمىدى. شۇنداقكەن، شائىرنىڭ پەلەكتىن خارۇ-زارلىق يەتكەن كۆڭلى نېمىشقا ئارام تېپىپ قالمىسۇن؟! . . .

كەچتە شائىرغا «مافىي» يېگۈزۈلمىدى. ئاغرىقمۇ يوقتەك ئىدى. ئۇ پەقەت قاشلىناتتى. بالا-چاقىلىرى كېچىچە ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى قاشلاپ چىقاتتى. . .

**2-ماي.** نۇرمۇھەممەت توختى سەھەردىلا شائىرنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كىردى. ئۇ كارىدورغا كىرىشىگىلا تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. شائىرنىڭ خانىمى تېلېفوننى ئالدى ۋە ھايالشىمايلا «ئىسمائىل ئەھمەت ئىكەن» دەپ پىچىرلىدى. نۇرمۇھەممەت توختى شائىرنى يۆلەپ تېلېفوننىڭ قېشىغا ئاچىقتى. شائىر دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى بىلەن خېلى ئۇزاق ئەھۋاللاشتى. ئەھۋالى ياخشىدەك كۆرۈنەتتى. ئارىدا كومىسسار شائىر ئەسەرلىرىنىڭ تولۇق توپلىمىنى تەييارلاش ئىشىنى تىلغا ئالغان چېغى، شائىر: «تەييارلاۋاتقان كىشى يېنىمدا بار، بۇ گەپلەرنى ئۆزىگە دېسىلە، مېنىڭ ھازىرقى ماجالىم ئۇلارنى كۆرۈپ چىقىشقا ياربەرمەيۋاتىدۇ» دېدى ۋە تروپكىنى نۇرمۇھەممەت توختىغا بەردى. كومىسسار نۇرمۇھەممەت توختىغا شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تولۇق توپلاش، تۈرلەرگە ئايرىپ كىتاب قىلىش، ئۆزگەرتمەسلىك، قايسىسىنى ئىشلەپ بولسا شۇنى دەرھال ئۆز ئاادرېسىغا ئەۋەتىش، ئالدى بىلەن غەزەللىرىنى ئىشلەپ ئەۋەتىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. ئۆزىنىڭ بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ شائىرنىڭ تولۇق ئەسەرلەر توپلىمىنى نەشر قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى سۆزلىدى. شائىرنىڭ غەزەللىرىنى بەك ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغانلىقىنى بايان قىلدى. نۇرمۇھەممەت توختى كومىسسارنىڭ يوليورۇقلىرىنى تولۇق بىجاكەلتۈرۈشكە ۋەدە بەردى. ئۇنىڭغا كومىسسارنىڭ «ئۆزگەرتمەسلىك» ھەققىدىكى گېپى ياققانىدى. چۈنكى ئۇ تارىختىكى ئۆزگەرتكۈچىلەرگە، بۇرمىلىغۇچىلارغا بەك ئۆچ ئىدى ۋە بۇنداق قىلىقلاردىن بىزار بوپكەتكەنىدى. نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ قارىشىچە، شائىرنىڭ ئەسەرلىرىمۇ ئۇنىڭ شۇمەزگىللىك ئېچكى كەچمىش تارىخى، دەۋر ۋە

زامان سۈپىتى ئىدى. ئۇنى ئۆزگەرتىشكە بولمايتتى. شۇڭا ئۇ دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈردى.

نۇرمۇھەممەت توختى دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارىنىڭ شائىرغا ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتكە كۆڭۈل بۆلۈشتەك خەلقچىللىق روھىدىن، شۇنچە يىراق بېيجىڭدىن تېلېفون بېرىپ ھال سورىغانلىقىدىن، كەمتەر ۋە خۇشپېئىللىقىدىن تەسىرلەنگەندەك ئىدى. ئىككى دوست كومىسسارنىڭ تېلېفونى ھەققىدە، ئەسەرلەرنى رەتلەشنى تېزلىتىش ھەققىدە، ئاخشام كەلگەن تېلېفونلار ھەققىدە پاراڭلاشتى. بۇ چاغدا ئەسەر كۆچۈرۈشكە ياردەملىشىۋاتقان دوست-يارانلەر كېلىپ ئىش باشلاپ بولغانىدى.

سائەت ئونلاردا قەشقەردىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلار خوشلاشقىلى كەلدى. خوشلاشماي بولمايتتى. بۇ، ياتقانغا يېتىشىپ بەرگىلى، كەتكەنگە كېتىشىپ بەرگىلى بولىدىغان ئالەم ئەمەس ئىدى. ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز خۇسۇسىي تۇرمۇشى، ئىشلىرى كۈتۈپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ خوشلىشىش ئاسانغا چۈشمىدى. ئىككى شەھەر شائىرلىرىنى گۈزەل ۋە ھەسرەتلىك ئەسلىمىلەر خېلى ئۇزۇن تۇتۇپ قالدى. دەرد-ھەسرەتلەر تۈگەيدىغاندەك، گەپلەر ئاخىرلىشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شائىر روھلۇق ئىدى. مرايىدىكى سېرىقلىقنى، ئورۇقلاپ قۇرۇق-قاقشال ۋىيقالغان ۋۇجۇدىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ ئاۋازىغا قۇلاق سالسا، ئۇنى ھېچكىشى كېسەل دەپ ئويلىمايتتى. سائەت 12لەر — چۈش بولغاندا مېھمانلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭ ياشلىق، كۆپ بىلىملىك مويسىپىت (ئاپتور ئەشۇ مويسىپىتنىڭ ئىسمى-شەرىپىنى ئەسلىيەلمىگەنلىكىگە بەك خىجىل) ئاخىرقى دۇئاغا قول كۆتۈردى. يەنە ئىزگۇ تىلەكلەر ئېيتىلدى. كۆزلەر نەملەندى. ياشلار يۇرۇڭقاش ۋە تۇمەنگە قېتىلغۇسى باردەك مەڭزىلەردىن دومىلاپ چۈشتى.

— ئاللا سالامەتلىك ئاتا قىلغاي، ئاللا سالامەتلىك ئاتا قىلغاي! دەپ تەكرارلىشاتتى مېھمانلار...

— رەھمەت، رەھمەت! — دەيتتى شائىر ئېسەدەپ تۇرۇپ.

خوشلىشىش ئۇزۇنغا سوزۇلدى. مېھمانلارنىڭ قانچە ئۇنىمىغانلىقىغا قارىماي، ماغدۇرسىزلىقتىن پۇتلىرى دىرىلدەپ تۇرغان شائىر ئۇلارنى ئۇزۇتۇپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. ئۇ: «مېنى يۆلەپ بولسىمۇ ئاچىقىڭلار» دەپ تۇرۇۋالدى. دەرۋازا ئالدىدا يەنە تىلەكلەر ئېيتىلدى. ياشلار يەنە تۆكۈلدى. مېھمانلار ئارقىغا بۇرۇلاتتى، شائىرنىڭ سېرىقلىق تەپچىرەپ تۇرغان ئورۇق قولى كۆكسىدە ئىدى. بۇ خوشلىشىش ئەمەس ۋىدالىشىش ئىدى. ئاخىرقى مىنۇتلاردا رازىلىق سوراشلار بولدى. شائىر تۇنجى بولۇپ رازىلىق سورىدى. ئاھ دۇنيا، ئاھ دوستلار...

ئەزىزانە قەشقەر بىلەن شەھىدانە خوتەن دوستلۇقىنىڭ 2-پەردىسى ئاستا-ئاستا يېپىلدى. يىراقتىن يۇرۇڭقاشنىڭ، تېخىمۇ يىراقتىن تۇمەننىڭ شارقىرىغان ئاۋازى-ئۈزۈلمەس سىمفونىيە ئاڭلىناتتى. ئۇ ئەبەدىي توختىمايدۇ، مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدۇ، ئاداققىچە داۋام قىلىدۇ.

چۈشتىن كېيىن شائىر جىم يېتىپ ئارام ئالدى. ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆيدە شائىر ئەسەرلىرى رەتلىنىۋاتاتتى. سائەت ئۈچلەردە بۇزاق يېزىسىدىن روزىنىياز ئاخۇن، سەيدىمەممەت ئاخۇن دېگەن ئىككى دېھقان شائىرنى يوقلاپ كەلدى. ئۇلار 1995-يىلى شائىرنىڭ «دېھقان يىغلايدۇ» دېگەن شېئىرى ئېلان قىلىنغان چاغدا «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا خەت يېزىپ، شائىرنى ۋاكالىتەن مۇكاپاتلاپ بېرىشنى، مۇكاپاتقا ئىشلەتكەن پۇلنى كۈزدە — پاختىسىنى ساتقاندا ئەۋەتىپ بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان، 1996-يىلى ئەتىيازدا شائىرنى مەھەللىسىگە باشلاپ داستىخان سالغان دېھقانلار شۇ ئىدى. ئەمدى شائىرنىڭ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ يوقلاپ كەپتۇ. بىردانە تىرىك توخۇ ئالغاچ كەپتۇ. «تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىرباش پىياز» دېيىلىدۇ ماقالىلاردا. ئەتىيازنىڭ سېرىقتال كۈنلىرىدە بىچارىلەر قۇرۇق قول كېلىشكە خىجىل بوپتۇ. شائىر ئۇلار بىلەن خېلى ئۇزۇن ئەھۋاللاشتى، يېزىلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇنىڭ چىرايىنى يەنە غەم باستى. ئۇ بىر ئۆمۈر ئارزۇ قىلغان، يەتمەكچى بولغان مەنزىل تېخى يىراقتا ئىدى. غۇۋا تۇمان، چاڭ-توزاننىڭ نېرىسىدا، نامەلۇم بىر جايدا ئىدى. قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ھېرىپ-ھالىدىن كەتكەن يولۇچىغا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئەلەم بولامدۇ؟

ئىككى دېھقان قايتىپ كەتكەندىن كېيىن شائىر ئېغىر خۇرسىندى: «تۇخۇملاۋاتقان توخۇ بولۇشى مۇمكىن، بىر تال-بىر تالدىن تۇخۇمى بىلەن بىچارىلەرنىڭ تۇز-چېيىنى تەمىنلەۋاتقان توخۇ بولۇشى مۇمكىن. قوبۇل قىلماي دېسەم بىچارىلەرنىڭ كۆڭلىگە كېلەرمىكىن دەپ ئويلىدۇم»، دېدى شائىر. ھەقىقەتەن تەڭقىسلىقتا قالىدىغان ئەھۋال ئىدى. شائىر ئەشۇ دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ئەشۇلار ئۈچۈن غەم يەيتتى. شائىرنى تام باسسا، دېھقانلارنىڭ تېمى باسماس. لېكىن ئۇنى قاچانلا غەم باسسا، چوقۇم دېھقاننىڭ غېمى باساتتى. ئاھ، خوتەن دېھقانلىرى، كاج، كاج تەلەي خوتەن دېھقانلىرى، قاچانمۇ چاپىنىڭ تىزىڭدىن ئاشار؟!

**3-ماي.** سەھەردىلا ئەزىزانە قەشقەردىن 3-تۈركۈم مېھمان — شائىرنىڭ ساۋاقداشلىرى كەلدى. ئالتە نەپەر ساۋاقداش كېچىلىك ئاپتوۋۇز بىلەن كەپتۇ. بىر كېچىدىلا، ئىلگىرى شائىرنىڭ ئانا تەرەپ بوۋىسى قادىر ئاخۇن ئاقساقال 13-14كۈندە بېسىپ ئۆتكەن يولنى بېسىپ يېتىپ كېلىشىپتۇ. بەلكىم بۇ يولنى شائىرنىڭ بىر ئۆمۈر ئەسكەر بولغان دادىسى سايىت ئاخۇن ئابىتوف1932-يىلى قەشقەرغىچە بېسىپ بارغاندا يەنىمۇ ئۇزۇندا بېسىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئەمدى ئۇنىڭ مۇساپىسى كۆپ قىسقىراپ كەتكەنىدى...

قەشقەر بىلەن خوتەن، تۇمەن بىلەن يۇرۇڭقاش قەلبداشلىقىنىڭ 3-پەردىسى ئېچىلدى. ئەمما ساۋاقداشلار يىغلاپ كۆرۈشمىدى. ھېچكىم قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئەنسىزلىك، ھەسرەت — نادامەتنى چاندۇرمىدى. شائىرنىڭ ئەھۋالىمۇ ياخشى ئىدى.

بەدىنى قىچىشىپ تۇرسىمۇ لېكىن قاتتىق ئاغرىق يوق ئىدى. دوختۇر ۋە تېلەكلەردىن كېيىنلا چاقچاق باشلىنىپ كەتتى. كىمدۇر بىرى شائىرنىڭ خوتۇنىغا ئاڭلاتمايلا: «X X سالام دېدى» دەپ پىچىرلىدى. ئۇ بىر قىزنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدى. شائىر تاتلىق كۈلۈمسىرىدى. ئارقىمۇ ئارقا قىزلارنىڭ ئىسمى چىقىشقا باشلىدى. شائىرنىڭ خانىمىدىنمۇ تەپتارتىشمىدى. ئەڭ تاتلىق ئەسلىمىلەر ئەشۇ قىز ساۋاقداشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. 26 يىل بۇرۇنقى ئەشۇ قىزلار ئەمدى ئوتتۇرا ياشلاردىن ھالقىغان، سەمرىپ پاخپايغان ئانىلارغا ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن شۇتاپتا چاقچاقلىشىپ ئولتۇرغانلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلار يەنىلا گۈلدەك گۈزەل، ئاق ئالمىدەك سۈزۈك، ئەمدىلا پىشىپ كەلگەن پەيزاۋات قوغۇندەك شېرىن خۇلقلىق دىلبەرلەر ئىدى. ئۇلار زامان ۋە ماكاندىن ھالقىپ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ تاملىرى سىرتىدىكى خىلۋەت دەرەخزارلىقلارغا، تۇمەننىڭ ئەگرى-بۈگرى قىرغاقلىرىغا كېتىپ قېلىشتى...

ئېھ، قانداق گۈزەل چاغلار ئىدى-ھە! ساۋاقداشلار، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقداشلار بىر تۇغقان قېرىنداشتەك يېقىن بوپكېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يوشۇرىدىغان سىر بولمايدۇ. قىرىق جۈپ كۆز، قىرىق جۈپ قۇلاقتىن قايسى سىر قېچىپ قۇتۇلالىسۇن؟! ئۇلار بىر-بىرىگە زوقلىنىش بىلەن، ھەۋەس بىلەن، ھەسەت بىلەن نەزەر سېلىشىدۇ. ياق، بۇ يەردە ھەسەت يوق. دۈشمەنلىك مەنىسىدىكى ھەسەت يوق. ھەسەتمۇ زوقلىنىش پۇرىقىغا ئىگە... جىددىي مەشغۇلات، غورىگىل ۋە نامرات تۇرمۇش، ناچار تاماق، سوغۇق سىنىپ ۋە ۋاراڭ-چۇرۇڭلۇق ياتاق ئۇلارنى بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان... ياتاقنىڭ ئىشىكىنى تاقىشىدۇ. مەكتەپنى باشقۇرۇۋاتقان ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتىدىكى ئاپشاركىلارغا ئاڭلاتماسلىق ئۈچۈن دېرىزىنىمۇ ھىم ئېتىش كېرەك. روزاخۇن سلاۋيان يېزىقىدا بېسىلغان ئۆزبېك تىلىدىكى «چالىقۇشى» رومانىنى ئوقۇشقا باشلايدۇ. ساۋاقداشلار دىققەت بىلەن قۇلاق سالىدۇ. ئوقۇش ۋە ئاڭلاش كىمدۇر بىرىنىڭ يېنىك خورىكى ئاڭلانغۇچە داۋام قىلىدۇ. ياتاقتا ئاڭلىغانلىرىنى ئەتىسى ئەتىگەن سىنىپتا قىزلارغا سۆزلەپ بېرىشىدۇ. تېخى بەزىدە ئوغۇللار نازلىنىپ سۆزلىمەي قويىدۇ. قىزلار سوراشقا باشلايدۇ:

- پەرىدە كامراننىڭ خېتىنى ئوقۇدىمۇ؟
- ياق.
- پەرىدە پولكوۋنىك ئېھسان بەيگە مەيلىنى بەردىمۇ؟
- بەردى، لېكىن...
- نېمە لېكىن؟
- ئېھسان بەي ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلمىدى.
- ۋاي ئىست، بىچارە...
- خاتىرىگە كۆچۈرسەڭلارچۇ، بىزمۇ ئەسلى كىتابنى ئوقۇيلى.

روزاخۇن قىز ساۋاقدىشى سوغا قىلغان چوڭ ۋە چىرايلىق خاتىرىگە «چالىقۇشى» رومانىنى كۆچۈرۈشكە باشلايدۇ. ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ ئاپشاركىلىرى سېزىپ قالىدۇ. كەلگۈسىنىڭ شائىرىنى كۈرەش - تەنقىد سەھنىسىگە سۆرەپ چىقىپ تەكشۈرۈشلەر باشلىنىدۇ...

مانا، بۇنىڭدىن 26 يىل بۇرۇنقى ئالىي مەكتەپ ھاياتى. «ئەجەبمۇ قەدرىمىزگە يېتىشمەپتىكەنمىز-ا» دېيىشىدۇ ئۇلار كۆپ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن. ئۆتمۈش كۆپرەك ھەسرەتتىن پۇراقلانغان بولىدۇ. ئەسلىمە قايتا-قايتا ھەسرەت چېكىش جەريانى. ساۋاقداشلار كۆڭۈللۈك ئىككى كۈننى شائىرنىڭ ياستۇقى يېنىدىن چىقىشىپ ئەشۇ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ مەيدانلىرىدا، قەشقەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا، «ئىشكىنى ئېچىۋېتىپ مەكتەپ باشقۇرغان» پاختەكلىدە، بەشكېرەمدە، قاغىلىقنىڭ چاھارباغدا، كېرىيىنىڭ ئويتوغراقتا، كۇچانىڭ يېزىلىرىدا ئۆتكۈزدى. ئۇلارنىڭ ئەشۇ يەرلەردىن، ئەشۇ زامانلاردىن قايتىپ بىمارلانغان شائىر ياستۇقى يېنىغا يېنىپ كەلگۈسى يوق ئىدى. ئۇلار ئەبەدىي ئەشۇ زامانلاردا قېلىشنى خالايتتى...

ئەمما 5-ماي - ئادەملەرنى سىنىپ ۋە بۆلەكلەرگە ئايرىغان كارل ماركس بۇنىڭدىن 182 يىل بۇرۇن رېين دەرياسى بويىدىكى بىر يەھۇدىينىڭ ئۆيىدە تۇغۇلغان خاتىرە كۈندە، ساۋاقداشلار قەشقەرگە قايتىش تەرەددۇتىغا چۈشكەن چاغدا شائىرنى يەنە دەھشەتلىك ئاغرىق ئىسكەنجىگە ئالدى. پۈتكۈل بەدىنى ئىت تالىۋالغاندەك، ئامبۇردا قىسقاندەك، ئوتتا كۆيدۈرگەندەك، سوغۇقتا توڭلاتقاندەك ئاغرىيتتى. توختىماي قىچىشاتتى. ساۋاقداشلا[ر] شائىرنىڭ بەدىنىنى توختىماي تۇتتى، سىلىدى قاشلىدى. قوللىرى تېلىپ كەتكۈچە تۇتتى. نۆۋەت ئالمىشىپ تۇتتى... ئەمما ئۇلار قايتىمسا بولمايتتى. ئەتە - 1-ماي مۇناسىۋىتى بىلەن ئازاد قويۇۋېتىلگەن بايراملىق دەم ئېلىش توشاتتى. ئۇلار خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئىشقا چۈشۈشى كېرەك ئىدى. شائىر ئۇلار بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ نېمە كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئاشكارە تىلغا ئالدى. ساۋاقداشلىرىدىن رازىلىق سورىدى. ئۇلار ئۇزۇندىن ئۇزۇن ۋىدالاشتى. چاقچاقلىشىپ كۆرۈشكەن دوستلار تۈگمەس-پۈتمەس ھەسرەت ئىچىدە يىغلىشىپ خوشلاشتى...

شائىرنى 5-، 6-، 7-ماي كۈنلىرى توختىماي ئاغرىق تۇتۇپ تۇردى. ئۇنىڭ شۇ كۈنلەردىكى ئازابىنى تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس. دوستلار شائىردىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. تېۋىپنىڭ دورىسىنى يېيىش توختاپ قالغانىدى. دورا يېيىشكە نەسىھەت قىلغانلارغا شائىر: «ئەمدى مېنى قىينىماڭلار، ھۆكۈملىللا، تەقدىرگە پۈتتۈم، ماڭا ئاغرىق پەسەيتكۈچ بېرىڭلار» دەيتتى. 12 سائەت تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاغرىق پەسەيتكۈچمۇ، 24 سائەت تەسىر كۆرسىتىدىغان «مافىي» مۇ تۈگىگەنىدى. ئەشۇ كۈنلەردە ئۇنى يېگۈزگەن ھالەتتىمۇ ئاران-ئاران ئۈچ-تۆت سائەتلا تەسىر قىلىدىغان بوپقالغانىدى. شائىر تارتىۋاتقان

ئازابقا چىداپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «مافىي» دىن تېپىش كېرەك ئىدى. مەلۇم بولدىكى، ئۇ، سەھىيە تارماقلىرىدىن كېنىشكا بېجىرىپ، بىر قۇتا-بىر قۇتىدىن ئالىدىغان، ئىشلىتىش رۇخسەت كېنىشكىسى بېجىرمىسە بېرىلمەيدىغان دورا ئىكەن. رەسمىيەتلەر بېجىرىلىپ دورا ئەكېلىندى. لېكىن ئۇ ئاران ئىككى-ئۈچ سائەتلا تەسىر كۆرسەتتى. ئاغرىقنى توختاتقاندەك قىلغان بىلەن قىچىشىشنى توختىتالمايتتى.

شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدىن يازغۇچى يارمۇھەممەت تاھىر يوقلاپ كەلدى. قاغىلىقتىكى يازغۇچى - شائىر دوستلاردىن تۇرۇپ ئوبۇل، قاۋۇل ساۋۇر، ئابدۇللا ئوسمانلار يوقلاپ كەلدى. شائىرنىڭ كۆزىنى ئېچىپ ئۇلار بىلەن مۇڭداشقۇدەك ھالى يوق ئىدى. 7-ماي كەچتە قاغىلىقتىكىلەر كەلگەندە شائىرنىڭ ئۇلار بىلەن ۋىدالاشقىلىمۇ قۇربى يەتمىدى. ئەزرائىل شائىرنىڭ ئۆگزىسىنى چۆرگىلەپ يۈرگەندەك تۇيۇلاتتى. دوستلار ئەنسىزلىككە پاتتى. شائىرنىڭ ئۆزىمۇ تۇيغانىدى. «مافىي» تەسىر كۆرسەتكەن، سەل تىنچلانغان بىر پەيتتە ئۇ: «كېسەل يۆتكىلىۋاتىدۇ، قورساق قىسمىدىن يۆتكىلىپ بويۇنۇم تەرەپكە چىقتى. بويۇنۇمدا بىر نەرسە ماڭغاندەك، وينۇمنى بوغۇۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. سىلىسام يوقاپ، يەنە پەيدا بولىدۇ...» دېدى ۋايجانلاپ تۇرۇپ. كېسەل ئۇنى قىينىماقتا، شائىر كېسەل بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى.

**11-ماي.** شائىرنىڭ تۇنجى تۈركۈم ئەسەرلىرى رەتلىنىپ پۈتتى. پۈتكەن ئەسەرلەرگە مۇندەرىجە تۈزۈلۈپ، توپلاپ باغلىنىپ خوتەن ۋالىيسى ئۆمەر ئابدۇللا ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەت نامىغا يوللاندى. شائىرنىڭ ئەھۋالى يارىبەرمىگەچكە ئەسەرلەر توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاشقىمۇ تاۋى بولمىدى. كىرىش سۆز، چۈشەندۈرۈش خېتى ۋە دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارىغا يازىدىغان خەتنىمۇ نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ يېزىشىغا توغرا كەلدى. شائىرغا خەتلەرنى ئوقۇپ بەرمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئۇ ئاڭلاشنى خالىمىدى.

**13-ماي.** بۈگۈن نىمشىقدۇر شائىرنىڭ ھەممە دوستلىرى يىغىلىپ قالدى. بۇنچىۋالا كۆپ كىشىنىڭ يىغىلىپ قېلىشىدىكى سەۋەب يەنىلا ئەنسىزلىك ئىدى. ئەمما نىمشىقدۇر شائىر بۈگۈن ياخشىلىنىپ قالغان، ئاغرىق يوق ئىدى. دوستلىرى بىلەن پاراڭلاشتى، چاقچاقلاشتى. خوتەن ۋىلايەتلىك ماشىنا باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى، فوتوگراف راخمان ئوبۇل مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شائىر بىلەن دوستلىرىنىڭ سىردىشىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنى سىنئالغۇغا ئالدى. شائىر مۇشۇ ئىستىخىيىلىك يىغىلىشتا ئۆز نامىدا ئەدەبىيات فوندى قۇرۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆزى بىرىنچى بولۇپ پۇل ئىئانە قىلدى. دوستلارنى پۇل ئىئانە قىلىشقا چاقىردى. ئۇنىڭچە، مۇشۇ فوندنىڭ ئۆسۈمى بىلەن ھەر يىلى ئەڭ ياخشى بىر شېئىرىي ئەسەر، ئەڭ ياخشى بىر نەسرىي ئەسەر مۇكاپاتلىنىشى كېرەك ئىدى... بۇمۇ ۋەسىيەت قىلىشقا ئوخشايتتى. گەرچە ئۇ سىرتتىن قارىغان ئادەمگە ياخشى بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئۆز ئەھۋالىنى يەنىلا ئۆزى بىلەتتى. ئۈمىدسىز ئىدى. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىمۇ ئەدەبىياتىمىزغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتاتتى. ئەدەبىيات فوندى قۇرۇش ئىشى ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق يولغا قويۇلىدىغان بولغاچقا، بۇ ئىش خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مۇھەممەت چاۋارغا تاپشۇرۇلدى. ئۇ، مەمۇرىي مەھكىمىدە باش كاتىپ بولغاچقا بۇنداق ئىشلارغا يولى ھەم ئېپى بار ئىدى... شۇ كۈنلەردە شائىر تېۋىپنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تۆگە سۈتى ئىچىشكە كىرىشتى. ئېيتىلىشىچە، تۆگە سۈتىنىڭ شىپالىقى ھەققىدە ھەزرىتى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ كىتابلىرىدا ئېنىق يېزىلغانمىش. خوتەندە بىر جىڭ تۆگە سۈتىنى 70-80 يۈەنگە ئالارمىش. تاپقىلى بولسىلا چوڭ ئىش بولارمىش... شائىرنىڭ باجىسى، خوتەن شەھەرلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان ئىمىن ئاخۇن موتىسىكلىت بىلەن تۆگە سۈتى ئىزدەپ تەرەپ-تەرەپكە چاپتى. بۇ تېپىلماسنىڭ خورمىسى ياكى توخۇ سۈتى ئەمەس ئىكەن. ئاخىرى دەريانىڭ نېرىسىدىكى يۇرۇڭقاش يېزىسىدىن تېپىلدى. ئەشۇ يەردىكى نەمەت ئاخۇن تۆگىچىنىڭ بوتىلاقلىق تۆگىسى بار ئىكەن. سېغىن ئېكەن. لېكىن باشقا بىمارلارمۇ شۇ يەردىن سۈت ئېلىپ ئىچىۋاتقان بولغاچقا تۆگە سۈتى تالاش-تارتىشتا ئىكەن. ۋالىيلار ۋە باش كاتىپ مۇھەممەت چاۋارنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن لوپ ناھىيە تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداش پونكىتىنىڭ باشلىقى كۇرەشجان دېگەن يىگىت ئوتتۇرىغا چىقتى. تۆگىلەر تەكلىماكاندىكى توغراقلىقلاردا بېقىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئورمانلىقتا ئوتلىشىدىن تۆگە بېشىغا يىلىغا 90 يۈەندىن ھەق ئېلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ گېپى ئۆتەتتى. كۇرەشجان ئۇلارنىڭ بارلىق تۆگىلىرىنىڭ بىر يىللىق بېقىش ھەققىنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان بولدى: سۈتىنىڭ باھاسى 40 يۈەنگە بېكىتىلدى... شۇندىن كېيىن نەمەت ئاخۇننىڭ ئۆيىدىن 10 كۈندەك سۈت ئەكىرىلدى. ئىمىن ئاخۇن ھەر كۈنى سەھەردە موتىسىكلىت بىلەن تۆگىچىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ سۈتنىڭ سېغىلىشىغا قاراپ ئولتۇراتتى. تۆگە دېگەندىن سۈت ئاز چىقىدىكەن. بىر قېتىمدا ئاران دېگەندە ئىككى-ئۈچ يۈز گرام سۈت چىقىدىكەن. تېخى ئۇ ئەشۇ سۈتنى ئىچمەكچى بولغان بىمارنىڭ ياخشى ياكى يامان ئادەملىكىگە قاراپ كۆپىيىپ ياكى ئازىيىپ تۇرىدىكەن. شائىر ئۈچۈن سېغىلغاننىڭ 2-كۈنىمۇ ياكى 3-كۈنىمۇ، نەمەت ئاخۇننىڭ تۆگىسىدىن بىراقلا 600 گرام سۈت سېغىلىپتۇ. پېشقەدەم تۆگىچى ھەيران بوپتۇ:

— بۇ سۈتنى كىم ئىچەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ تۆگىچى شائىرنىڭ باجىسىدىن.

— ھېلىقى «دېھقان بولماق تەس» دېگەن ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ئاڭلىغانمىدىلە؟ — دەپ ياندۇرۇپ سوراپتىمىش ئىمىن ئاخۇن تۆگىچىدىن.

— ئاڭلىغان، ئەجەب بەلەن گەپلەر دېيىلگەن

لېنتا دېسلە ئۇ، – دەپتۇ تۆگىچى، – بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى گەپلەرنىلا دېگەن...

– ھەپبەللى، ئەنە شۇ لېنتىدىكى شېئىرلارنى يازغان شائىر بىتاپ بوپقالدى، سۈتلىرىنى شۇ كىشى ئىچىدۇ، – دەپتۇ ئىمىن ئاخۇن.

– تۇۋا قىلماق كېرەك، تۇۋا. ئىگىسى ياخشى ئادەملەر ئۇچۇن مۇشۇنداق مول رىسقى بېرىدۇ، – دەپ ئىگىسىگە سېغىنىپتۇ تۆگىچى مۇسۇلمان.

شۇندىن كېيىن نەمەت ئاخۇننىڭ تۆگىسىدىن ھەر كۈنى بۇرۇنقىدىن كۆپ سۈت چىقىپ تۇردى. ئەمما شائىر بۇ تۆگىنىڭ سۈتىنى ئارانلا ئون كۈنچە ئىچەلىدى. سۈت باشقا بىمارلار ئارىسىدا تالاش-تارتىشتا ئىدى. باشقا بىمارلارغا ئۇۋال بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ يەردە كىمدۇر بىرى يول قويمىسا، ئۆزنەپسىدىن ۋازكەچمىسە بولمايتتى. شائىرنىڭ باجىسىمۇ ياخشى ئادەم ئىدى، شۇنداقلا خېلى تەدبىرلىك كىشى ئىدى. ئۇ، باشقا يەرلەردىمۇ سېغىن تۆگە بار-يوقلۇقىنى ئۇقۇشقاچ تۇرغانىكەن. شۇ كۈنلەردە ئۇ يورۇقچاشنىڭ نېرىسىدىكى بۇيا بېزىسىدا مۇھەممەت نىياز ئاخۇن قاسساپ دېگەن كىشىنىڭ تۆگىلىرى بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. ئۇ كىشىنىڭ 25 ـ 30 تۇياق ، ئوغلىنىڭ 17 ـ 18 تۇياق تۆگىسى بار ئىكەن. ئەمما تۆگىلىرى تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى توغراقلىق – يانتاقلىقلاردا ئىكەن. تۆگىنى شۇجاڭگالدىن ئاچىقىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر قىيىن گەپكەن. يەنە كۈرەشجانغا خەۋەر بېرىلدى. كۈرەشجان يەنە بىر قېتىم ياردەم قولىنى سوزدى. تۆگىنى جاڭگالدىن ئاچىقتۇرۇپ بەردى. سۈت پۇلىنى كۆزدە تەبىئىي ئورمان ھەققىنى يىغىدىغان چاغدا بىراقلا ھېسابلىشىشقا كېلىشىپ، بىلەت ياساپ ، تامغا بېسىپ ئىمىن ئاخۇننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئىمىن ئاخۇن ھەركۈنى ئەشۇ 40 يۈەنلىك بىلەتتىن بىرنى بېرىپ مۇھەممەت نىياز ئاخۇن قاسساپتىن بىر جىڭ تۆگە سۈتى ئالىدىغان بولدى. ئىمىن ئاخۇننىڭ ھەركۈنى تۆگە سۈتى ئۇچۇن ماڭىدىغان يولى ئۇزارغانىدى، ئەمما ئۇ ئەمدى يورۇقچاشتىكى نەمەت ئاخۇن تۆگىچىنىڭ سۈتىنى تالىشىدىغان تەڭلىكتىن قۇتۇلغانىدى. بۇيىدىكى مۇھەممەت نىياز ئاخۇننىڭ تۆگىسىدىن سۈت ياخشى چىقىپ تۇردى. شائىر: «پۈتۈنلەي توغراق غازىڭى، يانتاق ۋە قامغاق پۇرايدىكەن» دەپ غۇدراپ تۇرۇپ ئىچەتتى سۈتنى . سۈتنىڭ ئەڭ شىپالىق يېرىمۇ ئەنە شۇ تەبىئىي تەمىنىڭ بولۇشىدا بولىشى مۇمكىن ئىدى. ئەپسۇسكى، شائىر ئەشۇ تۆگىنىڭ سۈتىنى ئارانلا تۆت كۈن ئىچەلىدى. تۆگە ئۆلۈپ قالدى. جاڭگالدىكى تەبىئىي نەرسىلەرنى يەپ ئۆگەنگەن ئەشۇ خاسىيەتلىك يوغان ھايۋانغا بۇرنى – قۇلىقىغىچە خىمىيىۋى ئوغۇتتىن زەھەرلەنگەن بۇغداي سامىنىدا ئېتىپ بەرگەن ھەلەپ خىل كەلمىگەنىدى. قورسىقى كۆپۈپ كەتتى. ئىندىل بولغانىدى. مال دوختۇرلىرى بىر كېچە جىددىي قۇتقۇزۇش ئېلىپ باردى. تۆگە ئۇزۇن جان تالاشتى. ئەمدىلا 75 كۈنلۈك بولغان بوتىلىقى ئانىسى ئەتراپىدا پىرقىراپ چۆرگىلەيتتى. ئانا تۆگىمۇ ھالسىز ، ئازابلىق بورقىرايتتى، كۆزىدىن توختىماي ياش قويۇلاتتى. ئانا تۆگە بىلەن كىچىككىنە، تېخى ئانا مېھرىگە ، ئانا سۈتىگە قانمىغان بوتىلاق ئارىسىدىكى مەڭگۈلۈك جۇدالىق ئەنە شۇنداق يۈز بەردى. تۆگىچى بوۋاي شائىرنى يوقلاپ كىرىپ ئەشۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەندە، شائىرغا ھەمراھ بولۇۋاتقانلارنىڭ كۆپلىرى كۆزىگە ياش ئالدى ... قۇتقۇزۇش ئىمكانىيىتى قالمىغاندىن كېيىن تۆگىنى بوغۇزلىشىپتۇ. ئەلۋەتتە ئىككى يەردىن بوغۇزلىشىپتۇ. گۆشى ئاران 1000 يۈەنگە يارايتۇ. تۆگىچىگە 3000 يۈەندىن ئارتۇقراق زىيان بولغانىدى. شائىر تۆلەپ بەرمەكچى بولغانىدى، تۆگىچى: «ھەرگىز سىلىدىن كۆرمەيمىز، قىسمەت شۇ» دەپ رەت قىلدى. تالاش-تارتىش بولدى. ئاخىرى بۇ ئىشنىمۇ كۈرەشجان بىرتەرەپ قىلدى. زىياننى تۆگىلەرنىڭ تەبىئىي ئورمانلاردا بېقىلىش پۇلىنى ئالغاندا كۆتۈرۈۋېتىدىغان بولدى. ئۇ، شائىرغا قىلغان ياخشىلىقىنى ۋايىغا يەتكۈزگەنىدى. بۇ توغرىدا شائىرنىڭ خانىمى: « بىزدىن يانمىسا خۇدادىن يانار، بالا-چاقىلىرىدىن يانار» دېدى...

شائىر سۈتسىز قالدى. ئەمدى يەنە يورۇقچاشتىكى نەمەت ئاخۇن تۆگىچىنىڭ سۈتىگە مۇنايماي بولمايتتى. مەلۇم بولدىكى، ئۇ تۆگىمۇ ئۆلۈپ قاپتۇ. شائىرنىڭ خانىمى ۋاي – داد كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ، قىشتا پۈتۈن بىر قىش تۆگە چۈشەپ چىقىپتۇ. ھەر كۈنى كۆزى يۇمۇلسىلا تۆگە چۈشەيدىكەن، تۆگە ئۆلۈپ قالىدىكەن. ئۇ، ھەسرەت چېكىدىكەن... «مەن مۇشۇ تۆگىلەرنى كۆرگەنىكەنمەن، ئەشۇ تۆگىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى چۈشىگەنىكەنمەن...» دېدى.

بۇيەردە سىرلىق بىر ئالامەت يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى. تۆگىلەر شائىرنىڭ ئەزىزجېنى ھەققىدە ئۆزلىرىنى قۇربانلىق – سەدىقە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئەشۇ تۆگىلەرنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل بولغاي! ئاللا تۆگىلەرنىڭ بەدىلىگە شائىرنىڭ ئەزىز جېنىنى ئامان قىلغاي!...

شائىرنى سۈتسىز قالدۇرۇشقا بولمايتتى. شائىرنىڭ ئۆمۈرلۈك دوستى، ھازىر داۋالاۋاتقان تېۋىپى ئابابەكرى راخمان ئادەم بۇيرۇپ تاغدىن يەتتە مىڭ يۈەنگە ئىككى جۈپ بوتىلاقلىق تۆگە سېتىۋالدى. لېكىن تاغ تۆگىسى دېگەن بەك شاش كېلىدىكەن. تېپىچەكلەپ، بورقىراپ-ۋارقىراپ سۈت ساغقۇچىنى ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمەيدىكەن. بۇيىلىق مۇھەممەت نىياز ئاخۇن تۆگىچىنىڭ ئوغلى ياردەمگە كېلىپمۇ ساغالمىدى. بۇنداق تۆگىلەرنى قايتۇرۇۋەتمەي بولمايتتى. ئەمدى شائىرنىڭ دوستى ئابدۇمەلىك ئاخۇن تۆگە سېتىۋېلىش كويىغا چۈشتى. ئۇ، يۇۋاش، ئۆگەي ساغقىلى بولىدىغان تۆگە ئالماقچى بولدى. ئىزدەشكە كىرىشتى. «ھازىر شائىرغا سۈت بېرىش مۇھىم، شائىر ساقايغاندىن كېيىن يەنە سېتىۋېتەرمىز» دەيتتى ئۇ. مۇشۇ ئارىدا، شائىر راستىنلا سۈتسىز قالدى...

شائىر ياداپ كېتىۋاتاتتى . ئىشتىيى كەم، تاھارىتى بىراۋان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇمىدسىزلىنىپ، خوتەنلىكلەرچە جاھىللىقى تۇتۇپ

تېۋىپ بەرگەن دورىلارنى يېمەي قويىدى. نەسىھەت قىلغانلارغا: « ئەمدى مېنى قىينىماڭلار، كېسىلىم يېتىپ ئېشىۋاتىدۇ. يەنەشۇ سېسىق - قاڭسىق دورىلار بىلەن قىينىماڭلار. . . » دەيتتى. ئامال قالمىغانىدى. ئاخىرى 14-ماي كەچتە تېۋىپ ئۇنىڭغا ئېنىق گەپنى دېدى. بۇ، ئۇنىڭغا نېمە كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ئېنىق ئۇقتۇرۇش ئىدى. ئۇ ئۆزى ئاللىقاچان سەزگەن، لېكىن تېخى پەقەت باشقىلاردىن ئاڭلىمىغانىدى. تېۋىپ كېسەللىك دىئاگنوزىنى ئېنىق ئۇقتۇرغاندىن كېيىن نەسىھەت قىلدى. سەۋەبىنىڭ ئالىمى ئىكەنلىكىنى، سەۋەب قىلمىسا ئاللانىڭمۇ بىكاردىن بىكارغا شىپالىق بەرمەيدىغانلىقىنى، ئاللانىڭ كىمنىڭ قولى ۋە قايسى دورا ئارقىلىق شىپالىق بېرىدىغانلىقى نامەلۇم ئىكەنلىكىنى، شىپالىق تېپىش ئۈچۈن سەۋەب قىلىش لازىملىقىنى سۆزلىدى. كېيىنكى گەپلەر شائىرنىڭ قۇلىقىغا كىردىمۇ - يوق، بۇنامەلۇم. ئەمما، دىئاگنوز ھەققىدىكى گەپلەرگە قارىتا ئۇنىڭ ئىدىيىۋى تەييارلىقى بولغاچقا بەكلا چۆچۈپ كەتمىدى، ئەكسىچە يەنە جاھىللىقى تۇتتى. 15-مايدىن باشلاپ ئۇ يەنە تېۋىپ بەرگەن دورىلارنى جاھىللىق بىلەن يېيىشكە باشلىدى. دورىنى يەپ بولۇپلا كۆڭلى ئېلىشاتتى. دەھشەتلىك «ھۆ» تۇتۇپ ياندۇراتتى. ئۆپكىسى سەل بېسىلغاندىن كېيىن يەنە يەيتتى. . .

17-ماي يەكەندىن يازغۇچى ياسىنجان سادىق بىلەن قەشقەردىكى شائىر كۆرەشجان ھۈسەيىن شائىرنى يوقلاپ كەلدى. ئۇلار شائىرغا سالامەتلىك تىلىگەن مۇۋەششەھنى چىرايلىق رامكىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىنقى كۈنلىرى شائىرنىڭ يەنە بىر ئۇستازى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى-نىڭ پروفېسسورى ئابلىمىت ئىسمائىلمۇ قەشقەردىن يوقلاپ كەلگەنىدى. . .

19-ماي شائىرنىڭ خوتەن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان دوستلىرىدىن ئابلىكىم ھاجىم، ھەبىبۇللا ھاجىم، يالقۇن ھاجىم ۋە ئابلەت، شىرزات قاتارلىقلار كېلىپ يوقلىدى. شائىرنىڭ چىرايىدىكى سېرىقلىقنىڭ يانمىغانلىقىغا قاراپ، ئوپېراتسىيە قىلىپ ئۆت سۇيۇقلۇقىنى ئۈچەي ئارقىلىق ماڭدۇرۇۋېتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ گەپ چوڭ غۇلغۇلا قوزغىدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆت سۇيۇقلۇقى ماڭدۇرۇۋېتىلسە، سېرىقلىق ياندىكەن، ئىشتىيى ئېچىلىپ تاماققا كىرىشىدىكەن. دورىلارنى «ھۆ» بولماي، ياندۇرماي يېيەلەيدىكەن. تېزراق ياخشىلىنىشقا پايدىسى بار ئىكەن. ئەمما كېسەلگەن يەرنىڭ تۇتماي، بىر كېسەلنىڭ ئىككى بوپقېلىش ئېھتىمالىمۇ بار ئىكەن. ئاخىرى يەنىلا دوختۇرلارنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىپ ئۆت سۇيۇقلۇقىنى ماڭدۇرۇۋېتىش تەكلىپى رەت قىلىندى. رەت قىلىشقا تولىراق ئەنسىرەشلەر سەۋەب بولدى. . . شۇ كۈنلىرى شائىرنىڭ يەنە ئىككى شېئىرلار توپلىمىنى تۈزۈش ئىشى ئاياغلاشتى. بىرى «رۇبائىيلار» توپلىمى، يەنە بىرى بارماق ۋەزنىلىك شېئىرلاردىن تۈزۈلدى.

شائىرنىڭ ئەھۋالى بىرقەدەر ياخشى بولغاچقا دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەتكە يازىدىغان خەتنى ئۆزى يازدى. ئىككى بەت خەت يېزىشقا پۈتۈن بىر كۈن سەرپ قىلدى. بۇ ئۇنىڭ كېسەل تەگكەندىن بېرى قولىغا تۇنجى قېتىم قەلەم ئېلىشى ئىدى. «مەن 12 مۇقامنىڭ 1-مۇقامى بوپقالغاچقا . . . » دەپ باشلاپتۇ خەتنى يەنە. شۇ كۈنى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئەبەيدۇللا ئىبراھىم شائىرنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ شائىر ۋە شائىر ئەسەرلىرىنى رەتلەۋاتقانلار بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشتى. شۇ كۈنلەردە، شائىر ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە شائىرنى داۋالاتقان تېۋىپنىڭ دورىسى خىل كەلمەيۋاتقاندەك تەسىرات پەيدا بولغانىدى. ئۇلار ئاستىرتتىن شائىرنى باشقا تېۋىپلارغىمۇ كۆرسىتىپ بېقىش كويىغا چۈشكەنىدى. شائىرنىڭ يېقىنلىرىدىن ھۆرمەتلىك ئابدۇقادىر تۇرسۇن مەرھۇم تېبابەت ئالىمى داموللا ئابدۇلھەمىد يۈسۈفىي ھاجىمنىڭ رېتسېپلىرىدىن تېپىپ پايدىلىنىش ئۈچۈن شائىرنىڭ تېۋىپىغا تەقدىم قىلدى. خوتەن ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكومىدىكى ئابدۇقادىر مەتسىدىق شۇمەكتەپنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلىغا بېسىلغان ئوخشاش كېسەلگە گىرىپتار بولغان باشقا بىر بىمارنىڭ داۋالىنىش تەجرىبىسىنى تەقدىم قىلدى. مەتتىمىن شېرىپ كونا شەھەردە ئولتۇرۇشلۇق 90 ياشلىق بىر پېشقەدەم - مۆتىۋەر تېۋىپنى باشلاپ كىرىپ كۆرسەتتى. كىشىلەرنىڭ كېيىنىدىكى داڭلىق تېۋىپ، تارىخچى ئوسمان ھاجىم قۇدۇقنى ئەكېلىپ كۆرسەتكۈسى بار ئىدى. بۈگۈن كەچكە يېقىن كىمدۇر بىرى كېرىيىلىك كىچىك ئوسمان ئاخۇن دېگەن تېۋىپنى باشلاپ كەپتۇ. بۇ كىشىمۇ مەرھۇم تېۋىپ ئەمەت ھاجىمنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىكەن. ئەمەت ھاجىمنىڭ يېنىدا 23 يىل تۇرۇپ ئۆگەنگەنىكەن. ئەمەت ھاجىمنىڭ بارلىق مەخپىي رېتسېپلىرى شۇ كىشىنىڭ قولىدا بارمىش. . . تېۋىپ شائىرنى كۆرۈپ، تومۇرىنى تۇتتى، ئەھۋالىنى سوراپ ئىگىلىدى ۋە ئاخىرىدا دورا ياساپ ئەۋەتىشكە ۋەدە بەردى. ئۇ كىشى كۆپرەك سەدىقە بېرىشنى تەكىتلىدى.

شائىر جاپا-مۇشەققەت، دەرد-ئەلەم، ئازاب-ئوقۇبەت تارتىش ئۈچۈنلا يارىتىلغانغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىنى ئەسلىگەن كىشى شۇنداق تەسىراتقا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۆمرى ئازابتىن ۋە يەنە ئازابتىنلا پۈتكەندەك، ئۇ بۇ دۇنياغا ئازاب تارتىش ئۈچۈنلا يارىتىلغاندەك تۇيۇلاتتى. خۇشھال، توق، بەختىيار ئۆتكەن چاغلىرى بەك ئاز ئىدى. نەۋائىي ھەزرەتلىرىمۇ دەرد-ئەلەم چەككەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭ دەرت-ئەلىمى شائىرنىڭ دەرت-ئەلىمىگە تۈپتىن ئوخشىمايتتى. ئوخشايدىغان جايلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن كۆپلىرى ئوخشىمايتتى. بولۇپمۇ ئەل دەردى پەرقلىنەتتى. نېمە ئامال؟ قىسمەت شۇنداق ئىكەن: ئىگىسى بەزىلەرگە يېنىك تۇرمۇش بەخش ئېتىدىكەن، بەزىلەر بىر ئۆمۈر بەختلىك ياشاپمۇ ئاخىرىدا يەنىلا ئازاب تارتماي تىنچلا باقىي ئالەمگە كېتىدىكەن. بەزىلەر بىر ئۆمۈر جاپا-مۇشەققەت، دەرد-ئەلەم تارتىپمۇ خۇشلۇقراق كۈنگە ئېرىشەلمەيدىكەن. تېخى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا

يەنە ئازاب ـ كېسەل ئازابىغا دۇچار بولىدىكەن. . . شائىرنىڭ ئەھۋالى ئەشۇ كېيىنكىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايتتى. . .

**22-ماي،** شائىرنىڭ ئەھۋالى ياخشى، ئاغرىق يوق دېيەرلىك، قىچىشىشمۇ نېمىشقىدۇر توختاپ قالغانىدى. ئۇ كېچە چۈش كۆرۈپتۇ. بۇ ئۇنىڭ ياخشى ئۇخلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. چۈشىنى سۆزلەپ بەردى:

بىر سېرىق ئىت ئارقىسىغا ئەگىشىۋالارمىش. ئۆيگە كىرسە ئۆيگە كىرىپ، تالاغا چىقسا، تالاغا چىقارمىش. ياتسا كارىۋات بېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالارمىش. . . شائىر: «ساق چېغىمدىغۇ قاۋاپ كوچىلاردا ماڭغىلى قويمايتتىڭ، ئەمدى ئاغرىپ ياتقىنىمدىمۇ ئەگىشىۋالغىنىڭ نېمىسى» دەرمىش. ئىت غايىب بولارمىش. . .

«دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىپ چۈش كۆرۈپلا، چۈشىدە ئايان بولغان ئىت دېگەن دۈشمەندۇر» دەپ تەبىر بېرىشتى شائىرغا ھەمراھ بولۇشقانلار.

شۇكۈنى شائىرنىڭ نېمىشقىدۇر مۇڭداشقۇسى كېلىپ تۇراتتى. يوقلاپ كېلىدىغانلار سىلىككەندە ئۇ نۇر مۇھەممەت توختى بىلەن ئۇزۇن مۇڭداشتى. ئائىلە ئىشلىرى توغرىسىدا ۋەسىيەت قالدۇردى. تۇغقانلىرى، بالا-چاقىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى سۆزلىدى. نۇرمۇھەممەت توختى خاتىرىلەپ، كېيىن رەتلەپ چىقتى. شائىر ۋەسىيەتنامىنىڭ ئاخىرىغا ئۆز قەلىمى بىلەن ئىسپات سۆزى يېزىپ ئىمزا قويدى. ۋەسىيەتنامىنىڭ ھەربىر بېتىگە، بەت ئۈستىگە ئىسپات سۆزى يېزىپ ئىمزا قويدى. ئۇ ھېلىمۇ ئىشنى پۇختا قىلاتتى. كېيىنچە كىملەرنىڭدۇ «بەت قوشۇۋاپتۇ» دېمەسلىكى ئۈچۈن شۇنداق قىلغانىدى. گەرچە نۇرمۇھەممەت توختى «ھازىر ياخشى بوپكەتتىڭلا، ۋەسىيەت يېزىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق» دېگەن بولسىمۇ شائىر ئۇنىمىدى. «جان بار يەردە قازا بار، ۋەسىيەتكە ئوخشاش بىر نەرسە تۇرۇپ تۇرسۇن، كېيىن ساقايغان ھالىمدىمۇ، سىلىدە تۇرۇۋەرسۇن» دېدى.

ۋەسىيەت يېزىش ئىشى تۈگىگەندە شائىر ھارغان ۋە ئۇسسىغانىدى. ئۇ ئۇسسۇزلۇق تەلەپ قىلدى. شائىر خانىم سىرتتىن ئۇسسۇزلۇق ئەكىردى. شائىرغا كېسەل تەككەندىن بېرى ئەڭ كۆپ جاپا چەككىنى، ئەڭ كۆپ ئەنسىزلىككە پاتقىنى، ئەڭ كۆپ كۆيۈپ ـ پىشقىنى، كېچە-كېچە ئۇخلىماي شائىردىن خەۋەر ئالغىنى، شائىرنىڭ تاھارىتىگە قاچاتۇتۇپ، ئېغىرىنى كۆتۈرگىنى مۇشۇ خانىم ئىدى. شائىرنىڭ سىڭلىسى، چوڭ قىزى، شائىر خانىمنىڭ ئاچا-سىڭىل، ئاكا-ئىنىلىرى كېچە-كۈندۈز كەتمەي شائىرغا ھەمراھ بولغانىدى. شائىر خانىم خوتۇنلۇق بۇرچىنى، تۇغقانلىرى تۇغقاندارچىلىق بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلغانىدى.

شۇ كۈنلەردە شائىر ساقىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىۋاتقانلىقىدىن ھەممە خۇشال ئىدى. خوتەندە ئاق ئۈجمە پىشقانىدى. شائىر يىلىنىڭ يېڭى مېۋىسىگە ئېغىز تەگدى. ئۈجمە نېرىپلارنى ياخشىلاپ، ئۇيقۇ كەلتۈرەتتى، بەدەنگە قۇۋۋەت بولاتتى. شائىر ھەرىيلى يازدا يېزىلارغا ئۈجمە يېگىلى چىقىدىغان ئۈجمە سەيلىسىنى ئەسكە ئالدى. «ئىمامى ئاسىم سەيلىسى» ئاياغلاشتىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. خوتەندە ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن مايىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدىغان «ئىمامى ئاسىم» سەيلىسى، ئىيۇندا قىزىيدىغان «ئۈجمە مازار خوجام» سەيلىسى، ئىيۇلدا تەكە شاپتۇل پىشقاندا ئۆتكۈزۈلىدىغان «كوھمارىم سەيلىسى» دېگەن مەشھۇر سەيلىلەر بولۇپ تۇراتتى. شائىر ئەشۇ سەيلىلەرنى يادىغا ئالدى. دوستلىرى ئۇنىڭ كوھمارىم سەيلىسىگىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىشاتتى. 23-ماي كۈنى ئۈرۈمچىدىن شائىرنىڭ دوستى قەييۇمجان ۋە ئەكبەر ھاجىملار يوقلاپ كەلدى. شائىرنىڭ كەيپىياتى يەنىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇلارغا كېچە كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بەردى: كەينىگە بىر ئىشپىيون ئەگىشىۋالارمىش. ئۇ ئەشۇ كىنولاردىكى شىلەپە كىيىدىغان، قاراكۆزەينەك تاقايدىغان، لىغ-لىغ رەختتىن ئىشتان-كۆينەك كىيىپ، قولىدا يەلپۈگۈچ كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ئىشپىيونلارغا بەئەينى ئوخشايمىش. تالاغا چىقسا ئارقىسىدىن ئەگىشىۋالارمىش، ئۆيگە كىرسە دەرۋازا سىرتىدا ساقلاپ تۇرارمىش. شائىر ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ: «ساق چېغىمدىغۇ ئارقامغا ئەگىشىۋېلىپ، تىڭ-تىڭلاپ ئارام بەرمەيتتىڭ، ئەمدى كېسەل ياتقاز چېغىمدىمۇ بىئارام قىلامسەن؟» دەپ ئىشپىيوننى قوغلارمىش. ئىشپىيون كەتكىلى ئۇنىماسمىش. ئىككىسى بىر-بىرىگە مۇش-پەشۋا ئېتىپ ئېلىشىپ كېتەرمىش. شائىرنىڭ پۇتى تەپسە يەتمەسمىش. ئۇ ئىككى قولى بىلەن ئىشپىيوننىڭ گېلىدىن بوغارمىش. شۇنداق چىڭ بوغارمىشكى، ئىشپىيوننىڭ كۆزلىرى پولتىيىپ چانىقىدىن سەكرەپ چىقارمىش، شائىر يەنىمۇ چىڭ سىقارمىش. . .

چۈشىدە ئىنجىقلاپ كەتكەن شائىرنى خوتۇنى ئويغۇتۇپتۇ. ئويغانسا شائىرنىڭ ياستۇقنى قاماللىغان قوللىرى كۈچىگەنلىكتىن ئاغرىپ كېتىپتۇ. . .

شائىرنىڭ بۇ چۈشىمۇ ئالدىنقى كۈنى كۆرگەن چۈشىگە ئوخشايتتى. پەقەت ئىتنىڭ ئورنىغا ئىشپىيون ئالماشقانىدى. ئۇ چۈشىدە، روھىي دۇنياسىدا نېمىدۇر بىر نەرسە بىلەن قاتتىق ئېلىشىۋاتاتتى. بەلكىم كېسەللىك بىلەن ئېلىشىۋاتقاندۇ. . .

ئۇنىڭ بۈگۈنكى چۈشىگە ئەكبەر ھاجىم تەبىر ئېيتتى: «كېسەللىكنى يېڭىپ چۈشەپلا، بۇ ياخشى باشلىنىش، ئاللا سىلىگە شىپالىق ئاتا قىلىۋېتىپتۇ» دەپ تەبىر بەردى. شائىرنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك ئىدى.

## شائىرنىڭ 26-ماي تاڭ ئاتار كېچە كۆرگەن چۈشى

بۈگۈن چۈشتە، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن قەييۇمجان، ئەكبەر ھاجىملار بىلەن شائىرنى يوقلاپ باردۇق. ئۇ ھويلىدىكى سۇپىدا يېتىپتۇ، ئەھۋالى ياخشى ئىكەن، ئاغرىقمۇ، قىچىشىشمۇ يوق. كېچە

ياخشى ئۇخلاپتۇ، چۈش كۆرۈپتۇ:

شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىم بىلەن يەكەنمۇ ياكى پوسكاممۇ بىر يەرگە بېرىپتۇ ئەبەيدۇللائىبراھىم: «بىزنىڭ ئىدارىنىڭ ئامبىرى» دەرمىش. ئۇلار ئامبارغا كىرەرمىش. شائىرنى كۆن نۇرلۇق لامپا، تۆمۈر-تەسەك، بولقا-ئامبۇر دېگەندەك نەرسىلەرنى رەتلەشكە بۇيرارمىش. شائىر ئۇلارنى رەتلەپتۇ. ئەشۇ قۇياش نۇرلۇق لامپىلار شۇنداق يوغانمىشكى، ئۇزۇنلۇقى سەككىز-ئون مېتىر، توملۇقى سەگۈتېرەكتەك كېلەرمىش. ئەمما پاسارەدەك يەڭگىلمىش. . . شائىر رەتلىگەن نەرسىلەر بىر چاغدا بايقىسا ماشىنىغا - يوغان بىر يۈك ماشىنىسىغا بېسىلىپ قالارمىش. شۇ چاغدا ئىدارە باشلىقى پەيدا بولارمىش. ناتونۇش كىشى، لېكىن ئۇلار بىزنىڭ ئىدارە باشلىقى دەرمىش. ئىدارە باشلىقى: «بۇلارنى ئەكەتسەڭلار بولمايدۇ» دەپ توسۇۋالارمىش. شائىر بىلەن ئەبەيدۇللا ئىبراھىم: «شۇنچىلىك نەرسىنى بەرمىسەڭلا بىز قانداق ئاغىينە» دەرمىش. ئىدارە باشلىقى: «بىز ئاران مۇشۇ نەرسىلەرگە تايىنىپ جان ساقلاۋاتىمىز، ئەكەتمەڭلار» دەرمىش. ئۇلار: «قولۇڭ يەتسە سەنمۇ ئال، لېكىن باشقىلارغا ئىتلاشما، بۇ شۇنداق جاھان» دەرمىش. ئۇزۇن لاش-تارتىش قىلارمىش. بىر چاغدا ماشىنىمۇ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىممۇ غايىب بوپتۇ. شائىر بىلەن ئىدارە باشلىقلا قاپتۇ. ئەمما ئۇلار بىر پايانسىز چۆلدە تۇرارمىش. چۆلگە كىرىپ قاپتۇق، دەپ ئويلارمىش. قۇملۇقتا مېڭىشارمىش. ئۇلارنىڭ ئالدىدا سانسىز، سېمونتتىن ياسالغان كىچىك-كىچىك كۆلچەكلەر پەيدا بولارمىش. ئۇلار كۆلچەكلەرنىڭ قىرلىرى بىلەن تايتاڭلاپ، ئېھتىيات بىلەن ماڭارمىش. قارىسا، كۆلچەكلەردە سانسىزلىغان جەسەت - قۇرۇق سۆڭەك، ئىسكىلىتلار قالايمىقان ياتارمىش، بەدەنلىرى زەپىرەڭدەك سېرىقمىش. شائىر بىلەن ئىدارە باشلىقى تەكشۈرگۈچىلەردەك سىنچىلاپ قاراپ جەسەتلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۆلگىنىگە مىڭ يىل، بەزىلىرىنىڭ ئۆلگىنىگە 800 يىل بولغانلىقىنى بىلەرمىش. ئۇلار ئۆلگەنلەرنى مۇشۇ كۆلچەكلەرگە تاشلايدىكەن، دەپ ئويلارمىش. شۇئەسنادا ئىدارە باشلىقى : «سىزمۇ چۈشۈپ كۆرۈپ بېقىڭ» دەپ شائىرنى كۆلچەككە ئىتتىرەرمىش. چاقچاق قىلغاندەك كۈلۈپ تۇرارمىش. شائىر مۆدۈرەپ قۇدۇققا چۈشۈپ كېتەرمىش. لېكىن پۇتى جەسەتلەر بار يەرگە يەتمەسمىش. توختاپ قالارمىش. نېمە بولغاندۇ دەپ بايقىسا، قولى سېمونت كۆلچەكنىڭ قىرىغا ئىلىنىشىۋالغانمىش. ئۇ، تىرىشارمىش، بار كۈچى بىلەن يۇقىرىغا يامىشارمىش. ئاخىرى، يامىشىپ مىڭ بىر جاپادا كۆلچەك قىرىغا چىقىۋالغانمىش. . .

شائىر ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئېسىگە كەلسە ھاسىراپ-ھۆمىدەپ كەتكەنىكەن. بىز شائىرغا: «كېسەللىك ئۈستىدىن غالىب كەپسىز» دەپ چۈشىگە تەبىر بېرىشتۇق. ئۇ، چوڭقۇر خىيالغا پاتقاندەك كۆرۈنەتتى. تىنچ ياتاتتى. ئۇ بۈگۈن چۈشتىن باشلاپ كىچىك ئوسمان ئاخۇن تېۋىپ ياساپ بەرگەن دورىنى يېيىشنى باشلاپتۇ. ئۇ كىشى 20-مايدا دورا ياساپ ئەۋەتىشكە ۋەدە قىلىپ كەتكەنىدى. تۈنۈگۈن دورىنى ئەۋەتىپتۇ. ئېھتىيات ئۈچۈن سۈت تەييارلاپ قويۇپ ئاندىن دورىنى ئىچىش كېرەك ئىكەن، قىزىتىپ قالسا سۈتنى ئىچىپ زەھەر قايتۇرۇش كېرەك ئىكەن. لېكىن شائىرغا ئەكس تەسىر بىلىنمەپتۇ. قىزىش ھېس قىلماپتۇ. . .

ئاللانىڭ شائىرغا شىپالىقنى كىمنىڭ قولى ئارقىلىق بېرىشى نامەلۇم. بەلكىم ئاللا تاللىغان شىپا بەخش قول ئەشۇ كېرىيىلىك ئادەمنىڭ قولىدۇ. . .

## شائىر روزى سايىتنىڭ 27-ماي تاڭ ئاتار كېچە ۋە 28-ماي تاڭ ئاتار كېچە كۆرگەن چۈشلىرى

سائەت يەتتە يېرىمدا يوقلاپ كىردىم. ئۇ ئويغاق، توڭگۈلۈپ ياتقانىكەن. ئۇنىڭ ئىگرىماي ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. ئۇ ئۈچ كۈندىن بېرى كېرىيىلىك كىچىك ئوسمان ئاخۇن ياساپ ئەۋەتكەن دورىلارنى يەۋاتاتتى. ئاخشام ئۇنىڭ پۇتىنى-تىزىنىڭ ئاستىنى قىز بوۋاق ئېمىدىغان سۈت بىلەن ئۇۋۇلاپتۇ. ئىسسىق كەلگەن بولسا كېرەك، كېيىن پۇتىنىڭ ئۇۋۇلىغان قىسمى ئاغرىپ-تېلىپ خاپا ساپتۇ، بالا-چاقىلىرى تۇتۇپ بېقىپتۇ، توختىماپتۇ، لېكىن ئىسسىق سۇ بىلەن پۇتىنى يۇيۇپتۇ. كېچىچە يەنىلا ئاۋارە قىپتۇ. ئاز ئۇخلاپتۇ.

تۈنۈگۈن ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولماي كىرەلمىگەنىدىم. شائىر ئويغۇنۇپلا: «نۇراخۇن كىرسە، چۈشۈمنى دەپ بەرسەم بولاتتى» دېگەنمىش. بۈگۈن كىرىشىمگىلا ئۇ ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىقىنى ئېيتتى. «كېرىيىدىن ئەۋەتكەن دورىنى يەپ بولغاندىن كېيىن گۆش يېيىشكە كىرىشسەم بولىدىكەن. ئالدىدا چۈجە گۆشى يەيدىكەنمەن. ماغدۇرۇمغا كەلسەم، بىر ماشىنا سېتىۋېلىپ يىراقلارغا بېرىپ يۇرت كۆرۈپ كەلسەك بولاتتى» دېدى. مەن: «ماشىنا سېتىۋالمىساقمۇ، قاسىم ئاخۇن، مەمتىمىن قۇربان ھاجىم قاتارلىق ئاغىينىلەر ماشىنىسى بىلەن ئاپىرىدۇ. ئالدى بىلەن ماغدۇرۇڭلىغا كېلىڭلا» دېدىم. ئۇ، تۈنۈگۈن كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇ چۈشىدە ياردائىلىقتا ئوخشايدىغان ئېگىز بىر يەردە ياتقۇدەكمىش. خوتۇنى يېنىدا بارمىش. ئەتراپتا روزاخۇن ئەجدادلىرىم دەپ ئويلىغان ئىنسانلارغا ئوخشايدىغان يېرىم يالىڭاچ كىشىلەر بۇغداي ئورۇپ يۈرەرمىش. قاياقتىندۇر دۈشمەن ئاتقان يائوقلىرى ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كېلەرمىش. لېكىن كىشىلەرگە تەگمەي، ئۇلارنىڭ ساپلا چاترىقىدىن ئۆتۈپ ئارقىسىدىكى تامغا قادىلارمىش. كىشىلەر ئوقيالارنى يۇلۇۋالارمىش ۋە: «ئۇلار ئوق ئاتسا ئېتىۋەرسۇن، بىز بۇغدىيىمىزنى ئورۇۋېرەيلى، دۈشمەن بىلەن كارىمىز بولمىسۇن. . . » دېيىشەرمىش. . . روزاخۇن ئويغىنىپ كېتىپتۇ. . .

28-مايغا تاڭ ئاتار كېچە روزاخۇن يەنە ھېلىقى چۈشىنىڭ داۋامىنى كۆرۈپتۇ:

بىر ئېگىزگە قاراپ سوزۇلغان يانتۇلۇق، تەكشى قۇملۇق، ئېگىزدە ۋىلايەتلىك دوختۇرخانابار-

مىش. ئەتراپتا ئىندىئانلار بوغداي ئورۇپ يۈرەرمىش. روزاخۇن بىر قىر بىلەن كېلىپ قۇملۇقتا كۆمۈلۈپ ياتارمىش. پەستە مازار كۆرۈنۈپ تۇرارمىش. ھىندىئانلار كېلىپ: «بۇمۇ ئۆلۈككەن، كۆمۈۋېتەيلى» دەرمىش ۋە روزاخۇننى كۆمۈشكە باشلاپتۇمىش. ھەممە يېرىنى كۆمۈپ بېشىنى كۆمۈشكە باشلىغاندا، روزاخۇن: «مەن تېخى تىرىك، نېمىشقا كۆمۈسىلەر» دەپ ھىندىئانلارنى تىللارمىش، قولىنى توپىدىن سۇغۇرۇپ چىقىپ ئۇلارغا غەزەپ بىلەن توپا چاچارمىش. ئاخىرى ئىندىئانلار: «بۇ ئادەم تىرىككەن، كۆممەيلى» دەپ كېتىپ قالغانمىش. روزاخۇن قۇمدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، يارداڭلىقنى بويلاپ ماڭغانمىش. يولدا ئاق پارقىراق نەرسىلەر ئۇچرارمىش. روزاخۇن ئۇنى ئالتۇن ياپراقچە دەرمىش. ئالتۇن ياپراقچىلارنىڭ چوڭلىرى ئالقاندەك-ئالقاندەك كېلەرمىش. روزاخۇن ئۇلارنى ئېتىكىگە تېرەرمىش. تېرىپ-تېرىپ جېلىل ئاخۇن زەرگەرنىڭ ئۆيىگە كەپقالارمىش. ئۇ يارداڭلىقتىن-مىش. ئالتۇن ياپراقچىلارنى جېلىل ئاخۇن زەرگەرگە كۆرسىتەرمىش. جېلىل ئاخۇن زەرگەر: «بۇلار ئالتۇن ئەمەس، ئالتۇنغا ئوخشايدىغان نەرسە» دەرمىش. روزاخۇن: «مەن بۇلارنى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئالتۇن تاۋلىغان يەردىن تېرىۋالدىم. قەدىمكى زاماندا ئالتۇن مۇشۇنداق ئاق ئىدى، ھازىر سارغىيىپ كەتتى» دەرمىش. ئۇلار ئۇزۇن تاكاللىشىپتۇ. جېلىل ئاخۇن زەرگەر بىر ياپراقچىنى قولىغا ئېلىپ: «بۇ مىس، ئالتۇن ئەمەس» دەرمىش. روزاخۇن: «راست، بۇ مىس، قالغىنى ئالتۇن. ئەجدادلىرىمىز بابۇرشاھنىڭ ‹كۆكنۇر› نامىلىق ئالمىسىنى ئالتۇن ئۈزۈككە ئورناتماقچى بولغاندا، ئالتۇن يۇمشاق بولغاچقا ئالماسنى تۇتۇپ تۇرالمىغان. شۇڭا بۇ مىس بىلەن باغلاپ قويغان» دەرمىش. ئۇلار بىر-بىرىنى قايىل قىلالماپتۇ. روزاخۇن ئويغىنىپ كېتىپتۇ... بىز ئۇنىڭغا «رىسقى چۈش كۆرۈپسىلە، بايلىق چۈشى كۆرۈپسىلە، يەنە رىسقىڭلا بار ئىكەن» دەپ تەسەللىي بەردۇق. ئۇنىڭ ھىندىئانلارنىڭ كۆمۈپ تاشلىغان يېرىدىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىغا «كېسەللىك ئۈستىدىن غالىب كەپسىلە» دەپ تەبىر بەردۇق.

شائىر كۆزىنى يۇمۇپ جىم بوپقالدى. ھېچكىم گەپ قىلمىدى. ئۆي سۈكۈناتقا چۆمدى. نۇرمۇھەممەت توختى: «ئېسىڭلا ھېلىمۇ ياخشىكەن. چۈشۈڭلىنى ئەستە قالدۇرالايدىكەنسىلە، مەن چۈشۈمنى ئەسكە ئالالمايمەن» دېدى. شائىر: «شۇنداق كۆپ شېئىرىي مىسرالارنى چۈشەيمەنكى، ھەممىنى يېزىۋالغۇم بار، ماغدۇرۇم يوق. خىيالىممۇ، چۈشۈممۇ شېئىر. شېئىردىن زېرىككۈدەك بوپكەتتىم» دېدى. يەنە كۆزىنى يۇمدى. كېيىن شائىر: «ھېچكىم يوق قۇملۇققا كېتىپ كۆمۈلۈپ ياتقۇم بار، خەۋەر ئالىدىغانلار يىراقتا، ماڭا كۆرۈنمىسە، يالغۇز ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتسام...» دېدى. كېيىن بىز يۇرت ئارىلاش، يۇرت كۆرۈش ھەققىدە يەنە ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق.

## 2001-يىل 29-ماي

ئەتىگەن سائەت توققۇزلارغا يېقىن شائىرنىڭ يېنىغا كەلدىم. شائىر ھويلىدا ياتقانىكەن. ھويلىدا بالا-چاقىلىرىدىن باشقا رەجەپ يۇسۇپ، تۇردى ئەخمەت ۋە ساۋاقدىشىمىز سادىق بار ئىكەن. بۈگۈن شائىرنىڭ ئەتىگەندىلا سىرتقا چىقىپ ياتقۇسى كەپتۇ. ئۆزى ئۆيدىن چىقىپ سۇتۇرۇبىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ يۈز-كۆزىنى يۇيۇپتۇ ۋە ھويلىدىكى سۇپىدا يېتىپتۇ. ئاخشام ئۇ ئازراق پېچىنە يېگەنىكەن، ئاشقازىنى ئېچىشتۇرۇپ بىئارام قىپتۇ. كېچە سائەت بىرىپېرىملاردا بىر قېتىم كىچىك تەرەتتى كەپتۇ، ئارقىدىن بۇرنى قاناپتۇ. خانىمىنىڭ ئېيتىشىچە، 20 يىلدىن بېرى ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ قانىغىنىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىكەن. كىچىك-كىچىك تۆت مونەك ئۇيۇغان قان چۈشۈپتۇ. بىر قوشۇقتەك قان ئېقىپتۇ. ئەتىگەندە خانىمى ئۇنىڭغا ئاتاپ بىر توخۇ قان قىلىپ نەزىر قىپتۇ...

رەجەپ يۇسۇپ، تۇردى ئەخمەتلەر ئۇزۇنغىچە پاراڭ قىلىپ ئولتۇرۇشتۇق. شائىر يەنە ماشىنا بىلەن يىراق-يىراقلارغا بېرىپ سەيلە قىلىشنى تىلغا ئالدى. «تېز ماڭماي، كۈنىگە 60 – 70 كىلومېتىرچە مېڭىپ، داللارغا چېدىر تىكىپ قونۇپ...» دېدى ئۇ.

رەجەپ يۇسۇپ، تۇردى ئەخمەتلەر قايتقاندىن كېيىن، قەشقەردىن كەلگەن، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ئابلاجان قاتارلىق ئۈچ كىشى يوقلاپ كەلدى. شائىر ئۇلار بىلەن قىزغىن پاراڭلاشتى. قەشقەردە ئوقۇغان چاغلىرىدىكى ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئىشلىرىنى ئەسلىدى. ئابلاجان قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ شائىرغا ئوخشاش مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىسىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى، كېلەر يىلى ئىنىستىتۇت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىدە شائىرنىڭ كىتابلىرى ۋە مۇكاپاتنامىلىرىنى كۆرگەزمىگە قويۇدىغانلىقىنى ئېيتتى. نۇرمۇھەممەت توختى شائىرغا ۋاكالىتەن ئۇ ماتېرىياللارنى تەييارلاپ بېرىشكە ۋەدە بەردى. ئابلاجان قاتارلىقلار خوشلىشىپ قايتماقچى بولدى. شائىر ئۇلارنى ئۇزۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ، ئانا مەكتىپىدىن كەلگەنلەرنى كۆرۈپ ھاياجانلانغانىدى. ئۇلارغا ئۆزىنىڭ تېخى ماڭالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولدىمۇ، خانىمىنىڭ يۆلىشىنى رەت قىلىپ سۇپىدا ماڭدى. «ۋايجان!» شائىر خانىمىنىڭ دەھشەتلىك چىرقىرىشى ئاڭلاندى. شائىر كارىدورنىڭ ئىشىكى ئالدىدا – چىنەخىش ياتقۇزۇلغان يەردە تېيىلىپ يىقىلغانىدى. ئەتراپتىكىلەر ئەقلى-ھوشىنى تاپقاندا، شائىر يەردە سۇنايلىنىپ ياتاتتى. ئۇنى ئوپۇل-توپۇل يۆلەشتۇق، ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزدۇق. شائىر ئاستىنقى لەۋلىرىنى چىشلىۋالغان چېغى، چىشلىرى قان يۇقى ئىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ سەل تىنچلاندى. مېھمانغا قاراپ: «يەردىكى ساپما كەشنى ئالاي دەپ ئېڭىشكەنتىم، بېشىم قايغىنى يوق» دېدى. راستىنلا

بېشى قايىمغان بولۇشى مۇمكىن. 80كۈن كېسەل تارتقان شائىرنىڭ تېنى ماغدۇرسىز ئىدى. ماغدۇرسىزلىق ئۇنىڭ يىقىلىشىغا سەۋەب بولغانىدى. ئۇ، مېھمانلار بىلەن قايتا خوشلاشتى. شائىر بىرنەرسە يېگۈسى بارلىقىنى ئېيتىپ، قايناقسۇغا چىلانغان نان يېدى. سەل قىزىغاندەك بولۇپ ھۆل تەرلىدى. ئايالى تېمپېراتورا ئۆلچىگۈچ بىلەن ئۆلچىدى. ياق، ئۇنىڭ ئىستىمىسى ئۆرلىمەپتۇ. شائىر تىنچ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارانلىرى بېشىدا قاراپ ئولتۇراتتى. . . ئۇنىڭ بەدىنى تەكشۈرۈلدى. ھېچ يەر زېدە بولماپتۇ. سۆڭەكمۇ سۇنماپتۇ. شائىر كىچىك ۋاقتىدا «گۈزەل ئىستىقبال» خەلق كوممۇنىسى 1-چوڭ ئەترىتىنىڭ قورۇلۇش ئەترىتىدە كېسەك تۆككەن چاغدا، ئۆجمىدىن يىقىلىپ قولى سۇنۇپ كەتكەنىدى. 1999-يىلى يازنىڭ يامغۇر ياغقان بىر كۈنى موتسىكلىت بىلەن كېتىۋېتىپ تېيىلىپ كېتىپ ئوقرەك سۆڭىكى سۇنۇپ كەتتى. بۇ قېتىمقى يىقىلىش - شائىرنىڭ نۇرمۇھەممەت توختى بىلىدىغان ئۈچىنچى قېتىم يىقىلىشى ئىدى. خۇداغا شۈكرى، ھېچنېمە بولماپتۇ. . . قايسى كۈنى نۇرمۇھەممەت توختى ئاپتوۋۇزدىن چۈشۈۋېتىپ يىقىلىپ كەتتى. قاتتىققۇ يىقىلمىدى. لېكىن يەنىلا كاسىسى يەردە قالدى. ئاپتوۋۇزدىكى بىلەت ساتقۇچى ئايال چىرقىراپ كەتتى. مانا شۇنداق گەپ. ھېچكىم «يىقىلمايمەن» دېيەلمەيدۇ. ۋاھالەنكى يىقىلىشنىڭ خاراكتېرى بولسا، باشقا - باشقا ئىش. شائىرنىڭ يىقىلىشى كېسەللىك پەيدا قىلغان ماغدۇرسىزلىقتىن، نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ يىقىلىشى كالامپايلىقتىن. يەنە باشقىلارنىڭ يىقىلىشى بولسا ، بەلكىم ئۇلارنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. يىقىلىش دېگەن بوپ تۇرىدۇ، پەقەت ئاقىۋىتى يامان بولمىسىلا ، ئۇنى يامان ئىش دېگىلى بولماس. شائىر ئۆزىنىڭ ماڭالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا بەكلا ئالدىراپ كەتمىسۇن. ئالدى بىلەن ماغدۇرىغا كەلسۇن، ئەنە شۇ چاغدا. . .

ئۈچ-تۆت كۈندىن كېيىن شائىرنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئىدى. مۇنۇ يىقىلىش كۆز تەگكەنلىك ئەمەسمىكىنە؟ شائىرنى ئىسرىقلاپ قويۇش كېرەك. ئەتە چارشەنبە. سەھەردە يول تەرمىچى تېرىپ ئىسرىقلاپ قويۇش كېرەك. . . چۈشتىن كېيىن شائىرنى يوقلايدىغانلار ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى. مەتقاسىم ئەكرەم ھاجىم بىلەن ئابدۇللا مەمتىمىن كەلدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە: شېۋىلەر لۇغىتىنى ئىشلەشتە بىرلىككە كېلىش، كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ بەزى چۈشەنچىلەرنى بېكىتىش -گرامماتىكىلىق تەركىبىنى ئايرىش كېرەك ئىكەن. . . ئەبەيدۇللا ئىبراھىم كەلدى. قاغىلىق تەرەپتىن كېلىشى ئىكەن . شائىر ئويغىنىپ خېلى ئۇڭشىلىپ قاپتۇ. ئۇزاق پاراڭ سېلىشتۇق. ئەبەيدۇللا ئىبراھىم لۇغەت سۆزلىرىنىڭ قايسى ئېتنىك تۈركۈمگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئايرىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تالاش-تارتىش قىلدۇق. قەدىمدە، چېگرا بولمىغانلىقتىن سۆزلەرنىڭ بەزىسى ئورتاق بولۇشى مۇمكىن. ھەممە تەڭ ئىشلىتىدىغان سۆزلەر بولۇشى مۇمكىن. ھازىرقى زامانغا كەلگەندە كىم بۇرۇن لۇغەت تۈزسە، شۇ ئالدى بىلەن سۆزلەرگە ئىگىلىك ھوقۇقى جاكارلىغاچقا كېيىن قالغانلار سۆز نامراتلىرىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇشى ئېھتىمال. شۇڭا سۆزلەرنى قانداقتۇ پالانى ئېتنىك تۈركۈمدىن قوبۇل قىلىنغان دېيىش - ئۆزىنى چۈشۈرگەنلىك بولىدۇ. ئەبەيدۇللا ئىبراھىم: «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دا تىلغا ئېلىنغانلىرى ئۇيغۇرلارغا تەۋە، قالغانلىرى كېيىن باشقىلاردىن قوبۇل قىلىنغان» دېدى . شائىر: مەھمۇد قەشقەرىينىڭ خوتەنگە تۇتقان چەتكە قېقىش پوزىتسىيىسى ئىلمىيلىكتىن يىراق. خوتەن تىلىدىن ئاران 51سۆز ئالغان. . . دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇنازىرە قىزىپ كەتتى. خوتەن بىلەن قەشقەرنىڭ قايسىسىنىڭ بۇرۇن ئۇيغۇرلاشقانلىقى، مەھمۇد قەشقەرىينىڭ خوتەننى چەتكە قېقىش پوزىتسىيىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەر ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇر سۆزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتىش -كېتەلمەسلىك مۇمكىنچىلىكى قاتارلىقلار ھەققىدە ئىلمىي تالاش-تارتىش بولدى. چوڭ ۋە مۇھىم بىر ئىلمىي دېسسېرتاتسىيىنىڭ تېمىسى ئېچىپ بېرىلدى. پەقەت خاتىرىلەشلا كەم بولدى. ئەگەر بىرەر تېز خاتىرىلىگۈچى بولغان بولسا. . .

شائىر چۈشتىن كېيىن بىر چۈجىنىڭ پاچاق-قاناتلىرىنى يەپتۇ، يەنە يېگۈسى بار ئىكەن. لېكىن. . . بۇ ئۇنىڭ گۆش يېيىشكە كىرىشىشى . ئاستا-ئاستا كۆپەيتىش كېرەك. سەل ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ئىشلارمۇ بار. ئۇ ئون نەچچە تال ئۆرۈك، 40 - 50تال جىنەستە يەپتۇ. نۇرمۇھەممەت توختى سەل كايىدى. شائىر: « گىلىمدىن ئۆتكىنىنى يېگىلى قويۇڭلا. . . » دېدى. چۆجە گۆشى، ئۆرۈك، جىنەستە ئۇنىڭغا قانداقراق تەسىر قىلاركىن؟ . . . بۈگۈن كېرىيىلىك كىچىك ئوسمان ئاخۇن تېۋىپ ياساپ بەرگەن دورا تۈگىدى. شائىر ئۇنى ئۈچ كۈن يېدى. ئۆزىنى ياخشى سەزدى. ئەسلى بۈگۈن كىچىك ئوسمان ئاخۇن تېۋىپ كېلىپ شائىرنى كۆرمەكچى - كۆزەتمەكچى، يېڭى دورا ياساپ بەرمەكچى ئىدى. مۇھەممەت چاۋار بەرگەن تېلېفون ئېنىق بولمىغانمۇ ياكى كېرىيىنىڭ ھاكىمى ئېنىق ئاڭلىيالمىغانمۇ، مۇھەممەتئەيسا قۇربان چوڭ ئوسمان ئاخۇننى ئەكەلمەكچى بوپتۇ. كېيىن ئەكېلىشكە تېگىشلىك ئادەمنىڭ ئۇ ئەمەسلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇلار ئەتە كەلمەكچى. . .

## شائىرنىڭ 30-مايدىكى ئەھۋالى

ئەتىگەن سائەت توققۇزلارغا يېقىن كېرىيىدىن مۇھەممەتئەيسا قۇربان ھېلىقى كىچىك ئوسمان ئاخۇن دېگەن تېۋىپنى ئەكەپتۇ. تېۋىپ يەنە يەتتە كۈنلۈك دورا ياسىغاچ كەپتۇ. مۇھەممەتئەيسا قۇرباننىڭ ھېكايە قىلىشىچە، باش كاتىپ مۇھەممەت چاۋار بەرگەن تېلېفون كېرىيىدە ئالتوپىلاڭ چىقارغانمىش. ھاكىملار تەرەپ-تەرەپكە چېپىپ مۇھەممەتئەيسانى تېپىپتۇ. شائىرنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى بىزگە

دېمەپلا، دەپ كايىپتۇ ۋە دەرھال ماشىنا تېپىپ تېۋىپ بىلەن ئۇنى خوتەنگە ماڭدۇرۇپتۇ. زورۇر بولسا خوتەندە تۇرۇش، زورۇر بولمىسا قاچان زورۇر دېسە شۇ چاغدا خوتەنگە بېرىش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىپتۇ. مۇھەممەتئەيسا ھوقۇق نوپۇزىنىڭ ۋايىغا يەتكەنلىكى توغرىسىدا توختالدى. نۇرمۇھەممەت توختى ئۇنىڭغا: «ھەرقانداق نەرسە تەتۈرىگە يېنىش ئالدىدا ۋايىغا يېتىدۇ» دەپ نەقىل بىلەن جاۋاب بەردى. جۇڭگونىڭ تارىخىدا ئىزچىل ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ھوقۇق بازار ئىگىلىكىنىڭ رىقابىتىگە دۇچ كېلىۋاتاتتى. ئۆتكۈنچى دەۋرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇ، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى پۇلدىن، ئەخلاقتىن، ئېتىقادتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى، ھېچنېمىنىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلمىدى، ئېرىشىدىغان بارلىق نەرسىلەرگە ئېرىشتى. مانا ئەمدى پۇل ئۇنىڭغا خىرىس قىلىۋاتاتتى. ئەنئەنىۋى غەرب جەمئىيىتى پۇل ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇ يەردە پۇل بولسا ھوقۇق بولىدۇ. جۇڭگودا ھوقۇق بولسا پۇل بولىدۇ. ئۇ يەردە پۇل بولسا ئالىيجاناب ئەخلاق بولىدۇ. جۇڭگودا ھوقۇق بولسا ئالىيجاناب ئەخلاق بولىدۇ. ئۇ يەردە پۇل بولسا ئېتىقاد بولىدۇ. بۇ يەردە ھوقۇق بولسا ئېتىقادنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. ئۇ يەردە پۇل بولسا ھەممە بولىدۇ. بۇ يەردە ھوقۇق بولسا ھەممىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى شۇنداق بوپكەلدى. ئەمدى بۇ ئۆزگىرىۋاتاتتى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى جۇڭگو ھوقۇقچىلىقىنى پۇلغا يان بېرىشكە قىستاۋاتاتتى. بۇ، مۇقەررەرلىكتەك تۇيۇلاتتى. ھوقۇق ئۆزىنىڭ، ئۆز ئورنىنىڭ تەۋرىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەن چاغدا نېمە ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يۈكسەكلەرگە بويۇن سوزمىسۇن!؟ ئۇ، ۋايىغا يەتتى، راسا ۋايىغا يەتتى. بۇ، چېكىنىش - ئورۇن بىكارلاش ئالدىدىكى ئاخىرقى تىرىكىشىش. يېڭى ئەسىر ئۇنىڭ ئورۇن بوشىتىشىغا تەقەززا. ئەمدى گۈللىنىۋاتقان بازار ئىگىلىكى ۋە پۇل ئالدىغا چىقىدۇ. پۇل ھوقۇقنى مەنسىتمەيدۇ. پۇل ھەممىگە ئېرىشىش ئۈچۈن كۈرىشىدۇ، ھەممىنى سېتىۋالىدۇ، ھوقۇقنىمۇ، ئەخلاقنىمۇ، ئېتىقادنىمۇ سېتىۋالىدۇ. قاراڭ، ھېلىقى پەسەندىلەر ئارىسىدا تارقالغان: «پۇل بولسا جەننەتنىمۇ سېتىۋالغىلى بولىدۇ» دېگەن تېتىقسىز گەپ ئەشۇ پۇل زومىگەرلىكىنىڭ شەپىسى ئەمەسمۇ؟ بىر شەيئى قانچە تېز ۋايىغا يەتسە، شۇنچە تېز گۇمران بولىدۇ. قانچە يۈكسەك ئورۇنغا كۆتۈرۈلسە شۇنچە قاتتىق يىقىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەلسەپىدىكى گەپلەر. ھازىرچە ھوقۇقنى ۋايىغا يەتكىلى قويۇڭ. ئاغرىنماڭ. . .

شائىرنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئىدى. كىچىك ئوسمان ئاخۇن تېۋىپ ئالدىنقى قېتىم ئەكەلگەن دورىلارنى يەپ بولغان، ئۆزىنى ياخشى سېزەتتى. ئىشتىيى، تاھارىتى ياخشى ئىدى. سۈيدۈكى ئالدىنقى كۈنلەرگە قارىغاندا سەل قويۇلۇپ قالغان. بۇنىڭ سەۋەبى ئەشۇ بىر كۈنى - توغرىسى 25-ماي كۈنى يېگەن بىر زىق كاۋاپتىن كۆرۈلدى. ئەشۇ كۈنى ئۈچ ئايدىن بېرى گۆش دىدارى يېمىگەن شائىر كۆڭلىنىڭ كاۋاپقا تارتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. نۇرمۇھەممەت توختى كاۋاپ ئەكەلدى. شائىر بىر زىخ كاۋاپ يېدى. پەقەت بىر زىخلا. . . مانا ئەمدى ئۇ ئەكس تەسىر بېرىپتۇ. كېرىيىلىك تېۋىپ: «ئېغىر كېسەل ئادەمگە كۈچلۈك تاماق - كاۋاپ بېرىش - نادانلىق. تەمسىللەردە «نادان دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى» دېيىلىدۇ. نادان دوستلىرى سىلىگە زەھەر بېرىپتۇ» دېدى شائىرغا. نۇرمۇھەممەت توختى نادان بولۇپ چىقتى. ئۇ راستىنلا نادان بولۇشى مۇمكىن. كۆپ چاغلاردا كۆپنى بىلىمەن دېگۈچىلەر نادان بولۇپ چىقىدۇ. ئۇ، تېبابەتچىلىكتىن نېمىنى بىلەتتى؟ پەقەت شائىرنىڭ بىر نەرسە يېگۈسى كەلگەنلىكىگىلا خۇشال ئىدى شۇ.

تېۋىپ پاراڭچى ئادەمكەن. توختىماي گەپ قىلىپ ئولتۇردى. ئۇستازى ئەمەت ھاجىمنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى ئەسلىدى. تېۋىپقا ئىشىنىشنىڭ ئىماندىن ئاجراشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېزىپ چۈشەندۈردى. «ئامالنى بىز قىلىمىز، شىپالىقنى خۇدا بېرىدۇ» دېدى. سەدىقىنىڭ بالانى، تەۋبىنىڭ گۇناھنى توسىدىغانلىقى ئۈستىدە توختالدى. سەدىقە بېرىشكە، نامراتلارغا كۆپلەپ سەدىقە بېرىشكە دەۋەت قىلدى. دۇئامۇ ياخشى ئەمەل ئىكەن. ئايال كىشى دۇئاقىلسا ئۈچ كۈندىلا ئىجابەت بولارمىش. تېۋىپ شائىر خانىمنى ئېقىن سۇ بويىدا، سۈيى غەربتىن شەرققە ئاققان ئۆستەڭ بويىدا بىر كېچە تۈنەپ شائىرغا سالامەتلىك تىلەپ دۇئا-تەكبىر قىلىشقا بۇيرىدى. ئۇ توختىماي سوزلەيتتى. شائىر كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. بېشىنى تېۋىپ تەرەپتىن يەنە بىر ياققا بۇرىۋالدى. ئۇ نېمىدىندۇر بىزار بولغاندەك قىلاتتى. ھەقەمسايىلاردىن ئابابەكرى راخمان، ئابلەت ئابدۇللا قاتارلىقلار كەلدى. نۇرمۇھەممەت توختى نادان بولسىمۇ بىمارنىڭ ئادەمدىن، تولا گەپتىن زېرىككەنلىكىنى تۇيغانىدى. ئۇ، تېۋىپ ئاخۇنۇمغا ۋە مۇھەممەتئەيسا قۇربانغا قاراپ: «مېھمانخانىغا چىقىپ چاي ئىچكەچ پاراڭلاشساق . . .» دېدى. شائىر ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ قويدى. ھويلىدا شائىرنىڭ قىزى ۋە كۈيئوغلى ئۇچرىدى. تېۋىپ ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلگەندىن كېيىن: ئۇلارنى بىر ئايلىق مۇئاشىنى سەدىقە بېرىشكە، بىر ئاي يېڭى كىيىم سېتىۋالماسلىققا بۇيرىدى. سەدىقىنىڭ ئەھمىيىتى، رولى، پايدىسى توغرىسىدا ئۇزۇندىن ئۇزۇن ۋەز ئېيتتى. . . مېھمانخانىدا ئىككى تېۋىپ - 43 كالىسى بار، قانداقتۇر لى بىڭ شۇجى (سېكرېتار)، ئا شۇجى، سەي شۇجى ۋە ئاللىقانداق شۇجىلارنىڭ جان دوست ئاغىنىسى بولمىش كېرىيىلىك تېۋىپ بىلەن ئابابەكرى ئاخۇن تېۋىپ شائىرنىڭ كېسىلىنى قانداق داۋالاش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. باشقا تېۋىپلارغا ئوخشاش رېتسېپلىرىنى، ھەتتا دورىلىرىنىڭ ئىسمى، رولىنىمۇ مەخپىي تۇتۇشتى. پەقەت ئابابەكرى راخمان يول قويغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلار ئارازلاشمىدى ۋە ھازىرچە بىمارغا كېرىيىلىك تېۋىپنىڭ دورىسىنى يېگۈزۈش، باشقا دورىلارنى يېگۈزمەسلىككە كېلىشتى. شائىرنىڭ خوتۇنى، بالىلىرى چۈشلۈك

تاماق ئۈچۈن يوبدان ئەتكەنىكەن، بىمارمۇ، ئىككى تېۋىپمۇ شۇنىڭدىن ئىچتى. تاماقنىڭ ئىسمى توغرىسىدا تالاش-تارتىش بولدى. . .

شائىر بىر سائەتچە ئىلگىرى كېرىيىلىك تېۋىپنىڭ يېڭى دورىسىدىن يېگەنىدى. تاماقتىن كېيىن تېۋىپ دورىنىڭ تەسىرىنى سورۇشتۇردى. باشقىچە غەيرىي ئالامەتلەر سېزىلمەپتۇ. تېۋىپ يەنە بىر ھازا ۋەز-نەسىھەت ئوقۇغاندىن كېيىن، باشقا بىر بىمارنى كۆرۈپ ئەتە ئەتىگەن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خوشلاشتى.

چۈشتىن كېيىن مۇئاۋىن رەئىس غوپۇر ئابدۇللا سوۋغات ئەۋەتىپتۇ. باش كاتىپ مۇھەممەت چاۋار ئەكەپتۇ. باش كاتىپنىڭ دېيىشىچە، رەھبەرلەر كېرىيىنىڭ ئايغىدىكى يۇرتلارغا بارىدىكەن. 1-ئىيۇن قايتىپ چىقىپ 2-ئىيۇن شائىرنى يوقلاپ كېلىدىكەن. يوقلاپ كېلىدىغانلار قاتارىدا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ جىگچەن دېگەن شائىر كىشىمۇ بارمىش. ۋىلايەتنىڭ ھەممە رەھبەرلىرى بارمىش. . .

## 31-مايدىكى شائىر

كېچىچە مۇھەممەتئىيسا قۇربان بىلەن مۇڭدىشىپ چىققان نۇرمۇھەممەت توختى ئەتىگەندىلا كېرىيىلىك تېۋىپنى باشلاپ شائىرنى يوقلىدى. شائىر كېچە تۈن يېرىمىدا بىر قېتىم دورا يەپتۇ، ئەمما ئەكس تەسىر كۆرۈلمەپتۇ. شائىرنىڭ ئەھۋالى ياخشىدەك كۆرۈنەتتى. ئەپسۇس، ئۇ بۇ كېچە چۈش كۆرمەپتۇ . . . شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈدەك قىلاتتى. ئۇ شەنبە كۈنى (2-ئىيۇن) رەھبەرلەرنىڭ يوقلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چاقچاق قىلدى : «خەنزۇلارنىڭ داڭلىق شائىرى ئۇيغۇرلارنىڭ كېسەل شائىرىنى يوقلاپ كېلىدىكەن» دېدى. شائىر مۇشۇ بىر-ئىككى كۈندىن بېرى ئۆرۈك ۋە جىنەستىنى كۆپرەك يېگەندەك قىلاتتى. تېۋىپ: «ئۆرۈك ئۈچ تالدىن ئېشىپ كەتسە، جىنەستە ئون تالدىن ئېشىپ كەتسە زەھەرگە ئايلىنىدۇ» دېدى. شائىرنىڭ كېيىن ئېيتىشىچە، گالدىن ئۆتسىلا پايدا قىلىدىكەن. . . تېۋىپنىڭ سەدىقە توغرىسىدىكى ۋەزلىرىدىن ئېرىگەن شائىر خانىم ئەتىگەندە بىر خوراز ئۆلتۈرۈپ قان قىپتۇ ۋە باشقىلارغا بېرىۋېتىپتۇ. تېۋىپ بۈگۈن نېمىشقىدۇر سەدىقە توغرىسىدىكى گەپلىرىنى قايتا تەكرارلىمىدى. ئۇ، كېرىيىگە قايتىپ يېڭى دورىلارنى ياساپ شەنبە كۈنى كېلىشكە ۋەدە قىلىپ شائىر بىلەن خوشلاشتى. . .

شائىر ئىشلىگەن شېئىرلار لۇغىتىنىڭ ئىشلىرى ئالدىرىتىۋاتاتتى. بەزى ئىزاھلارنى قايتىدىن بېكىتىشكە توغرا كېلەتتى. مەتقاسىم ئەكرەم ھاجىم، مەتىمىن توردى، ئابدۇللا مەتىمىنلەر كەلدى. ئەمدى بىرگە ئولتۇرۇپ كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ ئىشلەشكە بىر ئىشخانا كېرەك ئىدى. شائىرنىڭ تاپىلىشى بويىچە نۇرمۇھەممەت توختى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىغا تېلېفون بېرىپ ئىشخانا تەلەپ قىلدى. ئۇلار مۇزاكىرىلىشىپ جاۋاب بېرىشكە ماقۇل بولدى. بۇ چاغدا شائىر ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇخلىدى

دېمەك - بارلىق ئاغرىق، بىئارامىلىق، قىينىلىش، قىيىنىلىش دېگەنلەردىن خالاس بولۇش، دەرد-ئەلەم، ئازاب-ئوقۇبەت تارتماسلىق دېگەن گەپ. ئۇخلاش - راھەت، ئۇخلاش - سەزمەسلىك، ئۇخلاش - ھەممىنى ئەستىن چىقىرىش، ئۇخلاش - تىنچلىق. بارلىق غەملەردىن خالاس بولغان ئادەملا ئۇخلىيالايدۇ. ئاھ، ئۇيقۇ، سەندىنمۇ شېرىن يەنە بىر ھەرىكەت بارمۇ دۇنيادا؟! پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى مەڭگۈلۈك ئۇخلىتىش مۇمكىن بولسا، دۇنيادا ئازاب-ئوقۇبەت، ئاچارچىلىق، ئۇرۇش - جېدەل، نىزا-تالاش بولمىغان بولاتتى. ئىنسانىيەت دۇنياسى مەڭگۈلۈك تىنچلىققا مۇيەسسەر بولغان بولاتتى. مەڭگۈ بەختىيار بولغان بولاتتى. . .

ئۇلار شائىر بىلەن خوشلاشمايلا قايتماقچى بولدى. شائىرنىڭ بالا - چاقىلىرى «ئويغىتايلىمۇ» دېگەنىدى، ئۇلار ئۇناشمىدى. ئۇخلىغاننى ئويغاتماسلىق كېرەك. ئۇ ئۇخلىسۇن، پۇشۇلداپ، چوڭقۇر ۋە رىتىملىق نەپەس ئېلىپ بوۋاق بالىدەك شېرىن ئۇخلىسۇن. ئويغاتماڭلار، ئۇخلىغاننى ئويغىتىشتىن يامانە ئىش يوق دۇنيادا. ئۇخلىغاننى ئويغىتىش - ئۇنى قايتا ئازابقا دۇچار قىلىش دېگەنلىك. بەلكىم ئويغاتماقچى بولغانلار ساراڭدۇ. سىلەر ساراڭنىڭ رولىنى ئالماڭلار. ئۇ ئۇخلىسۇن، ئۇيقۇ ئىچىدە شېرىن چۈشلەرنى كۆرسۇن. گەرچە ئەشۇ ساماۋى چۈشلەر بەربىر چۈش بولسىمۇ ئۇ يەنىلا خۇشھال بولىدۇ. ئۆزىنى بىردەم بولسىمۇ بەختلىك سېزىدۇ. ئويغاتماڭلار! . . .

## 1-ئىيۇن

ئەتىگەندە شائىرنىڭ خانىمى بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشتۈم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مەدەنىيەت ئىدارىسى بىز تەلەپ قىلغان شېئىرلار لۇغىتىنى كۆچۈرىدىغان ئىشخانىنى تەييارلاپ قويۇپتۇ. مۇزاكىرە قىلىشقا ئانچە كۆپ ۋاقىت كەتمىگەنمىش. پەقەت بىكارلاش ئۈچۈنلا ۋاقىت كەتكەنمىش. . . شائىر خانىمىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشىچە، شائىرنىڭ ئەھۋالى ئالدىنقى كۈندىكىدىلا ياخشى ئىكەن. . . خانىمىنىڭ ئاۋازىدىن خۇشاللىقى، ئۈمىدۋارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن قەييۇمجان ۋە ئەكبەر ھاجىملار بىلەن بىرگە شائىرنى يوقلاپ كىردىم. ئەھۋالى ياخشى. بىزنى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ كۈتۈۋالدى. قەييۇمجانغا چاقچاق قىلدى. . . ئەتىگەن ئەبەيدۇللا ئىبراھىم قاغىلىقتىن شائىرنى يوقلاپ كەلگەن تۇرسۇنجان ۋە باشقا ئىككى ھاجىمنى باشلاپ كەپتۇ. شائىر ئۇلار بىلەنمۇ چاقچاقلىشىپتۇ. ئىشتىھاسى ياخشى ئىكەن. چوڭ-كىچىك تاھارەتلەر نورمال ئىكەن. ھېچقانداق ئاغرىق يوق ئىكەن. ئەتىگەندىلا باللىرى - ئويغۇرنىسا بىلەن تېيىپجاننىڭ بايرىمىنى تەبرىكلەپتۇ. «مەن ساقايدىم، - دەپتۇ شائىر قورسىقىغا شاپىلاقلاپ تۇرۇپ، - سىلەرنى باغچىغا ئويناتقىلى ئاچىقسام بولاتتى، لېكىن تېخى ماغدۇرۇم يوق. سىلەرنى ئابلىز ئاكاڭلار باشلاپ چىقسۇن. مەن كېيىن ئۆزۈم باشلاپ چىقىمەن» . شائىر باللىرىغا

پۇل تۇتقۇزۇپ يولغا ساپتۇ.

خېلى ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. «خوتەن دېھقانلىرى ۋە روزى سايىت» توغرىسىدا جېلىل مۇھەممەتتىن كەلگەن تېلېفون روھى يەتكۈزۈلدى. ئۇ يەردە يەنە ئازراق چاتاق تېپىشقانىكەن. شائىر ئاڭلاپ ئەپسۇسلاندى. شائىرنىڭ ۋە نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «يېقىلىپ كېتىشلىرى» توغرىسىدا گەپ بولۇپ كۆز يېشى قىلىشتى...

## 2.ئىيۇن

نۇرمۇھەممەت توختى چۈشتە ـ سائەت بىرلەردە شائىرنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۇ، ھويلىدا ياتقانىكەن. روھى كۆتۈرەڭگۈ، ئاغرىق ئاساسەن يوق، پەقەت چېھرىدە سېرىقلىقلا بار ئىدى. چىرا ناھىيىسىدىن كەلگەن مەتتىمىن ئابدۇۋەلى، مەتتىمىن توختى قاتارلىق شائىر-يازغۇچىلار ئىچكىركى ئۆيدە چاي ئىچىشىۋېتىپتۇ. پاراڭلاشقانلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

..

شائىرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئەتىگەن «جەنۇب ھەپتىلىك گېزىتى» نىڭ بىر ئايال مۇخبىرى زىيارەت قىلىپ كەپتۇ. مەرھۇم كومپوزىتور نۇرمۇھەممەت سايىتنىڭ ئوغلى بەختىيار بىلەن ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئېلاخۇن ئارىدا تەرجىمانلىق قىپتۇ. بەك ئەركىن گېزىتىمىش. ھەرقانداق گەپنى ئېلان قىلالارمىش. كىمدۇر بىرى «شائىر راست گەپ قىلىدۇ» دەپ زىيارەت قىلىشقا ئۇنى كۆرسىتىپ بەرگەنمىش. مۇخبىر «قۇللۇق، يېشىللىق ۋە ئادەم» دېگەن تېمىدا سوئال سوراپتۇ. شائىر: «خېلى ئەركىن پىكىر قىلدىم، بەزى نەرسىلەر ئۆزگەردى، ھاكىمىيەت، ھاكىملار ئۆزگەردى، لېكىن قۇللۇق، زۇلۇم، نامراتلىق ئۆزگەرمىدى، دېدىم» دېدى. ئۇ، مىساللار كەلتۈرۈپتۇ. بوز يەر ئېچىش، تېرىقچىلىق ئەركىنلىكىنىڭ يوقلىقى، سۇنىڭ ئازايغانلىقى، «سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ» لەرنىڭ كەلتۈرمىشلىرى، كىشىلەر روھىنىڭ نابۇت قىلىنغانلىقى، قېيداش - تەركىدۇنيا كەيپىياتىنىڭ كۈچەيگەنلىكى، كىشىلەرنىڭ ئۈمىدسىزلىككە پاتقانلىقى قاتارلىقلار ھەققىدە توختۇلۇپ، خوتەن بوستانلىقىنىڭ ئاخىرى يوقىلىپ بىپايان قۇملۇققا قوشۇلۇپ كېتىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىپتۇ...

نۇرمۇھەممەت توختى ئەتىگەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدىن «جەننەتنىڭ ئەسلى ئورنى خوتەن» دېگەن تەرجىمە ماقالىنى ئوقۇغانىدى. ئۇنىڭدا خوتەنىنىڭ «ئۇدۇن» دېگەن تىبەتچە ئىسمى بىلەن «ئىنجىل» - «تەۋرات» لاردىكى «ئىدەن» دېگەن جەننەت ئىسمىنىڭ ئوخشاشلىقى، خوتەندە جەننەتتىكىدەكلا تال ئۈزۈم ۋە مېۋە-چېۋىلەرنىڭ كۆپلىكى، «ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان» لىقى مىسال كەلتۈرۈلۈپ ئاللا ياراتقان جەننەت ـ باغىئىرەمنىڭ ئەسلى ئورنى خوتەندە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇلغانىدى...

مانا كۆرۈڭ: شائىر باغىئىرەم ـ خوتەن بوستانلىقىنىڭ يوقىلىپ قۇملۇققا قوشۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىپتۇ. بۇ، قىيامەتتىن بېشارەتمۇ؟ قىيامەتتىمۇ جەننەت ۋە دوزاق ساقلىنىپ قالاتتى. ئەمدى بۇ نېمە بولغىنى؟ بۇ يەر راستتىنلا دوزاققا ئايلىنىپ كېتەرمۇ؟ ...

چىرىلىق شائىر ـ يازغۇچىلار ئىچكىركى ئۆيدىن چىقتى. سۈرەتكە چۈشۈشلەر بولدى. نۇرمۇھەممەت توختىنى شائىرنىڭ بىر يېنىغا، مەتتىمىن ئابدۇۋەلىنى يەنە بىر يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ سۈرەتكە تارتماقچى بولۇشقانتى، نۇرمۇھەممەت توختى سەل ناز قىلدى. شائىر: «كېلىڭلا، يېنىمدا ئولتۇرۇڭلا، بۇ نۆۋەتنىڭ ئالىمى، يېنىمدا ئولتۇرساڭلا ئاللا سىلىگىمۇ كېسەل بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دېدى.

نۇرمۇھەممەت توختى: «سول تەرەپتىكى مەتتىمىن ئارقىلىق كەلسۇن، چۈنكى كۆپ ھاللاردا تەتۈر ئايلىنىدىغان پەلەك بۇ» دەپ چاقچاق قىلدى. ئۇ، راستتىنلا شۇم ئېغىز ئىدى. ئەنە شۇنىڭدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ ئۆتكۈر ئۆت ياللۇغى بىلەن مەتتىمىن ئابدۇۋەلىنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىنىشىنى كىم ئويلىغان؟ دوستلار ئۇنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىنغانلىقىنى ئۇ كېسەلخانىدىن چىقىپ، چىرىغا قايتىپ كېتىپ بولغاندا ئاڭلىدى. يازغۇچى ئاغىنىسىنى يوقلاپ قويالمىغانلىقىغا ئەپسۇسلاندى. نۇرمۇھەممەت توختى بولسا نېمىنىدۇر ئويلاپ قالغانىدى...

خوتەن شەھىرىنىڭ سېكرېتار ـ باشلىقلىرى كەلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى زەينەپخان بىلەن مۇئاۋىن ۋالىي يالقۇن قادىرلار كەلدى. شائىر زەينەپخانغا: «ماڭا يېقىنراق كېلىپ ئولتۇرسىلا، مەن بىرى پارتىيىنى، يەنە بىرى ئاياللارنى بەك ياخشى كۆرەتتىم، ئەمما مېنى يوقلاپ كەلگەنلەر ئىچىدە ئاياللار ئاز بولدى» دەپ چاقچاق قىلدى. ئۇ بۇ چاقچىقىدا ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكى نازىنىن خېنىملارنىڭ ۋە نۇرغۇن ئاياللارنىڭمۇ يوقلاپ كەلگەنلىكىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلغانىدى.

چىرىدىن كەلگەن دوستلار قايتتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزالىرىدىن يەنە بىر قانچە كىشى كەلدى. ئاخىرىدا غوپۇر ئابدۇللا مۇئاۋىن رەئىس، ۋاڭ جىڭچەن سېكرېتار، ئۆمەر ئابدۇللا ۋالىيلار كەلدى. خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىر-ئوپېراتورلىرىمۇ كەلگەنىدى. رەھبەرلەر شائىر بىلەن پاراڭلاشتى. شائىر رەھبەرلەرگە كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ سېكرېتار ۋاڭ جىڭچەن بىلەن قىلىشقان شېئىر توغرىسىدىكى پاراڭلىرىنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ئابدۇراخمان قۇربان جۈملىمۇ جۈملە تەرجىمە قىلىپ بەردى.

رەھبەرلەر ھويلىغا چىققاندا يەنە سۈرەتكە تارتىش- سىنئالغۇغا ئېلىشلار بولدى. ۋاڭ جىڭچەن سېكرېتار يىراقراق تۇرۇپ قالغان بولسا كېرەك، شائىر: «يېقىن كېلىڭ، ئىككىمىز ئايرىلغىلى بولمايدىغۇ، نېمىشقا يىراق تۇرىسىز» دېدى. غوپۇر ئابدۇللاغا: «يىراقتا بولسىلىمۇ كۆڭلۈم يېقىن، يېقىن تۇرسىلا» دېدى. شائىر چاقچاق قىلاتتى. كۈلەتتى...

ئاخىرىدا رەھبەرلەر شائىرنى داۋالاپ ساقايتىشنى تېۋىپ ئابابەكرى راخمانغا سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ تاپشۇرۇپ قايتىشتى. شائىر ئۇلارنى دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ ئۇزۇتۇپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ 2-مايدىن كېيىن بىر ئايدىن بېرى يەنە بىر قېتىم دەرۋازا ئالدىغا چىقىشى!

شائىر ھېرىپ قالغانىدى. ھاياجان ھاردۇردىمۇ ياكى سۆھبەت-سۇرەتكە چۈشۈشلەر ھاردۇردىمۇ، خېلىلا تالجىقاندەك كۆرۈنەتتى. ئىچكىركى ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇلدى. ئۇ، كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ دەم ئالدى. يېرىم سائەتلەردىن كېيىن تېخىچە قايتمىغان مۇئاۋىن سېكرېتار ئابدۇراخمان قۇربان كىرىپ خوشلاشتى. كېيىنكى ھەپتە خاس شائىر-يازغۇچىلارلا قاتناشقان يىغىلىش - سۇرەتكە ئېلىنىشلارنى ئۇيۇشتۇرۇش ھەققىدە ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى. شائىر مۇئاۋىن سېكرېتارنى ئۇزۇتۇپ قويۇشقا چىقالمىدى. ئۇ كىشىنى نۇر مۇھەممەت توختى ئۇزۇتۇپ قويدى. مەتقاسىم ئەكرەم ھاجىم خېلى ئۇزۇن كۈلدى. . .

ئاخىرىدا باش كاتىپ مۇھەممەت چاۋار، باش مۇھەررىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىملار خوشلاشتى. شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى رەتلەشكە ياردەملىشىۋاتقان دوستلىرىلا قالدى. بۇ مۇشۇنداق جاھانكەن. ھەممە ئۆتكۈنچى ئىكەن. پەقەت دوستلۇقلا ساقلىنىپ قالىدىكەن. دوستلارمۇ خوشلىشىپ كېتىدىغان ئىش بولسا ، جاھاننىڭ كارى نېمە بوپكېتەر؟ ياق، ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ خوشلىشىدۇ، ئاخىرىدا پەقەت تۇغقان-قېرىنداشلىرىلا قالىدۇ. ناخشىلاردا« ئاغرىپ باش ياستۇققا يەتسە، ئۆز قېرىنداش ئۆزگىدۇر» دەپ بىكار ئېيتىلمىغان.

كەچكە يېقىن چىرا ناھىيىسىدىن يازغۇچى مەمۇت سىددىق ۋە تۆمۈر قادىرلار يوقلاپ كېلىپ ياندى. دوستلارمۇ خوشلاشتى، تۇغقان-قېرىنداشلارلا قالدى.

ئاخشامدا ئەمدىلا چىرىغا يېتىپ بارغان مەمۇت سىددىق نۇرمۇھەممەت توختىغا تېلېفون بەردى. ئۇ، شائىرنىڭ ياداڭغۇ چىرايىنى كۆرۈپ بەك قورقۇپ كېتىپتۇ. ئەنسىرەپ تېلېفون ئاپتۇ. . .

### 3-ئىيۇن

كېچە شائىر ناھايىتى ياخشى ئۇخلىدى. تۈنۈگۈن غوپۇر ئابدۇللاغا ھەمراھ بولۇپ ۋىلايەت رەھبەرلىرى يوقلىغاندىن كېيىن ، ئۇ خېلى روھلىنىپ قالغانىدى.

بۈگۈن ئەتىگەن قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى كۈرەش تۇرسۇن باشچىلىقىدا يىگىرمىدىن ئارتۇق ئادەم يوقلاپ كەلدى. قەشقەر-خوتەن دوستلۇقى داۋام قىلىۋاتاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە شائىرنى ئۆتكەن ئاينىڭ 7-كۈنى يوقلاپ كەلگەن دوستلىرىدىن تۇرۇپ ئوبول، ئابدۇللا ئوسمان( تاشقورغانغا كەتكەنمىش) يوق ئىكەن. قاۋۇل ساۋۇر بىرگە كەپتۇ.

چۈشتە يەكەندىن نېمەتۇللاخان ئەبەيدۇللاخان يوقلاپ كەلدى. ھەم ئەدەبىيات ھەم تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇ ھۆرمەتلىك ئادەم شائىرغا ياخشى مەسلىھەتلەرنى بەردى: زاغرا-قوناق ئۇنى تامىقى يېمىسىلە، مۇز سۈيى ئىچمىسىلە، يەللىك تاماقلاردىن ھەزەر ئەيلىسىلە. . . - دېدى. شائىر نېمەتۇللاخاننىڭ يوقلىشىدىن بەك خۇرسەن بولدى. مېھمان قايتىپ كەتكەندىن كېيىن: « ئەمدى مۇز سۈيى ئىچمەيمەن، لەڭپۇڭ يەيمەن دەپ قەغىشلىك قىلمايمەن» دېدى. ئۇ ئۇڭلىنىپ قالغانىدى. بۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. زۆرۈر ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى كىمنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولۇشى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئەمەلگە ئېشىش. شائىرنىڭ دوستلىرى خۇشھال بولدى. . .

چۈشتىن كېيىن قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئوبۇلقاسىم سىراجى ئىدارە باشلىقلىرىدىن ئون نەچچىنى ئەگەشتۈرۈپ يوقلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ يوقلاپ كېلىشى نۇرمۇھەممەت توختىدا تۈنۈگۈن يوقلاپ كەلگەنلەرگە يېقىندىن ئەگەشكەندەك تەسىرات پەيدا قىلدى. تېخى ھازىرغىچە خوتەننىڭ باشقا ناھىيىلىرىدىن ھاكىملار يوقلاپ كېلىپ باقمىغانىدى. بۇ بەلكىم تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «ھاكىم» بىلەن شائىر ئارىسىدىكى يېقىنلىق ۋە ئارازلىقنىئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن. يېقىنلىق دېگىنىمىزدە، ساراي شائىرلىرىنىڭ بىرلوقما« ھالۋايى پەشمەك» ئۈچۈن« ھاكىم» لارنى جاۋغايلىرىدىن كۆپۈك ساقىپ چىققۇچە ماختاپ ئوقۇغان مەدھىيە - قەسىدىلىرى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە مەنپەئەت يېقىنلىقى بولۇپ كۆڭۈل يېقىنلىقى ئەمەستۇر. شۇنداقلا تاق لىنىيىلىكتۇر. بىرى ماختىلىشقا تەشنا، يەنە بىرى ماختاش ئارقىلىق كۆزلىگىنىگە ئېرىشىۋالماقنى ئىستەيدۇ. ئارازلىق دېگىنىمىزدە، فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە» نىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىپ قويغان ھەجۋىيسى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. بۇ چىن كۆڭۈلدىن چىققان بولۇپ، شائىرنىڭ قەلب سۈپىتىنىڭ ئەسلى ئىنكاسىدۇر.

ۋەھالەنكى، بىزنىڭ كېسەل شائىرىمىز بىلەن بىزنىڭ ھازىرقى زامان ھاكىملىرىمىز ئارىسىدا، قەدىمقى زامان« ھاكىم» لىرى بىلەن ساراي شائىرلىرى ئارىسىدىكىدەك مۇناسىۋەت شەكىللەنمىگەنلىكتىن يوقلىسىمۇ-يوقلىمىسىمۇ ئوخشاش بولاتتى. قاغىلىق ۋە قاراقاشنىڭ ھاكىملىرى يوقلاپ كەلگەنىكەن، شائىر بۇنىڭغا ئېرىشكەن خەلقچىللىق غەمخورلۇقى سۈپىتىدە تەشەككۈر ئېيتىشى كېرەك. گەرچە كېيىنكىلەرنىڭ يوقلىشى - يېقىندىن ئەگىشىش تۈسىگە ئىگە بولسىمۇ.

شۇ كۈنى شائىر بىر كۈننى ساق كىشىدەك ئۆتكۈزدى. ئادەم ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتى، ئىززەت-ھۆرمىتىنى ھەرخىل يوللار بىلەن ھېس قىلىشى مۇمكىن. ئۇ كۆپرەك سىرتقى ئامىل - ئوبيېكتىپنىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇنى ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىنىڭ مۇئامىلىسى ئارقىلىق ھېس قىلىدىغانلارمۇ بولىدۇ. يات - ناتونۇش كىشىلەرنىڭ مۇئامىلىسى ئارقىلىق ھېس قىلىشىمۇ مۇمكىن. رەھبەرلەر، ئەمەلدارلار،

يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىدىن ھېس قىلىدىغانلارمۇ بولىدۇ. كېسەل شائىر خۇددى شۇ بۈگۈنلا ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتى، ئىززەت-ھۆرمىتىنى چۈشەنگەندەك قىلاتتى دېسەك باشقىلاردا خاتا چۈشەنچە پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ئىش پەقەتلا ئۇنداقمۇ ئەمەس. خۇشاللىق، روھلىنىش كىشىگە غەم-ئازابلارنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. شائىرنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىنىڭ ياخشى بولۇشى تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈنكى غەمخورلۇقلارنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمىكىنە؟ بەلكىم، بەلكىم چوقۇم شۇنداق. «ئادەم قۇلىقىدىن سەمرىيدۇ» دېگەن تەمسىل بار، بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇ.

## 4.ئىيۇن

سەھەردە شائىر يېرىم كىردە بىلەن بىر چۈجىنىڭ گۆشىنى كۆردۈم دېمەي كوم سالدى. شورپىسىنىمۇ ئىچتى... ئۇنىڭ شۇ ھالدىكى ئوزۇقلىنىشى كېسەل ئادەمگە ئوخشىمايتتى. راستىنى ئېيتقاندا ئاستا-ئاستا ساقىيىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. كېرىيىدىن كىچىك ئوسمان ئاخۇن تېۋىپ تېلېفون قىپتۇ. دورىلارنى تەييارلاپ بولغانىكەن، لېكىن ماشىنا يوق كېلەلمەپتۇ. مۇھەممەتئەيسا قۇربان قېچىۋالغانمىش. شائىر: «ئۇ، قېچىۋالىدىغان ئادەم ئەمەس، نۆۋەتتە تۇرۇپ مۇقىملىق ساقلاۋاتقان بولغاچقا، ھايال بولغان بولسا كېرەك...» دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ. ئۇ، ئابدۇمەلىك ئاخۇننىڭ تۆگە سېتىۋالماقچى بولغانلىقىدىن خۇشال ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلدى...

بۈگۈن بىز خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى بىكارلاپ قويغان ئىشخانىدا «خوتەن شېۋىلىرى لۇغىتى»نى بېكىتمەكچى. ئەشۇيەرگە كۆچىمىز. مەتقاسىم ئەكرەم ھاجىم، مەتتىمىن تۇردى، ئابدۇللا مەتتىمىنلەر شۇ يەرگە كەلمەكچى. مەن شائىر بىلەن خوشلىشىپ سائەت سەككىزلەردە مەدەنىيەت ئىدارىسىگە كەلدىم. بىز ئىشقا چۈشتۇق.

.. شېۋىلەر لۇغىتىنى بېكىتىشتىكى پرىنسىپلاردا بىرلىككە كېلىۋېلىش زۆرۈر ئىدى. ئاخىرى شائىر تۈپلىگەن سۆزلەرنى ئىلغىماسلىق، ھەممىسىنى ئېلىش، تىل تەۋەلىكىنى سۈرۈشتە قىلىپ يۈرمەسلىك، ئىزاھات تولۇقلىرىنى، توغرىلىرىنى ئەينەن كۆچۈرۈش، تولۇق ياكى توغرا ئەمەسلىرىنى تولۇقلاش ۋە توغرىلاش، ئىلاجى قىلىپ ئەينەن نەشر قىلدۇرۇش... قاتارلىق پرىنسىپلارنى بېكىتىپ چىقتۇق. كۆچۈرۈش باشلاندى. بىز ھېچ بولمىغاندا ئالدىنقى بىرقانچە پرىنسىپلارنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشىمىز مۇمكىن. كېيىنكىلىرى بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس. بىز ئىگە بولالىشىمىزمۇ ناتايىن. ئۇ يېقىنى لۇغەتنى نەشر قىلدۇرۇشنى ئۈستىگە ئالغانلار ياكى ئىگە بولىدىغانلار قىلىدۇ...

چۈشتە بىر تونۇشۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ شائىرنىڭ ئەھۋالىنى سوراشتۇردى.

– ياخشى، – دەپ جاۋاب بەردىم مەن.

– ياخشى بوپكېتىدۇ، چوقۇم ساقىيىدۇ، – دېدى تونۇشۇم سىرلىق ھالدا.

شائىرنىڭ ئەھۋالىنى سورايدىيۇ، يەنە ئۆزىچە: «ياخشى بوپكېتىدۇ، چوقۇم ساقىيىدۇ» دەيدىيا، بۇ نېمە دېگىنى؟ ئويلىنىپ قالدىم. تونۇشۇمنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم. ئۇ، سىرلىق ھالدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

– نېمىگە ئاساسلىنىلا؟ – سورىدۇممەن.

– ھېچكىمگە دېمىسىلە، – دەپ پىچىرلىدى تونۇشۇم، – ئۆزىگە دېمىسىلە مەيلى، ئۇ چوقۇم ساقىيىدۇ...

– زادى نېمىگە ئاساسلىنىلا؟

تونۇشۇم قۇلىقىمغا ئۇزۇن پىچىرلىدى.

تونۇشۇمنىڭ گەپلىرىنى چۈشەنگەندىم. ئۇ پال ئاچتۇرۇپتۇ. پالنىڭ نەتىجىسى شائىرنىڭ ساقىيىپ كېتىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپتۇ. ئۇ مانا شۇ سەۋەبتىن ھېلىقى گەپلەرنى قىپتۇ...

تونۇشۇم ئاخىرىدا مەندىن بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنماسلىقىمنى ئېيتىپ ۋەدە ئالدى.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. دىنىي ئىسلامدا پال ئېچىش بىدئەت ھېسابلىنىدۇ. پال سالغۇچى ئىماندىن چىققانلا بولماستىن پال ئاچتۇرغۇچىمۇ ئىماندىن چىققان ھېسابلىنىدۇ. پالچىلىقنىڭ قايسى دىنغا تەۋە ئىكەنلىكى نامەلۇم. ئەمما ئۇ مىڭ يىللاردىن بېرى بىزنىڭ تۇپرىقىمىزدا دىنىي ئىسلام بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتاتتى. تونۇشۇمنىڭ شائىرىمىز ئۈچۈن پال ئاچتۇرغانلىقى شۇ جۈملىدىكى ئىشلاردىن ئىدى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. بۇ ئىشقا قانداق باھا بېرىشىمنى بىلەلمىدىم. ئەمما قەلبىمدە غەشلىك تۇيغۇسىدىن كۆرە مەمنۇنلۇق تۇيغۇسى ئۈستۈن تۇرۇۋاتقاندەك سېزىلەتتى. ئويلاپ كۆرسەم، مېنى مەمنۇن قىلغىنى ئەشۇ پالنىڭ نەتىجىسى ئىكەن. «شائىر ياخشى بوپكېتىدۇ» دېگەن ئەشۇ ھۆكۈم ئىكەن. شۇنداق بولغاي! ياراتقۇچى شائىرىمىز ئۈچۈن ساقلىق-ئامانلىق ئاتا قىلغاي! چۈشتىن كېيىن مەتتىمىن تۇردىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئىگەم بىرەر كىتاب – يازما تەسنىپ قىلماقچى بولغان ياخشى نىيەتلىك ئادەمگە تاكى ئۇ ئەشۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچە ئۆمۈر بېرەرمىش، كىشىلەرنىڭ كېسەلچانراق باللىرىنى ئوقۇشقا، ئىلىم تەھسىل قىلىشقا بېرىشىمۇ شۇ ۋەجىدىنمىش. شۇنداق قىلغاندا، ئەگەر بالا ئوقۇپ، بىرەر كىتاب يېزىش نىيىتىگە كەپقالسا، ئۆمرى ئۇزۇن بولارمىش... شائىرىمىزنىڭ يازماقچى بولغانلىرى تېخى جىق ئىدى. 11 كىتاب نەشر قىلدۇرغان، 84 مىڭ مىسرا شېئىر يازغان بولسىمۇ، تېخى ھەزرىتى نەۋائىيگە يېتەلمىگەنىدى. ئۇ، نەۋائىيگە يېتىشىۋېلىشنى، يەنە نۇرغۇن كىتاب يېزىشنى، پەلەك گەردىشى – دەۋران ھادىسىلىرىنى خاتىرىلەپ كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. مانا پالدا ئىزگۈ بېشارەت ئايان بوپتۇ. ئۆزىمۇ ئاستا-ئاستا ياخشى بوپكېتىۋاتاتتى. بۇ، شۇنىڭ ۋەجىدىن ئەمەسمىكىن؟! ئاللا ئۇنىڭ كىتابلىرىنى يېزىپ بولغىچە ئۆمرىنى ئۇزارتقىنى ئەمەسمىكىن؟!...

## 5. ئىيۇن

ئەتىگەندە تېلېفون بەردىم. تېلېفوننى شائىرنىڭ قېيىن ئىنىسى ئابلىز ئالدى. شائىرنىڭ ئەھۋالى ياخشىمىش. كېچە ھويلىدا يېتىپتۇ. ياخشى ئۇخلاپتۇ... چۈشتىن كېيىن قەييۇمجان بىلەن بىللە يوقلاپ باردۇق. ئابدۇمەلىك ئاخۇن بويلۇق تۆگىچىنىڭ بىر تۆگىسىنى ئېلىشقا كېلىشىپتۇ، باھاسى تۆت مىڭ ئۈچ يۈز يۈەن بوپتۇ. ئۈچ يۈز يۈەنى جاڭگالدىن ئاچىقىپ بەرگەن ماشىنىنىڭ كىراسى ئىكەن... ئىككى كۈن تۆگىچى ئۆزى سېغىپ بېرىپتۇ. يېرىم جىڭدىن سۈت چىققانىمىش. ئەتە تۆگىنى ئابدۇمەلىك ئاخۇنىنىڭ يۈرۈڭقاش دەرياسى بويىدىكى بېغىغا يۆتكەپ كەلمەكچى ئىكەن. تۆگىچى ئۆزى بېقىپ، ئۆزى سېغىپ بېرىدىكەن. ئىش ھەققى بېرىلىدىكەن...

بىز بارغاندا شائىرنى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان غوجائابدۇللا دېگەن دوختۇر ئۇزۇۋاتقانىكەن. بىرئاز چاقچاقلاشتۇق. شائىر جىق گەپ قىلدى. ئۇ، مۇشۇ بىرقانچە كۈندىن بېرى جىق گەپ قىلىدىغان بوپقالغانىدى. شائىر خانىمىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، يەكشەنبە كۈنى قاغىلىق ۋە قاراقاشتىن يوقلاپ كەلگەنلەر ئالدىدىمۇ جىق گەپ قىلغانىمىش. ئازراق گەپ قىلىڭ، ئۈزۈلۈپ قالىسىز، دېسىمۇ ئۇنىمىغانىمىش... شائىر قاغىلىقتىن كەلگەنلەرنىڭ بادام ۋە ئىككى مىڭ يۈەن پۇل قويۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ خىجىل بولغانلىقىنى ئېيتتى. قاراقاشتىكىلەر ئىككى قوينىڭ گۆشىنى ئەكەپتۇ. شۇ كۈنى شائىرنى يەنە بىر مەشھۇر دېھقان يوقلاپ كەپتۇ. ئىسمى ئەخمەت غېجەك، توساللا ھالالباغدىن. 1954-يىلىمۇ ياكى 1955-يىلىمۇ، ئەخمەت غېجەك خوتەندە تۇنجى كوپېراتسىيىنى قۇرۇپ ئەينى چاغدا ماۋزېدۇڭنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەنىكەن. «مەدەنىيەتزور ئىنقىلابى»دا خوتەن ئىسيانچى دېھقانلار قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانى بولۇپ مەرھۇم ئابلىزخان (باندىت) بىلەن بىرلىكتە داڭ چىقارغانىدى. ھازىر ئۇزۇن، مەيدىسىگە چۈشكىدەك ساقال قويۇۋالغانىمىش، تېتىكمىش. 70تىن ئاشقان بولۇشى مۇمكىن...

شۇ كىشى يەكشەنبە كۈنى يوقلاپ كېلىپ، ئۇزۇندىن ئۇزۇن، چىرايلىق، تەسىرلىك دۇئا قىلىپ شائىرنى يىغلىتىۋەتكەنىمىش. بۈگۈن يەنە تۆت نەپەر دۇئاخاننى باشلاپ كېلىپ خەتمە ئوقۇپتۇ. بىر توخۇدا قان قىپتۇ. شائىر دۇئاخانلارغا سەدىقە بېرىپتۇ. مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ۋە ھېلىقى پىچىرلاپ سۆزلەيدىغان تونۇشۇمنىڭ ئالدىنقى كۈندىكى گەپلىرىنى ئېسىمگە ئېلىپ، شائىرنى روھانىيلار ئوراپ ئالغاندەك تەسىراتقا كەلدىم. نېمىشقىدۇر قايسى بىر كۈنلىرى كېرىيىلىك تېۋىپ كىچىك ئوسمان ئاخۇننىڭ سەدىقە ھەققىدە دېگەنلىرىنى شائىرغا سۆزلەپ بەردىم. شائىر ئۆزىنىڭ مۇشۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا ئىككى مىڭ يۈەنگە يېقىن سەدىقە بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئىنىسى ئابدۇللا قارىمغا بېرىپتۇ. ئۆيدىكى كىچىك خىزمەتچى قىز ئامانىسانىڭ نامرات ئاتا-ئانىسىغا 200يۈەن بېرىپتۇ. باشقىلارغا بېرىپتۇ...

ئېغىر كېسەللىك كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۈمىدسىزلىك شائىرنى شۇنداق قىلىشقا ئاپارغانىدى. مەن بۇنى بىدئەتلىكمىكىن دەپ ئويلايتتىم. لېكىن باشقىلاردىن ئاڭلىسام، سەدىقە بېرىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەشەببۇس قىلغان ئىسىل ئەمەللەردىنمىش. «قۇرئان كەرىم»دىمۇ بارمىش... مەن ئەشۇ سەدىقىلەرنىڭ ھېچبولمىغاندىمۇ كېسەللىك ئازابى تارتىۋاتقان شائىرنىڭ ۋىجدانىغا يېنىكلىك ئەكېلىشىگە ئىشەندىم. ئۈمىدسىزلىككە پاتقان بىمار كېسەللىك ئازابىدىن بەكرەك ئۈمىدسىزلىك ئازابى تارتىشى مۇمكىن. ئۇ، يەڭگىللەپ قالار، ئىشەنچى ئارتار...

شائىر بۈگۈن تاماقتىن باشقا بىر باش كۆكباش قوناق يەپتۇ. بىز ئاپارغان لوپ چاھارباغىنىڭ ئىسىل ئۆرۈكىدىن ئون نەچچىنى يېدى ۋە ئۆرۈكنى ماختاپ كەتتى. مەن قاچاندۇر بىر چاغدا ئاڭلىۋالغان گېپىم بويىچە: «بۇ، ۋاڭ ئېنىماۋنىڭ لوپ چاھارباغدىكى ئۆرۈكىدىن ئىكەن» دەپ تونۇشتۇردۇم. ۋاڭ ئېنىماۋ خىزمەت بىلەن بۇ تەرەپكە ئۆتكەندە تىككەن ئۆرۈكمۇ ياكى يەپ بېقىپ ماختىغان ئۆرۈكمۇ، ئىشقىلىپ چاھارباغ تەرەپتە ئەشۇنداق ئاتىلىدىغان بىر تۈپ ئۆرۈك بار ئىدى. بۈگۈن بىز ئۆرۈك سېتىۋالىدىغان چاغدا «نەنىڭ ئۆرۈكى» دەپ سورىساق، باققال «چاھارباغىنىڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن. مەن«ۋاڭ ئېنىماۋنىڭ ئۆرۈكى» بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلغانىدىم. راستىنلا ئېسىل ئۆرۈك ئىدى. ئېغىزغا سالغىچە شورىدە ئېرىپ كېتەتتى. باھاسىمۇ شۇنىڭغا لايىق: كىلوسى بەش يۈەن ئىدى.

بىز«تۇرپاننىڭ قوغۇنى» دېگەن قوغۇندىنمۇ ئالغاچ بارغاندۇق، ئەپسۇسكى، پىچاقاندا كاۋىدەكلا لاۋزا چىقتى، ھەممىمىز بىر چىشلەپلا بولدى قىلدۇق.

كېرىيىلىك كىچىك ئوسمان ئاخۇن تېۋىپ ياسىغان دورىلار ئەتە ئاياغلىشىدىكەن. ئۇ كىشى تېخى كەلمەپتۇ. مەن ئۇلارغا تېلېفون بېرىش ئىشىنى ئۈستۈمگە ئالمىدىم. مۇھەممەت چاۋار بەرسۇن، ئۇ تېلېفون بەرسە، كېرىيە يەنە تاراقلاپ كېتىدۇ. نەدىن بولمىسۇن تېپىپ تېۋىپنى دەرھال ماڭغۇزىدۇ... ئابابەكرى ئاخۇن سىماپتا باققان توخۇنى ئاپىرىپ بېرىپتۇ. شائىر ئەمدى شۇنى يېيىشكە مەجبۇر ئىكەن... ئازراق ئۆزگىرىشمۇ بار ئىكەن. شائىر خانىمىنىڭ ئېيتىشىچە، يېقىنقى ئۈچ كۈندىن بېرى شائىر سەل ئارقىغا چېكىنگەندەكمىش... كېچە شائىر ھېچكىمنى ئويغاتماي ئۆزى ھاجەتكە قوپۇپتۇ. ئۇ قايتىپ چىققاندا ئۆيدىكىلەر ئاندىن تۇيۇپتۇ. يېنىدا ئۇخلىغانلارنى تەنقىدلەپ قويدۇم...

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدىكى تۇرسۇنجان مۇھەممەت شائىرغا كەلگەن خەت-چەك، ژۇرناللارنى ئاپىرىپ بېرىپتۇ. «شىنجاڭ گېزىتى»گە بېسىلغان ئاخىرقى شېئىرلىرى ئۈچۈن 64يۈەن قەلەم ھەققى كەپتۇ... شائىر شېۋىلەر لۇغىتى ھەققىدىكى گەپلەرنى سورىدى. مەن ئەھۋالنى دەپ بەردىم. ئەپسۇسكى لۇغەت ئۈچۈن ئىشلەۋاتقانلارنى بۈگۈن

يوقلىيالمىدىم. . .

## 6-ئىيۇن

تۈنۈگۈن يېگەن بىر باش كۆكباش ۋە بەش توقاچ شاپتۇل شائىرنىڭ ئاجىز تېنىگە ياراشماپتۇ. ئاخشام خېلى بىئارام قىپتۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ كەچلىك تاماق يېيەلمەپتۇ. سەھەرگە يېقىن چوڭ تاھارىتى يۇرۇشۇپ ئىچى بىراز يورۇپتۇ. ئەتىگەن سائەت توققۇزلاردا چۆپ ئاش ئىچىپتۇ ۋە ئاخشام پىشۇرغان ، 40 نەچچە كۈندىن بىرى كۆشتا قىلىنغان سىماپ بىلەن بېقىلغان توخۇنىڭ بىر پاچىقىنى مىگىبىر مۇشەققەتتە يەپتۇ. «تەس بولسىمۇ يېدىم، دورا ئىكەن» دېدى ئۇ. ئۇ تەس بولسىمۇ يېيىشى كېرەك. دورىلىق توخۇنى يېمىسە قانداق ساقىيالايدۇ؟ . . .

چۈشتە ئۇنىڭ «كوممۇنىست ئاغىنىلىرىم» دېگەن كىشىلەردىن تۆتىمىز بىللە بېرىپ يوقلىدۇق. پاراڭ قىلدۇق. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئېلاجى گەرچە ھېلىقى «تۆت كوممۇنىست »نىڭ تىزىملىكىدە بولمىسىمۇ يەنىلا بىللە بېرىپ يوقلىدى. . . شائىر بىز بارغاندا سەككىز-ئون تال ئۈجمە يېدى. يېڭى تۆگىدىن بۇگۈن بىر جىڭ سۈت؛ چىققانىكەن، ئۇنىڭدىن ئازراق ئىچتى. شائىرنىڭ دېيىشىچە، تۆگىنىڭ سۈتى ئالدىنقى كۈنلىرى توغراق غازىڭى ۋە قامغاق يېتىپ تېيىدىكەنمىش، بۈگۈن سەل ئۈگلۈنۈپتۇ. . . ئۇ يەنىمۇ ياداپ كەتكەندەك، كۆزلىرىنىڭ ئېقى يەنىمۇ سارغىيىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. سەل ئەنسىرىگەندەك بولدۇم. لېكىن كەيپىياتى ياخشى ئىدى. بىزنى پاراڭ قىلىشقا ئۈندەپ تۇراتتى. . . ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «بۇ يىل مېنىڭ خوتۇنۇم يوق» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇپتۇ. «بۇ يىل ئۇنىڭ خوتۇنى يوق» دەپ شېئىر يازسام بولىدىكەن، دېدى ئۇ. ئۇ، باشقىلارنىڭ پىكىرلىرىدىن ئىلھام ئېلىشقا ماھىر ئىدى. ئۆزگەرتىپ تېزلا يېزىپ چىقالايتتى. «ئۆيلەنگىن، ئۆي ئالمىغىن، ئۆلمىگىن» دېگەن شېئىرىمۇ ئەشۇنداق ئىلھاملارنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئۇنىڭ مۇخەممەس ـ تەخمىسلىرىنىڭ بىر قىسمى باشقىلارنىڭ غەزىلىگە يېزىلغان مۇشائىرە. بۇ ئۇنىڭ دورىغىنى ئەمەس. ئۇ باشقىلارنىڭ پىكرىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزەتتى. بۇ بىرخىل ئىقتىدار بولۇشى مۇمكىن. . . «رىۋايەتتىكى جەننەتنىڭ ئورنى خوتەن» دېگەن ماقالە توغرىسىدا يەنە پاراڭ بولدى. بىز ئەفراسىياپنىڭ قىزى ـ مەلىكە خاتۇننى تۆت ئاپەتتىن خالىي رايون ئىزدەپ ئاخىرى مۇشۇ ئىككى دەريا ئارىلىقىغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت، ئادەمئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ جەننەتتىن چىقىپ تۈنجى قېتىم قاراقۇرۇم تېغى ئۈستىدىكى مۇزلۇقتا جۈپلەشكەندە ، ئېقىپ كەتكەن مەنىدىن قاشتېشى پەيدا بولغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت ۋە خوتەننىڭ قەدىمكى ئىسمى بولغان گۇستانا دېگەن سۆزنىڭ «ئۈزۈم» دېگەن تەرجىمىسى بىلەن «يەر ئەمچىكى» دېگەن تەرجىمىسى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلار توغرىسىدا پاراڭ سېلىپ ھېلىقى «رىۋايەتتىكى جەننەتنىڭ ئورنى خوتەن» دېگەن ماقالىنى دەلىللەشكە ئۇرۇندۇق. شائىر ھېلىقى كۈنى «جەنۇب ھەپتىلىك گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە دېگەن: « ئادەملەرنىڭ روھى يوق قىلىندى» دېگەن سۆزىنى تەكرارلىدى ۋە: «ئادەملەرنىڭ روھى ھۆرلۈككە ئېرىشسىلا، خوتەن راستىنلا جەننەتكە ئايلىناتتى» دېدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، «قۇرئان كەرىم» دە قەيت قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپەتلىرى ئىچىدە، «ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان» دېگەن سۈپەت كۆپ قېتىم تەكرارلانغانىكەن. يۇرتىنىڭ گۈزەللىكى، شورباغدىكى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان كاۋاپخانىلار، بۇ يەرنىڭ جەننەت سۈپەتلىرىگە يېقىنلىشىشىدىكى پاكىتلار ئىكەن. پەقەت روھىي ھۆرلۈككىلا كەم ئىكەن. . .

بىز خوشلاشتۇق. شائىر راستىنلا گېپى كۆپىيىپ قالغاندەك تۇيۇلدى. بۇ، كېسەللىك ئەكەلگەن پسىخىك ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن. كېسەل ساقايسا بۇمۇ ئوڭلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.

## 7-ئىيۇلدىن 12-ئىيۇلغىچە

نۇرمۇھەممەت توختى 7-ئىيۇن شائىرنىڭ يېنىغا كىرمىدى. يېقىندىن بېرى شائىر ساقىيىۋاتقان ۋە ئەھۋالى ياخشى بولغاچقا، ئۇ خاتىرجەم بوپقالغانىدى. ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر قېتىم يوقلىسامۇ باشقا ۋاقىتلاردا تېلېفوندا ئەھۋاللىشىپ تۇرسامۇ بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى. لېكىن چۈشتىن كېيىن خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، شائىرنىڭ شېۋىلەر لۇغىتىنى كۆچۈرۈش ـ تۈزىتىش ئىشىنى ئىشلەۋاتقان مەتىمىن تۇردى تېلېفون قىلدى. ئۇرۇمچىدىن ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىن مۇئاۋىن باش مۇھەررىر رىسالەت مۇھەممەت خانىم كەلگەنمىش، كىرىپ كۆرۈشمىسە بولمىغۇدەكمىش. . . رىسالەت خانىمنىڭ كېلىشىدىن نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. پەقەت قايسى كۈنى كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. مانا ئەمدى كېلىپ بوپتۇ. باش مۇھەررىر قۇربان مامۇتنىڭ تېلېفون قىلىپ خەۋەر بەرمىگىنى نېمىسى؟ رىسالەت خانىم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى نامىدىن شائىردىن ھال سوراپ كەپتۇ. «شۇنداق قىلىش كېرەك، ھەرقانداق ژۇرنال ۋە نەشرىيات ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىكار ئاپتورلىرىدىن ھال سوراپ تۇرۇشى كېرەك. بولۇپمۇ بېشىغا كۈن چۈشكەندە. . .» ئەشۇنداق ئويلىدى نۇرمۇھەممەت توختى. ئۇ دائىم ئەشۇنداق تەتۈر ئويلايتتى.

رىسالەت خانىم ـ ئېگىز بويي، كېلىشكەن، خۇشپىچىم، يېشىغا نىسبەتەن سەل بۇرۇن سەمرىپ قالغان تىپىك ئۇيغۇر چوكانلىرىدىن ئىكەن. ئۇ، تەھرىرات نامىدىن شائىرنىڭ ئابدۇشۇكۇر كېرىم دېگەن ئاتاقلىق رەسسامغا بۇيرۇتۇپ مەخسۇس سىزدۇرۇلغان بىر پارچە ماي بوياق رەسىمىنى سوۋغات قىلىپ ئەكەپتۇ. (شائىرنىڭ بۇ پورترېتى ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇيىلقى 4-سان مۇقاۋىسىغا بېرىلگەن. ـمۇھەررىردىن) رەسىم بەك ئوخشاپتۇ. تېخى ئۇلۇغۋار، ئويچان، سالاپەتلىك قىلىپ

سىزىلىپتۇ. شائىرانە يەڭگىلتەكلىكتىن ئەسەر يوق. . . ئېيتىلىشىچە، رەسسام شائىرنى يۈز تۇرانە كۆرۈپ باقمىغانىكەن. شائىرنىڭ بىر قانچە فوتو سۈرىتىنى سىلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ئومۇملاشتۇرۇپ سىزىپ چىقىپتۇ. رەسىمدىكى رەڭ، سىزىق، سىۋىتلاردىن ئىقتىدار چاقناپ تۇراتتى.

رەسىمنى كۆرگەندىن كېيىن شائىرنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. سۆزلەيتتى ۋە كۈلەتتى. ئۇ، نۇرمۇھەممەت توختىغا كۆز-كۆز قىلىپ: «سىلىنىڭمۇ ماي بوياق رەسىمىڭلار بارمۇ؟» دېدى. «ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكى لېتىپجان سىزغان» دېدى قارشى تەرەپ. «ئۇ يەردە مېنىڭمۇ بار» دېدى شائىر.

ئەشۇ يىلى لېتىپجان خوتەننىڭ تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن خوتەن شەھىرىنىڭ بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى قىياپىتى، قەدىمىي تۈگمەنلەر، ئەتلەس كارخانىلىرى، كونا كۆل ۋە مەسچىتلەرنىڭ سۈرەتلىرىدىن بىر كۆرگەزمىلىك رەسىم تەييارلىغانىدى. شۇنىڭ ئىچىدە خوتەندە ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپلار، ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ماي بوياق رەسىملىرىمۇ بار ئىدى. شۇنىڭ قاتارىغا شائىر بىلەن نۇرمۇھەممەت توختىنىڭمۇ رەسىمىنى قوشۇپ سىزغانىدى.

شائىرنىڭ كىچىك ئوغلى تېيىپجان دادىسىغا: «كۆزىڭىزنى سەل چوڭ سىزىپ ساپتۇ» دېۋىدى، شائىر: «مېنىڭ كۆزۈم نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ كۆزىدەك پىت كۆز ئەمەس» دېدى. چاقچاق خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى. رىسالەت خانىم ئۇرۇمچىنىڭ ، ئۇرۇمچىدىكى يارەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ يىل «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى نەشرىنىڭ 50 يىللىقى، چىققۇسى 4-سانى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 250-سانى ئىكەن. بۇ قېتىم ئۇ پەقەت تەھرىرات نامىدىن شائىردىن ھال سوراش ئۈچۈنلا كەپتۇ، باشقا ۋەزىپىسى يوقكەن. ئۇلار شائىرنىڭ يېنىدا خېلى ئۇزۇن ئولتۇردى. كېرىيىلىك تېۋىپ كىچىك ئوسمان ئاخۇننىڭ ۋەدە قىلغان دورىسىنى ئەۋەتمىگەنلىكى ھەققىدە پاراڭلاشتى. رىسالەت خانىم «مەرھابا» مېھمانخانىسىغا چۈشۈپتۇ. خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىكى ئابدۇرېھىم ھەكىمىي ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋاپتۇ ۋە شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇنى بوگۈنچە دەم ئېلىشقا دەۋەت قىلدۇق. شۇنچە يىراق سەپەردىن كەلگەن ئادەم دەم ئالمىسا بولمايتتى.

**8-ئىيۇن.** ئەتىگەندە شائىرنىڭ تاپىلىشى بويىچە ئابدۇقادىر تۇرسۇن ۋە نۇرمۇھەممەت توختى رىسالەت خانىمغا يول باشلاپ ئاسار-ئەتىقىلەر كۆرگەزمىسىنى، يۇرۇڭقاشتىكى گىلەم كارخانىسى، جىيادىكى ئەتلەسچىلىك كارخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. ئابدۇقادىر تۇرسۇن خۇش پېئىل ۋە بىلىملىك ئادەم. قەدىمىي نەرسىلەردىن بىلمەيدىغىنى يوق. ئۇ، ئەتلەس كارخانىسىدىمۇ، گىلەم كارخانىسىدىمۇ، ئاسار-ئەتىقىلەر كۆرگەزمىسىدىمۇ ئۆزى چۈشەندۈرگۈچى بولدى. ئۇ ھەممە كىشىگە

ئەشۇنداق قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى. ئارىدا ئابدۇقادىر تۇرسۇننىڭ ئىشخانىسىدا بىر ئاز دەم ئېلىپ ئۇسسۇزلۇق ئىچىلدى. بۇ ئەشۇ 1995-يىلى ئەتىيازدا شائىر ئەڭ ياخشى شېئىرلىرىنى يازغان ئىشخانا ئىدى.

چۈشتىن كېيىن رىسالەت خانىم بىلەن نۇر مۇھەممەت توختى شائىرنى يوقلاپ باردى. ئەھۋالى ياخشى. ماي بوياق رەسىمگە قاراپ ھوزۇرلىنىپ يېتىپتۇ. ئادەم ئۆزىدىن، ئۆز ھۆسنىدىن ، ئۆز ۋۇجۇدىدىن ، ئۆز ئەقلىدىن ئەڭ ھوزۇر تاپقۇچىدۇر. خۇددى ئاللا ئۆزى ياراتقان ئۆز جىلۋىسىدىن زوقلانغاندەك، ئادەممۇ ئۆز-ئۆزىدىن زوقلىناتتى. ئۆزىنى ھەممىدىن ياخشى كۆرەتتى. ئەپسۇسكى، كېرىيىلىك كىچىك ئوسمان ئاخۇن تېۋىپ تېخىچە دورىنى ئەۋەتمەپتۇ. نۇرمۇھەممەت توختى كىچىك ئوسمان ئاخۇن تېۋىپقا تېلېفون ئالدى. ئۇ كىشى يەنىلا «مۇھەممەتئەيسا قېچىۋېلىپ دورىنى ئەۋەتەلمىدىم» دېگەن كونا گەپنى تەكرارلىدى. خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچىلارباش بېكىتىنىڭ باشلىقى ئوبۇل ھاشىمغا تېلېفون ئېلىپ ئەھۋالنى دېدى. ئوبۇل ھاشىم: «مەن كېرىيە بېكىتىدىكىلەرگە تېلېفون قىلاي، ئۇلار ماشىنا چىقىرىپ تېۋىپنىمۇ، دورىنىمۇ ئەكەلسۇن» دېدى. كېيىنكى كۈنى ئاڭلىساق ئۇ تېۋىپ ئاخۇنۇم كېرىيە بېكىتىدىكىلەر ئاپارغان «سانتانا» غا ئولتۇرغىلى ئۇنىماپتۇ، دورىنىمۇ بەرمەپتۇ. «ھاكىم ماڭا مۇھەممەتئەيسانىڭ ماشىنىسىنى بەلگىلەپ بەرگەن، شۇنىڭغا ئولتۇرسام بارىمەن، باشقىسىغا ئولتۇرمايمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇدەك. ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ. بىزنىڭ تېۋىپلارنىزە. . . بۇ بىر باھانە. سەۋەبتەك قىلاتتى. تېۋىپ دورىنىڭ پۇلىسىدىن ئەنسىرىدىمۇيا؟ گېپىدىن قارىغاندىغۇ پۇل-مالنى دوست تۇتمايدىغاندەك قىلاتتى. زادى نېمە ئىشتۇ بۇ. . .

**9-ئىيۇن.** چۈشتە نۇرى كېرىم بىلەن نۇر مۇھەممەت توختى ( شائىر «كوممۇنىست ئاغىنىلىرىم» دېگەنلەرنىڭ بىرىمى) شائىرنى يوقلاپ كىردى. ئۇنىڭ ئالدىدا خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇدىرى ئابلەت قۇرباننىڭ نەۋرىسىنىڭ ئات تويى بولغانىدى. ئۇ يەردە ھەممە كىشى نۇرمۇھەممەت توختىدىن شائىرنىڭ ئەھۋالىنى سوراشتۇردى. «ياخشى، ساقىيىۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى ئۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلار كىرگەندە شائىر يېڭىلا قەي قىلىپ، تولىمۇ بىئارام ھالەتتە ئىكەن. ئۇلار جىمىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. خېلى ئۇزۇن ئولتۇردى. كېيىن شائىر سەل ئوڭشالدى. . . شائىر خانىمنىڭ دېيىشىچە، تۈنۈگۈن چۈشتە شائىر بىر قاچا لەڭمەن يېگەنىكەن، كېيىن ئۆرۈك يەپتۇ. ئاشقازىنى كۆپۈپ كەچلىك تاماقمۇ يېيەلمەپتۇ. كېچىچە بىئارام بولۇپ چىقىپتۇ. مانا ئەمدى قەي قىپتۇ. . . تاپا-تەنە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. ئۇمۇ بارلىق ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا پىشىرىپ بولۇپ، سوغاق سۇغا چىلاپ خېمىرغا ياندۇرۇدىغان ئەشۇ تاماققا ئامراق ئىدى. نېمە ئىلاج؟ زىيان قىلغانلىقىنى بىلسە،

كېيىن يېمەس. ساۋاق ئالار. . . ئافىيىنلەر شائىر سەل ياخشىلانغاندىن كېيىن خوشلىشىپ ياندى.

**10-ئىيۇن.** نۇرمۇھەممەت توختى سەھەردىلا شائىرنىڭ يېنىغا كىردى. خۇداغا شۈكرى، تۈنۈگۈنكىدىن كۆپ ئۈگشىلىپتۇ. كېچە ئىككى-ئۈچ قېتىم ئىچى سۈرۈپ، ئاشقازان-ئۈچەيلىرىدە ھېچنېمە قالمىغاندىن كېيىن ئۈگشىلىپتۇ. ئەسلى كېسەلنىڭ ئاغرىقى، قىچىشىشلىرى يوق ئىدى. چاقچاق قىلىپ ئولتۇردى. ئۇ يەنىلا نېمىشقىدۇر ھېلىقى كېرىيىلىك تېۋىپنىڭ ۋە دورىنىڭ گېپىنى قىلاتتى. مۇھەممەت چاۋارغا تېلېفون بېرىلدى. ئۇ، كېرىيىگە تېلېفون قىلماقچى. ئۇنىڭ تېلېفونى ئەلۋەتتە ۋالىي مەھكىمىسى نامىدىن بولىدۇ. كېرىيە يەنە تاراقشىپ كېتىدۇ. «سانتانا» غىمۇ ئولتۇرغىلى ئۇنىمىغان چوڭچى تېۋىپنى نەدىن بولمىسۇن تېپىپ دورىسى بىلەن قوشۇپ خوتەنگە يولغا سالىدۇ. . .

ئەسلى بۈگۈن شائىرنىڭ ھاۋالىسى بىلەن رىسالەت خانىمنى ۋە بىر ئايدىن بېرى شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى رەتلەش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن مەتقاسىم ئەكرەم ھاجىم، مەمتىمىن تۇردى، ئابدۇللا مەمتىمىن قاتارلىقلارنى ئابدۇقادىر تۇرسۇن قاراقاش زاۋۇدىكى مەتتۇرسۇن خان خوجىنىڭ ئاسار-ئەتىقە ھېسابىدا قوغدىلىۋاتقان بېغىغا ئويناتقىلى — دەم ئالدۇرغىلى ئاپارماقچى ئىدى. ئۇلار شائىرنىڭ ئۆيىگە يىغىلدى. شائىر ئابلەت قادىر — شائىر قادىرخان مۇقىمىنىڭ ئوغلىمۇ شائىرنى يوقلاپ كىرىپ قالدى. يىغىلغانلار بىلەن ياخشى ئەنجۈمەن قۇرغىلى بولاتتى. ئۇلار شائىر بىلەن خوشلىشىپ، ئوبۇل ھاشىم بەلگىلەپ بەرگەن مىنىبۇسقا ئولتۇرۇپ قاراقاشقا ماڭدى. قاراقاش دەرياسىغا كەلگۈن كەلمىگەنىدى. شۇ ھەقتە گەپ بولدى. رىسالەت خانىم تۈنۈگۈن «ئۇلۇغئاتا» ۋە «كوھمارىم» دېگەن يەرلەرگە بېرىپ قاراقاش دەرياسى بويىدا ئويناپ كەپتۇ. باشتا سۇ خېلى جىق ئىكەن. تېخى تۈنۈگۈن خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ بىر قىز ئوقۇغۇچىسى «كوھمارىم» دا دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ تۈگەپ كەتكەنمىش. رىسالەت خانىم ئەشۇ يەردە ئاڭلاپتۇ.

ئەشۇ مەكتەپتە ئىشلەيدىغان نۇرمۇھەممەت توختى ھەيران بولدى. ئۇنىڭ ئۆيى مەكتەپ سىرتىدا بولغاچقا دەم ئېلىش كۈنى يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇنىڭ تەئەججۈپلىنىشى يۈز بەرگەن مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا ئەمەس ئىدى. خوتەندىكى مۇشۇ ئەڭ چوڭ ئالىي مەكتەپكە پىشكەللىك چاپلىشىۋالغاندەك ئىش بولۇۋاتاتتى. ئۆزاقى يىلى «چاكەش» سۇ ئامبىرىدا بىر بالا تۇنجۇقۇپ ئۆلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىلى «يېڭىئېرىق» سۇ ئامبىرىدا مەكتەپ باسما زاۋۇتىنىڭ شوپۇرى چۆكۈپ كەتتى. ئالدىنقى يىلى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ (شۇ چاغدىكى) نەۋرىسىنىڭ ئات تويى بولۇۋاتقاندا تەنتەربىيە سىنىپىنىڭ بىر پالۋان سۈپەت ئوقۇغۇچىسى يۇرۇڭقاشتىكى «بۇلبۇل ئارامگاھى» دا كىچىككىنە بىر كۆلچەكتە — ئادەمنىمۇ چۆكتۈرەلمىگۈدەك بىر كۆلچەكتە تۇنجۇقۇپ ئۆلدى؛ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىۋاتقان بىر خەنزۇ ئوقۇغۇچىنىمۇ يەنە سۇ ئەكەتتى. بۇ يىل بۇ ئىش يۈز بېرىپتۇ. . . ھەر يىلى قاتتىق بىخەتەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلاتتى. ئەسكەرتىلمىگەن گەپ قالمايتتى. بىخەتەرلىك — ئامانلىقنى ساقلاش ئەھدىنامىلىرىگە قول قويۇلاتتى. ئەمما بۇ ئىش — پاجىئە توختىمايۋاتاتتى. ئىككى مىڭدەك ئوقۇغۇچى، تۆت مىڭدەك نوپۇس بار بىر ئورۇندا ئادەتتە بىرەر يىلدا بىرەرسىنىڭ ئاخىرەتكە سەپەر قىلىشى ئۈنچىۋالا ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. ئەمما ياش بالىلارنىڭ ئۇدا بىۋاقىت كېتىپ قېلىشى غەلىتىلىك ئىدى. يەنە كېلىپ ھەممىسىنىڭ سۇدا كېتىپ قېلىشى تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇراتتى. . . غۇيۇلداپ كېتىۋاتقان ماشىنىدا كىمدۇر بىرى:

— مەكتىپىڭلارغا سۇ ئالۋاستىسىنىڭ جىنى چاپلىشىۋاپتۇ. روھانىي تەكلىپ قىلىپ دۇئا ئوقۇتۇڭلار، — دېدى چاقچاق قىلىپ.

نۇرمۇھەممەت توختى بېشىنى چايقاپ قويدى. بۇ چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس. بۇنداق پاجىئەلەرنىڭ تەكرارلانماسلىقى ئۈچۈن قانداقتۇر بىر ئىش قىلىش زۆرۈر ئىدى.

شۇكۈنى ئۇلار مەتتۇرسۇن خان خوجىنىڭ قاراقاش زاۋۇدىكى 1915-يىللىرى سېلىنغان داچىسى — ھازىرقى «فېئودالىق قورۇ» دا دەم ئالدى. ئەشۇ يىللىرىلا تورۇسقا ھىندىستاندىن يۆتكەپ كېلىنگەن پەنەركە تاختىلار قېقىلغان كۆپ نەقىشلىك ئاستى تاختايلىق ئۆيلەر، غايەت زور يوغىنىغان چىنار، مىخ دەرىخى، سېرىنگۈلنى تاماشا قىلىشتى. باغنى خەۋەر ئالغۇچىنىڭ باغدىكى چىنارلارغا ئائىت كونا-يېڭى ھېكايىلىرىنى ئاڭلىدى. رىسالەت خانىم چىنارلار ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى. . . بۇلار ھەققىدە نۇرمۇھەممەت توختى بۇندىن تۆت يىل بۇرۇن «كونا باغ ھەققىدە رىۋايەت» دېگەن ئەسىرىدە تەپسىلىي يازغانىدى. تۆت يىلدىن بېرى باغ جىق كونىراپتۇ. قويۇق مىخ-شوخا چىقىدىغان سوپۇن دەرىخىگە نەدىندۇر ئېقىپ كەلگەن «چىلان قاپلىق قۇرت كېسىلى» يۇقۇپ قۇرۇپ قالاي دەپتۇ. 80نەچچە يىللىق ئۆرۈكلەرنىڭ كۆپ قىسمى قۇرۇپ كېتىپتۇ. قورۇق تاملار كونىراپ ئۆرۈلۈشكە باشلاپتۇ. . . قايسىدۇر بىر موللا باغ ئىچىدىكى چىنار دەرىخى ۋە كۆلنىڭ چۆرىسىگە ئىنچىكە مەشۇت يىپتىن دائىر تۈزۈپ، چىنارلاردىن بەند قىلىپ بەرگەنىكەن. كېيىنكى يىللىرى ئۇلار ئانچە ئاۋارىچىلىق سالمايدىغان بوپتۇ. بۇ، ياخشى چارە ئىكەن. ھەممە جىن-ئالۋاستىلارنى ئەشۇنداق بىرەر دائىرىگە قاماپ بەند قىلىپ قويغىلى بولسىچۇ، ئالەم يەجۈجى-مەجۈجىلەردىن خالاس بولغان، تىنچلىق ئورنىتىلغان بولاتتى. . . ئۈجمە-ئۆرۈكلەر يېيىلدى، ئابدۇقادىر تۇرسۇن بازاردىن ئېلىۋالغان كاۋاپ ۋە نان بىلەن قورساقلار ئەتلەندى. رىسالەت خانىمغا مىخ دەرەخ بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلدى. چىنارغىمۇ ھەيران قالدى. ئۇ ئەشۇ دەرەخلەرنىڭ ئالدىدا سۈرەتكە چۈشتى. كەچتە ئۇلار قايتىشتا قاراقاش ئاقسارايدىكى 500يىللىق چىنارنى كۆردى. غايەت يوغان — يەتتە

پۇتاقلىق چىنارغا قاچاندۇر بىر چاغلاردا ياقۇپبەگ ئىتىنى باغلىغانمىش. ئۇنى ئىرانمۇ ياكى سۇرىيىنىڭ بىر شەھىرىدىن ھەزرىتى ئەلى بىر چۆرۈپ مۇشۇ يەرگە تاشلىغانمىش. بۇ چىنارنىڭ تۈۋىنى يەتتە قىتىم ئايلانغان ئادەم بالا-قازا، تۆھمەت-بەتناملارغا ئۇچرىماي بەختلىك بولارمىش. . . رىسالەت خانىم نىمىشقىدۇر كۆپرەك كونا باغدىكى جىنلارنىڭ گىپىنى قىلاتتى. ئۇنىڭغا چاقچاقلار قىلىندى. چىنارنى يەتتە ئايلاندۇرۇشتى. . . 11-ئىيۇن. شائىرغا تېلېفون قىلدىم. ئەھۋالى ياخشىكەن. مەن رىسالەت خانىم ھاۋالە قىلغان نەرسەمنى يازدىم. ئۇ ئۇنى بىللە ئەكەتمەكچى.

**12-ئىيۇن.** شائىرنىڭ ئەھۋالى ياخشى . كېچە ئۇ يىغلاپتۇ. يىغىسىدىن باشقىلار ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۆزىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ھەممىسى ئۇخلاپ قالغانىكەن. نىمىشقىدۇر شائىرنىڭ پۇت-قولى ھەرىكەتكە، تىلى گەپكە كەلمەپتۇ. يېنىدىكىلەرنى ئويغىتىشقا ئامالى بولماپتۇ. شائىر مۇشۇ ھالىمدا كېتىپ قالىدىغان ئوخشايمەن، دەپ يىغلاپ ساپتۇ. يىغا ئاۋازىدىن باشقىلار ئويغىنىپتۇ. شائىرنىڭ تۇغقانلىرىغا ئۇخلاپ قالماسلىق ، نۆۋەت بىلەن قاراش ھەققىدە نەسىھەتلەر قىلىندى. تاپا-تەنە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇلارمۇ مۇشۇ 90كۈن ئىچىدە ھەقىقەتەن ھېرىپ ھالىدىن كېتەيلا دەپ قالغانىدى. . .

شائىر مۇشۇ توقسەن كۈن ئىچىدە ئاجايىپ كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. ئەتىگەن تەرەپتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر ئەپەندى تېلېفون ئارقىلىق ئەھۋال سورىدى. بۇ، شائىر ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئۇ زاتنىڭ ئۈچىنچى قېتىم تېلېفون بېرىشى ئىدى. بۇ رەھبەر ھەقىقەتەنمۇ ئاق كۆڭۈل، ، مېھرىبان، ئەدەبىيات-سەنئەتكە ۋە باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلەلەيدىغان ئىنسان كىشى بولسا كېرەك. . .

مېھرىبانلىقنىڭ چېكى بولمايدۇ. ياخشى كۆڭۈل خۇددى قۇياشقا ئوخشاش چەكسىز يىراق يەرلەرنىمۇ ئىللىتالايدۇ. شائىرنىڭ خانىمى مىجىت ناسىر ئەپەندى ھەققىدە تەسىرلىك بىر ھېكايە سۆزلىدى: شائىرنى ئۈرۈمچىدىن قايتۇرۇپ كېلىش ئالدىدا، مىجىت ناسىر ئەپەندى شائىرنى دوختۇرخانىغا يوقلاپ بارغاندا، ئۇنى ئۆزىتىپ چىققان شائىرنىڭ خانىمى كۆز يېشى قىلىپ: «بىچارە، ئوغلىنىڭ تويىنى كۆرەلمەيدىغان بولدى» دەپتۇ. خانىمنىڭ ھەسرەتلىك سۆزىنى ئاڭلىغان مۇئاۋىن مۇدىر ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپتۇ ۋە: «خاتىرجەم بولۇڭ، ھايات بولسام، ئوغۇللىرىڭىزنىڭ تويىدا ئورنىدا تۇرۇپ بىرىمەن، شائىرنىڭ بالىلىرىغا ئاتىسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتقۇزمايمەن» دەپتۇ. . . نىمىدېگەن ياخشى كۆڭۈل - ھە! مىجىت ناسىر ئەپەندى شائىرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقىنى ئەمەس. ياق، شائىرنىڭ قېرىندىشىدىنمۇ يېقىن تۇغقىنى! مىجىت ناسىر ئەپەندى شائىرنىڭ دائىم بىللە ھەمسۆھبەت - ئۇلپەت

بولىدىغان دوستى ئەمەس. ئۇلار ئارانلا ئىككى - ئۈچ قېتىم دىدارلاشقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ شائىرنىڭ ئەڭ يېقىن قەلبدىشى! بۇ يەردە ئىنسانىي مېھرىبانلىقمۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان چەكسىز كۆيۈنۈشمۇ چاقناپ تۇرىدۇ.

نۇرمۇھەممەت توختى يازغۇچى ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ « نوپۇس كۆپەيدى، ئادەم ئاز قالدى» دېگەن سۆزىنى ئەسكە ئالدى. ياق، ئادەم تېخى ئاز قالماپتۇ. شائىر كېسەل بولغان شۇ كۈنلەردە ئۇ ناھايىتى كۆپ، ناھايىتىمۇ نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغانىدى. مىجىت ناسىر ئەپەندى ئەشۇ نوپۇس بەكمۇ ئاۋۇپ كەتكەن دەۋرنىڭ ھەقىقى مەنىدىكى ئادىمى بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەسمۇ؟ شائىرغا كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەن، شائىرغا ئوخشاش بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرغان مېھرىبانلار ھەقىقىي مەنىدىكى ئادەم بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەسمۇ؟ جاھاندا تېخى مەرد - مەردانىلەر، كۆيۈمچان-مېھرىبانلار ئاز ئەمەسكەن. ئادىمىيلىكنى ساقلاپ قالغانلار ئاز ئەمەسكەن. بەلكىم بۇ شۇنچە ئىپلاسلىقلار يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، قىيامەت قايىم بولماسلىقىدىكى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئەشۇ ياخشىلارنىڭ يۈزى ۋەجىدىن قىيامەت ئارقىغا سۈرۈلۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بولمىسا، ھېلىقى ئالدىن ھۆكۈم قىلغۇچى بىدئەتلەر قىياس قىلغان قىيامەت ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكىلى خېلى يىللار بولدى ئەمەسمۇ؟

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە رىسالەت خانىمنى ئۈرۈمچىگە ئۇزاتتۇق. شائىر بىلەن «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى ئارىسىدىكى سەممىمىي باغلىنىشنىڭ ئىپادىسى بولغان بۇ قېتىمقى سەپەر رىسالەت خانىمدا قانداق تەسىرات قالدۇردى؟ كەمسۆز خانىمدىن بۇ ھەقتە سادا ئاڭلاش نېسىپ بولمىدى. ئەمما بۇ سەپەر شائىرنىڭ كېسەل ئازابىدىن شىكەستە يەتكەن قەلبىگە ھەرقانداق ئىنسىل دورىدىنمۇ بەكرەك شىپا بەرگەنىدى. ئۇ، ژۇرنالنىڭ سوۋغىسىدىن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى داھىيلىق ماقامىنىڭ ئېگىز تەختىگە كۆتۈرۈپ كۆرسەتكەن ھۆرمىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ۋە كۆرۈپ يەتكەنىدى. ئۇنىڭ ھاياجاندىن گۈل ياپراقلىرىدەك تىترەپ تۇرغان قەلبى رەھمەت ۋە رازىلىق دېڭىزلىرىدا دولقۇنلايتتى. مەزكۇر ژۇرنال نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىق خاتىرىسى ۋە 250سان نەشر قىلىنغانلىقىغا ئۆزىنىڭ بىرەر ئىنسىل ئەسەر سوۋغا قىلالمىغانلىقىدىن ئۆكۈنگەن شائىر خاتىرىلەش پائالىيىتى سوۋغىسى سۈپىتىدە رىسالەت خانىمنىڭ ئالدىغا ئىككى مىڭ يۈەن پۇل قويدى. «سىلەرگە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم. ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم، ئازراق بولسىمۇ كۆڭلۈم بولسۇن» دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ. رىسالەت خانىم ئالغىلى ئۇنىمىدىغان؟ دوستلۇق، ھەمكارلىق بېغىنىڭ ئىككى قاراۋۇلى - ھۆرمەت بىلەن ئىززەت تىركىشىپ قالدى. جاھىللىق بىلەن تىركەشتى. تەكەللۇپ بىلەن سەممىيلىك ئۇلارنىڭ تىركىشىش قورالى ئىدى. تىركىشىش ئارىسىدىن چاقماق چېقىلاتتى. چاقماقنىڭ ئىللىق نۇرى كۆڭۈللەرنى

يورۇتۇپ، دوستلۇق گۈللىرىنى جىلۋىلەندۈرەتتى... شائىر ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. زاراڭزا چېچىكىدەك سارغىيىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن سېرىق مارجاندەك دومىلىغان تامچە - تامچە ياشلار زەپەدەك سارغايغان چېھرىگە دومىلاپ چۈشتى. رىسالەت خانىممۇ يىغلىدى. خوشلىشىش - مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىشنىڭ، ۋاقىتلىق ئايرىلىش - ئەبەدىي جۇدالىقنىڭ بىشارىتىدەك كۆڭۈللەرنى ئېزەتتى. رىسالەت خانىم شائىرنىڭ ژۇرنال تويىغا قىلغان سوغىسىنى رەت قىلغان بولسىمۇ، بۇ يەنىلا دوستلۇق گۈلخانلىرىنى ئۇلغايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى خوتەندە قالغاندەك، شائىرنىڭ كۆڭلى بولسا ئەگىشىپ ئۈرۈمچى تامان كېتىۋاتقاندەك ئىدى. خوشلىشىش ئۇزۇنغا سوزۇلدى. سالاملار يوللاندى. ئوبيېكتى ئەلۋەتتە ئەشۇ ژۇرنال ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان قەدىردانلار ئىدى...

دەريالار ئەبەدىي ئاقىدۇ. شامال - بورانلار گۈركىرەيدۇ. تاغلار كۆكرەك كېرىپ قەددىنى كېرىدۇ. جاھاندا مەڭگۈ قىممىتىنى يوقاتمايدىغان بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ سەمىمىي دوستلۇق، مېھىر -مۇھەببەت ۋە ئىززەت-ھۆرمەت. ئۇنىڭ ئۆمرى دەريا-ئېقىنلاردىن ، تاغ-ئېدىرلاردىنمۇ ئۇزۇن بولىدۇ.

## 13-ئىيۇلدىن 18-ئىيۇلغىچە بولغان ئەھۋاللار

شائىرنى بۇ ھەپتە ئاغرىقى تۇتمىدى. مەن خاتىرجەملىشىپ قالدىم. شۇڭا 13-ئىيۇن يوقلاپ كىرمىدىم. چۈشتە تۇرسۇنجان باي تېلېفون قىپتۇ: ئۇ، شائىرنىڭ يېنىدا ئىكەن. يېڭىساردىن ئابدۇللا ياقۇپ، تۇرغۇن مۆمىن قاتارلىق سەككىز - ئون شائىر -يازغۇچى يوقلاپ كەپتۇ. مۇھەممەت چاۋار كەچتە زىياپەت بەرمەكچى ئىكەن. مېنى شۇ يەرگە چىللاپتۇ... كەچ. ئابدۇللا ياقۇپلار بىلەن خوتەن مېھمانخانىسىنىڭ رېستورانىدا كۆرۈشتۇم. «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدىكى ئۆركەش ئىبراھىممۇ بار ئىكەن. ئابدۇللا ياقۇپنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار يېڭىسارنىڭ ھاكىمىدىن رۇخسەت سورىغانىكەن، ھاكىم: تېلېفون بېرىپ ھال سورىساڭلارمۇ بولىدىغۇ دەپتۇ. ئابدۇللا ياقۇپ: «بىز سەيپىدىن ئەزىزىي ياكى ئىسمائىل ئەھمەت ئەمەس، تېلېفوندا ھال سورىغىلى. شائىردىن يۇقىرىدىكىلەر تېلېفون ئارقىلىق ھال سورايدۇ، بىز بېرىپ، پەگادا تۇرۇپ ھال سورىشىمىز كېرەك» دەپتۇ. چۈنكى ئۇ يەرلەردىمۇ «ئۇچىنى سۆزلەش» ، «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئۆگىنىشى بەكلا جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقانىكەن، ھاكىم تەسىرەك رۇخسەت بېرىپتۇ.

.. شۇ ئاخشامقى گەپ كۆپرەك تۇرغۇن مۆمىنگە بېرىلدى. دوملاق، دېھقان سۈپەت ، 50 ياشلاردىكى بۇ ئادەم شۇنداق گەپچىكەنكى، ھەممىمىز، ھەتتا ئۇلارنى باشلاپ كەلگەن مەشھۇر قاغىلىق پاراڭچىسى ئابدۇللا ئوسمانمۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇردۇق.

خۇدا بەرگەن ئىناۋەت قىيامەتكىچە،
خەلق بەرگەن ئىناۋەت ئەجەل يەتكىچە،
ھۆكۈمەت بەرگەن ئىناۋەت ئەمەلدىن چۈشۈپ كەتكۈچە..

دەپ گەپ باشلىدى ئۇ. شائىرنىمۇ ئىككى سائەت كۈلدۈرۈپتۇ. ئەمما گەپلىرى كۈلدۈرىدىغان گەپلەر ئەمەسكەن. تۇرغۇن مۆمىننىڭ گەپلىرى خاتىرىلەپ قويىدىغاندەك گەپلەر ئىكەن. ئەپسۇس، بۈگۈن خاتىرە يېزىۋاتقىنىمدا ئۇلاردىن كۆپلىرىنى ئەسكە ئالالمىدىم... ئۇلار 14-ئىيۇل ئەتىگەندە قايتماقچى. بىز خوشلاشتۇق.

**14-ئىيۇل**، پەيشەنبە. بىز - «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى مەتقاسىم ئابدۇراخمان ۋە ئابدۇللا سۇلايمانلار ئەتىگەندە بۇيىل ئاۋغۇستتا ئېچىلماقچى بولغان «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ئۈچۈن ئىئانە يىغىپ بىر قانچە ئىدارىگە باردۇق. خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچىلار باش بېكىتى ئون مىڭ يۈەن، تاش يول ئىدارىسى بەش مىڭ يۈەن ئىئانە قىلماقچى بولدى. ئۇيەردىن يېنىپ شائىرنى يوقلاپ كىردۇق. ئەھۋالى ياخشى ئىكەن. «بۇنداق ئىدارىمۇ ئىدارە بېرىپ ئىئانە يىغىمەن دېسەڭلار بەك ئاۋارە بوپكېتىسىلەر، ھەممىسىنى بىر يەرگە زىياپەتكە چاقىرىپ شۇ يەردە يىغىڭلار» دېدى ئۇ. ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇلۇپ ياندۇق. كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولدى... ئازنە - 15-ئىيۇن يەنە ئىئانە يىغىشقا چىقتۇق. ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا كومىتېتى ئۈچ مىڭ يۈەن، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىمۇ ئۈچ مىڭ يۈەن بېرىشكە ۋەدە قىلدى. شائىرنى يوقلاپ باردۇق. ئەھۋالى ياخشى ئىكەن. يېنىدا خوتەن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدىكى دوختۇر ئاغىنىلىرى بار ئىكەن. خېلى ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ياندۇق. بىز قايتقاندىن كېيىن يەكەن ۋە مەكىتتىكى ئەدىبلەردىن تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم، باتۇر روزى، نۇرمۇھەممەت ئايۇپلار يوقلاپ كەپتۇ. يەنىلا ئابدۇللا ئوسمان باشلاپ كەپتۇ. شائىر ئۇلارنى كۆرۈپ بەكلا خۇشال بوپتۇ. ئۇلار كەچتە مېنى ئىزدەپ چىقتى. تېخى بۈگۈن باتۇر روزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەن. رېستوراندا كۈتۈۋالدۇق. كۆپ پاراڭلارنى قىلىشتۇق. بۈگۈن گەپ كۆپرەك ئابدۇللا ئوسماننىڭ بولدى. 18-ئىيۇن ئەھۋالى ياخشى . ئەمما تۈنۈگۈن بىر قاچا سېرىق لەغمەن يېگەنىكەن، مەيدىسىدە تۇرۇپلىۋاپتۇ. سەل بىئارام بوپتۇ. مەن «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ مىڭ يۈەن، مەتتىمىن قۇربان ھاجىمنىڭ ئىككىمىڭ يۈەن ئىئانە بەرمەكچى بولغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم. بىز كەچكىچە شائىرنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ چىقىش بىلەن بولدۇق. كەيپىياتى ياخشى. شائىرنىڭ «روزى قوشاقنىڭ ئىجادىيەت يولى» دېگەن ماقالىسىنى تاپالمايۋاتىمىز. «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ قايسى يىلدىكى سانىغا بېسىلىۋىدىكىن ؟

## 19-ئىيۇلدىكى شائىر

بۈگۈن كەچتە - سائەت بەشلەردە مەتقاسىم ئەكرەم ھاجىم، مەتتىمىن تۇردى، ئابدۇللا مەتتىمىن ۋە مەن تۆت كىشى شائىرنى يوقلاپ باردۇق. شائىرنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئىكەن. ھويلىدا

يېتىپتۇ. پارالىق قىلدۇق. ئەته ۋىلايەتتىكىلەر لايقا يېزىسىنىڭ بېغىدا كومپارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئەلنەغمە پائالىيىتى ئۆتكۈزمەكچى ئىكەن. شائىرغا ھەم تەكلىپنامە ئەۋەتىپتۇ. ئۈچ ئايدىن بېرى يېتىپ زېرىكىپ كەتكەن شائىر «بارىمەن» دېدى. بىز سەل ئەنسىرىدۇق. ھاردۇق يېتىپ ئۆزۈلۈپ قالارمىكىن دېيىشتۇق. لېكىن شائىر خېلى قەتئىي شۇنداقلا ئەھۋالىمۇ ياخشى ئىدى. بېرىپ ئەشۇ يەردە ئولتۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلەيدىغاندەك تۇيۇلدى... شائىر قايسى كۈنى يەكەنلىكلەر كەلگەندە نەي چېلىپ بېرىپتۇ. ئەتىگەندە سىرتقا چىقىپ كوچىدا سەيلە قىپتۇ. ئەھۋالى ھەقىقەتەن ياخشىدەك. لېكىن قورسىقى سەل چوڭ، ئۆزى بولسا بەكلا ياداڭغۇ. ئۇ ئەمدى كېرىيىلىك تېۋىپنىڭ گېپىنى قىلمايدىغان بولدى. ھاكاۋۇر تېۋىپتىن بىزار بولغاندەك ئىدى.

## 20-ئىيۇن

شائىرنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئەمەس. كېچىچە «ھۆ» قىلىپ، قەي قىلىپ، قورساق قىسمى ئاغرىپ ادىلا ئارام ئالماپتۇ. يېمەكەن دورا قالماپتۇ. ئۇنۇمى لماپتۇ. نۇرمۇھەممەت توختى كىرگەندە گۆزمىگىلى 40 كۈنلەر بولغان «مافىي» دېگەن ەپيۇن تەركىبلىك ئۆتكۈر ئاغرىق توختاتقۇچنى يېگۈزگىلى ئىككى سائەتتەك بولغانىكەن. شائىر سەل تىنچلىنىپتۇ... ئۇنىڭ بۈگۈن لايقا يېزىسىنىڭ بېغىغا چىقىپ، 500 يىللىق ئەنجۈر دەرىخىنىڭ سايىسىدا يېتىپ، ئەلنەغمە يىغىلىشىغا قاتنىشىش خىيالى سۇغا چىلاشقانىدى. نۇرمۇھەممەت توختىنى «سىلە بېرىپ كېلىڭلا» دەپ ھەيدىدى. لېكىن ئاغىنىسىنىڭ ئاغرىق شائىرنى تاشلاپ ئويۇنغا بارغىسى كەلمىدى. شائىرنىڭ يېنىدا تۆت سائەتتەك ئولتۇردى. شائىر ئۆز تېۋىپىدىن ئاغرىنىپتۇ. «ئۆتكەن كۈنى سېرىق لەڭمەن يېگۈزگەندىمۇ بىئارام بولدۇم، ئەمدى موما بىلەن زاخۇيتاڭ يېگۈزۈپ بىئارام قىلدى. تېۋىپ بولغاندىكىن نېمىنىڭ زىيان، نېمىنىڭ پايدا قىلىشىنى بىلىشى كېرەك ئىدى يەي...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. ئۇ ئاغرىنىشقا ھەقلىقمۇ؟ ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ كېلىدىن بىرنەرسە ئۆتكىنىگە خۇشھال. بەلكىم تېۋىپمۇ شۇنداق ئويلىغاندۇ. شائىرنىڭ ئۆزى« ئۇنى يېگۈم كەلدىيەي، بۇنى يېگۈم بارەي... دەپ تەڭلىككە سالسا تېۋىپمۇ چىداپ تۇرالمىغاندۇ. ئەمدى نەئاغرىنىش؟ ئۆتكەندە ھەبىبۇللا ھاجىم لەڭپۇڭ ئەكەلگەندە يەپ بىئارام بولغان. كېيىن ئۆزى تەلەپ قىلىپ يەپ زىيان قىلغاندىن كېيىن لەڭپۇڭ يېمەيدىغان بولغان. ئارىدا توقاچ شاپتۇل، كۆكباش قوناق يەپ ، مۇز سۈيى ئىچىپ، لەڭمەن يەپ بىئارام بولغان چاغلىرى بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تېۋىپنىڭ بىخەستىلىكىدىن كۆرۈش كېرەكمۇ؟... ئاغرىق ئادەم كىچىك بالىدەك بوپقالىدۇ، ئۇنى يەيمەن، بۇنى يېگۈم كەلدى، دەپ قەغىشلىك قىلىدۇ. بۇ ئېنىق. ۋەھالەنكى ئەتراپىدا يۈرگەن بىز ئۇنى توسۇشىمىز كېرەك. ئەمما ئۆز سۆزلۈك، جاھىل شائىرغا تاقابىل

تۇرالامدۇ ئۇڭاي ئەمەس...

ھەبىبۇللا مۇھەممەت بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى ھاجى قۇتلۇق قادىرىي شائىردىن ھال سوراپ تېلېفون بەردى. نۇرمۇھەممەت توختى ۋاكالىتەن ئېلىپ رەھمەت ئېيتتى. تۈنۈگۈن (19-ئىيۇن) ئۈرۈمچىدىن - شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق توقۇمىچىلىق ئىدارىسىدىن شەمسىقەمەر خانىم ۋە خەلچەم خانىملار تېلېفون بېرىپ شائىردىن ھال سورىدى. ئۇلار خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىكەن. ھەرقانداق ئىشنى مەشھۇر بوۋىسىنىڭ نەزىرى بىلەن كۆزىتىشكە ئادەتلەنگەنىكەن. شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى شائىرنىڭ «دېھقان بولماق تەس» ناملىق ئۇنئالغۇ لېنتىسىدىن ئاڭلاپ قايىل بولغانىكەن. شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدا بوۋىسىنىڭ قېنى ئېقىۋاتقاندەك ھېس قىلغانىكەن. گەرچە تونۇشمىسىمۇ ، بۇ قېتىم شائىرنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئاتايىتەن تېلفون ئارقىلىق ھال سوراشقانىكەن... خانىملارنىڭ بىرىنىڭ ئۆمۈر يولدىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دورا شىركىتىدە بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك دورا شىركىتى ئىككى سائەتلەردىن كېيىنلا شائىرغا قۇۋۋەت دورىلىرى ۋە گۈل سېۋەت تەقدىم قىلدى. گۈل سېۋەتكە قىستۇرۇلغان باغاقچىغا: «روزى سايىت ئاكىغا! كېسىلىڭىزنىڭ بالدۇرراق ساقىيىپ كېتىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز» دەپ يېزىلغانىدى. خەلق شائىرغا كۆڭۈل بۆلمەكتە. شائىر قەلبى ئۆز خەلقىدىن سۆيۈنمەكتە ئىدى...

## 21-ئىيۇن

شائىر ئىككى كېچە بىر كۈندۈز بىئارام بولغاندىن كېيىن ئاستا-ئاستا ئوڭشىلىپ قالدى. كېچە چوڭ تاھارەت يۈرۈشتى. ئەتىگەن يەل ھەيدىگۈچى تاماق - ئارپا ئۇنى ئۇگرىسى - يۇبدان ئىچتى. كەچتىمۇ شۇنى ئىچتى، تۆگە سۈتى ئىچتى.

..

بۈگۈن سەھەردىلا (بەلكىم ئۇ يەردە چۈش بولغاندۇ) ياپونىيىدىن - ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ۋاكالىتەن ئەكبەر ئەپەندى ھال سوراپ تېلېفون بەردى. ئۇ كىشى ئەسلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلەيدىكەن، ئايالى بىلەن بىللە ئوقۇغىلى بېرىپ شۇياقلاردا تۇرۇپ قاپتۇ. ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار شائىرنىڭ كېسەللىكىنى ئاڭلاپ قايغۇرۇپتۇ. شۇڭا ئەھۋال سوراپ تېلېفون قىلىشى ئىكەن... شائىرنىڭ كېسەللىكى ھەققىدىكى خەۋەر پايانسىز مۇساپىلەرنى بېسىپ ، دېڭىز - ئوكيانلاردىن ھالقىپ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە ئۇچۇپ كەتكەنىدى. «دۇنيا كىچىككىنە كەنتكە ئايلىنىپ قالدى» دېگىنى شۇ بولسا كېرەك. ئالدىنقى كۈنلىرى كانادا مونتېرىيالدىن سادىر ئاخۇن بىلەن ئەخمەتجان ھال سوراپ تېلېفون بەرگەنىدى. ئۇنىڭمۇ ئالدىدا كانادا تورونتودىكى ئۆمەرجان بىلەن روزىگۈل شائىرنىڭ كېسەللىكىنى ئاڭلاپ، دورا ئىزدەپ ئامېرىكىدىكى تونۇشلىرىغا

تېلېفون بەرگەن. ئامېرىكىدا شائىرغا دورا ئىزدەش باشلانغانىدى. دۇنيانىڭ ھەممە يېرى شائىرغا كۆڭۈل بۆلمەكتە ئىدى.

سائەت توققۇزلاردا تونۇگۈن لايىقىدىكى گۈلنەغمە ئولتۇرۇشىغا كەلگەن كېرىيىلىك گۈلنەغمىچىلەر مۇھەممەتئېيسا قۇرباننىڭ باشچىلىقىدا، ئابدۇغېنى، ئەھەت دۇتارچى، مەتتۇرسۇنخان قاتارلىقلار شائىرنى يوقلاپ كەلدى ۋە زېرىكىپ كەتكەن شائىرغا نەغمە قىلىپ بەردى. شائىرنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. سائەت ئونلاردا غۇلجىدىن ئاتاقلىق شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن تېلېفون بەردى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زامانىمىزدىكى بۈيۈككى شۆھرەتلىك شائىرى تېلېفوندا يىغلىشىپ ئارىلىقنىڭ يىراقلىقىدىن يوقلىشالمىغانلىقىدىن ئەپسۇس ئېيتىشتى. بىر-بىرىگە قايتا-قايتا سالامەتلىك - ئامانلىق تىلەشتى... چۈشتە قاغىلىق تاشيول باش ئۆچاستكا پارتكومىنىڭ سېكرېتارى تۇداخۇن يوقلاپ كەلدى. ئۇنىڭغا يەنە ئابدۇللا ئوسمان يول باشلىغۇچى بولۇپ كەلگەنىدى. بۇ، ئابدۇللا ئوسماننىڭ تۆتىنچى ياكى بەشىنچى قېتىملىق يوقلىشى ئىدى. گەرچە ئايالى خەلچەم كېسەلخانىدا بولسىمۇ يەنىلا پۇرسەت چىقىرىپ ئەشۇ 260 كىلومېتىر يولنى بېسىپ شائىرنى يوقلاپ تۇرۇۋاتاتتى. قاغىلىقتىكىلەرنىڭ قەدىردانلىقى - ئەشۇ ئۆتكەن ئەسىر بېشىدىكى تەجەللىي ھەزرىتىم بىلەن ئىسمائىل ھاجىم ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ئەسكە سالاتتى... چۈشتىن كېيىن تۇرسۇنجان باي بىلەن بىر ئاتۇشلۇق سودىگەر شائىرنى يوقلاپ كەلدى. بۇلار ئەشۇ يىلى شائىرنىڭ ئېسىل شېئىرلارنى يازغان ئوڭ قولىغا تۇنجى ئالتۇن ئۈزۈكنى سېلىپ قويغان بايۋەتچىلەر ئىدى. باش كاتىپ مۇھەممەت چاۋار كەلدى. خوتەن ۋىلايىتىدە يېزىلغان تۇنجى رومان - «كۆزگە ئايلانغان كۆڭۈل» نىڭ ياش ئاپتورى ھۆسەنجان ئابدۇۋەلى قاتارلىق ئىككى ياش يىگىت يوقلاپ كەلدى. شائىرنىڭ كۆڭلى يەنىلا خەلقىمىزدە، ئەدەبىياتىمىزدا ئىدى. شائىر ياش يازغۇچى ھۆسەنجان ئابدۇۋەلىنى كۆرۈپ، باش كاتىپ، خوتەن يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مۇھەممەت چاۋارغا دىيارىمىزدا يېزىلغان تۇنجى رومان ئۈچۈن مۇھاكىمە - سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، ئۇنى تەشۋىق قىلىش تەكلىپىنى بەردى. بۇنداق ئىشلارغا يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئىگە بولۇشى كېرەك. رەئىس دەرھال ماقۇل بولدى ۋە ئىش بېجىرگۈچىلەرگە شۇ يەردىلا تېلېفون ئارقىلىق مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىشنى ئورۇنلاشتۇردى. شائىر كېسەل بولۇپ يېقىلىشتىن ئىلگىرى مۇشۇ ياش يىگىتنىڭ رومان يازغانلىقىنى، نەشردىن چىقىش ئالدىدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۇنى ئۆمەر ئابدۇللا ۋالىيغا تونۇشتۇرغان، ئۆمەر ۋالىي ئىشسىز قالغان بۇ ئىقتىدار ئىگىسىگە شتات ھەل قىلىپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەنىدى...

ئۈرۈمچىدىن - «تارىم» ژۇرنىلىدىن شائىر ئوسمانجان ساۋۇت بىلەن مامۇت زايىت تېلېفون بەردى. ھال سورايدىكەن. تېلېفوننى مۇھەممەت چاۋار ۋاكالىتەن ئالدى. «تارىم» دا شائىرنىڭ قاچاندۇر بىر چاغدا ئەۋەتكەن «بۇركۈت قىسسىسى» دېگەن شېئىرى ئېلان قىلىنماي قالغانىدى. ئەمدى شۇنى قايتا ئەۋەتىشنى سورايدىكەن. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى روزىمۇھەممەت جۇمە «خوتەن دېھقانلىرى ۋە روزى سايىت» دېگەن كىتابتىن «تارىم» دا بېرىش ئۈچۈن بىر بابنى تاللاۋاتقانمىش. «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئىدرىس بارات تېلېفون بېرىپ ھال سورىدى. ئۇ، شائىرنىڭ «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان «خوتەن گىلىمى» دېگەن شېئىرىنى بۇ يىللىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا كۆرسەتمەكچى ئىكەن... ھەممە كىشى شائىرغا كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش ئىستىكىدە ئىدى.

## 25-ئىيۇن

شائىرنىڭ ئۈچ كۈندىن بېرىكى ئەھۋالى بىرقەدەر ياخشى، قاتتىق ئاغرىق يوق، ئازراق ئىنجىقلاش بار. ئىشتىيى ياخشى، تاھارىتى راۋان. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەشۇ 20-ئىيۇن ئاغرىق تۇتۇپ قاتتىق «ھۇ» بولغاندىن كېيىن پەيدا بولغان قورساق قىسمىدىكى تۈگۈنەك ئاستا-ئاستا يۆتكىلىپ سول بىقىنىغا كېلىپ توختاپتۇ. لېكىن ئانچە بىئارام قىلمايدىكەن...

بۈگۈن نۇر مۇھەممەت توختى بىلەن مەتمىن تۇردى كۆچۈرۈپ تەييارلانغان شائىر ئەسەرلىرىنىڭ 6-(ئەبجەش) تومى ئۈچۈن مۇندەرىجە تۇرغۇزدى. جەمئىي سەككىز ھېكايە، ئىككى مەسەل، بىر پارچە خاتىرە، بەش تېلېۋىزىيە بەدىئىي سەنئەت سىنارىيىسى، ئىككى پارچە سەھنە ئەسىرى، ئالتە پارچە ماقالە ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەت ئىشىكى) نىڭ نەزمىي يەشمىسىدىن تۈزۈلدى. جەمئىي 777 بەت. كىرىش سۆز يېزىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئەسەرلەر تېگىلىپ دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەتنىڭ نامىغا ئەۋەتىشكە تەخ قىلىپ قويۇلدى. ئەۋەتىش ئىشىنى باش كاتىپ مۇھەممەت چاۋار بېجىرىدۇ...

چۈشتىن بۇرۇن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇۋەققەت باش مۇھەررىرى ئەنۋەر ئابدۇرېھىمدىن تېلېفون كەلدى. ھال سورىدى. «تارىم» شائىرنىڭ سۈرەتلىرىدىن بەرمەكچى ئىكەن. كەچتە شائىر بىلەن نۇرمۇھەممەت توختى ئۇزۇنغىچە سۈرەت تاللىدى. جەمئىي 16 پارچە، ئەتە ئاپتوبۇس شوپۇرى ئارقىلىق ئەۋەتىلىدۇ.

شائىر چۈشتە سۇيۇق ئاش ئىچتى، كەچتە كاۋا مانتىسى يېدى. چۈشتىن كېيىن ئابدۇمەلىك ئاخۇن كەلدى. تۆگىدىن سۈت خېلى چىقىۋېتىپتۇ. مەسىلە سېغىشتا ئىكەن. تۇغقانلاردىن سۈتنى تالىشىدىغانلارمۇ چىقىپتۇ. ئابدۇمەلىك ئاخۇن: «شائىر ئۈچۈن ئالغان تۆگە، سۈتى شۇنىڭ» دەپ تۇغقانلىرىغا بەرمەپتۇ. ئۈلۈشكۈن بېيجىڭدىن - خىزمەتكە بارغان ئۆمەر ئابدۇللا ۋالىي ۋە ئوقۇۋاتقان ئۆتكۈر ئالىملاردىن تېلېفون كەپتۇ. شائىرنىڭ ئالدىن ئەۋەتىلگەن توپلاملىرى تېخى شۇ يەردە ئىمىش. ئامېرىكىدىن دورا ئالدۇرۇشقا دۆلەت ئىشلىرى

كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەت ياردەملەشمەكچى بولغانمىش. . . شائىر چۈشتىن كېيىن تۇغقانلىرىنىڭ بىر بالىسى بىلەن دامكا ئوينىدى. كەيپىياتى ياخشى. تۈنۈگۈن لايىقىنىڭ داكوي كەنتىدىن ئابدۇللا ئاخۇن سېكرىتار يوقلاپ، ئۆرۈك ۋە يېڭى پىشقان تەكە ئالغاچ كەلگەنىكەن. تەكىدىن شائىر خېلى يەپتۇ. لېكىن ئارتۇقچە زىيان قىلغاندەك ئەمەس. . .

## 27-ئىيۇن

شائىرنىڭ ئەھۋالى ياخشى، ھېچقانداق غەيرىي ئۆزگىرىشلەر يوق. ئۇ ئاستا-ئاستا ساقىيىۋاتىدۇ.

تۈنۈگۈن دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەتتىن تېلېفون كەپتۇ. ئۇلار ئۇزاق مۇڭدىشىپتۇ. شائىرنىڭ تولۇق ئەسەرلىرى توپلىمىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقى ھەققىدە، ئامېرىكا سەپىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپتۇ. شائىر ئۈچۈن ئالدۇرىدىغان دورىنىڭ دورا قۇتىسىنى دەرھال ئەۋەتىپ بېرىشنى تاپىلاپتۇ. . .

چۈشتىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ئابلىجان ھېيت، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ياسىن زىلال، «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى مۇھەممەتسالىھ مەترۇزى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى قۇربان مامۇت ۋە مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى رىسالەت خانىملاردىن تېلېفون كەپتۇ. ھەممىسى شائىردىن ھال سوراپتۇ.

«تارىم» ژۇرنىلىغا ماڭدۇرىدىغان سۈرەتلەر ماڭدۇرۇلغانىدى. «تارىم»غا ئەۋەتىپ بېرىدىغان «بوركۇت قىسسىسى» تېخى كۆچۈرۈلمەپتۇ. مەكتەپلەردە ئىمتىھانلار باشلىنىپ كەتكەچكە شائىرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان چوڭ قىزىنىڭ كۆچۈرۈشكە ۋاقتى يەتمەپتۇ. باشقا ئادەمگە كۆچۈرتۈش كېرەك. . .

شائىرغا يېگۈزۈش ئۈچۈن ئىككى ئايدىن بېرى كۆشتىلانغان سىماپ ۋە باشقا دورىلار بىلەن بېقىلىۋاتقان توخۇنى پىشۇرۇشنى شائىرنىڭ قېيىن ئىنىسى ئابلىز ئۆگىنىپ كەپتۇ. ئۆتكەندە شائىر بۇنداق توخۇدىن بىر ھەپتىچە يېگەنىدى، ياخشى پىشۇرۇلمىغاچقا يېيىشتە قىينالغانىدى. ئەمدى ئۆگىنىپ كېلىپ پىشۇرغانىكەن، شۇنداق يۇمشاق پىشىپتۇ. دورا پۇراپ تۇرسىمۇ شائىر ئۇنىڭدىن بىر كۈن ئىچىدىلا خېلى جىق يەپتۇ. «بۇندىن كېيىن چىداپ تۇرۇپ يەيمەن» دېدى شائىر. نۇرمۇھەممەت توختى دورىنى ئۈزمەي يېيىش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. . .

قەدىردانلاردىن بىرى شائىرنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن ناخشا تەلەپ قىلغانىكەن. شائىر نۇرمۇھەممەت توختى بىلەن تېلېۋىزور قويۇلغان ئۆيگە كىرىپ نومۇرلارنى كۆردى. شائىر يازغان «دېھقان روھى»دىن ئارىيە ئورۇندالدى. شائىرنىڭ 1994-يىلى خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا ئاتاپ ئوقۇغان دېكلاماتسىيىسى بېرىلدى. ئەشۇ كۆرۈنۈشلەردە ئاجايىپ جۇشقۇن ۋە ئېتىك بۇ ئادەم ئەمدى مانا ماغدۇر-ماجالسىز، بىر ئورۇق-قورۇق-قاقشال گەۋدىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. تېلېۋىزور قويۇلغان ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا شائىرنى يۆلەۋېتىپ نۇرمۇھەممەت توختى ئۇنىڭ نەقەدەر ئورۇقلاپ كەتكەنلىكىنى، ۋىجىككىنە ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. تەقدىر-قىسمەتنىڭ كارامەتلىرى مانا شۇنداق ئىدى. كۆپ ئىشلاردا بەندىسى ئاجىزلىق قىلاتتى. . .

## 1-ئىيۇل

شائىرنىڭ ئەھۋالى بىر خىل‌ۋە ئالدىنقى كۈنلەرگە ئوخشاش، پەۋقۇلئاددە ياخشىلىنىش ۋە پەۋقۇلئاددە زەئىپلىشىش يوق. ئاغرىق يوق ھەم شۇنداقلا ماغدۇرمۇ يوق. ھېلىقى سول بېقىنىغا كېلىپ توختىغان تۈگۈنچە-مونەك شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. . .

شائىرنىڭ 110 كۈنلۈك (15-ئاپرېلدىن 27-ئىيۇنغىچە) كېسەللىك ئەھۋالى توغرىسىدىكى خاتىرىلىرىنى رەتلەپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا سېلىۋېتىش بىلەن ئۈچ كۈن ئالدىراش بولغان نۇر مۇھەممەت توختى 1-ئىيۇن ئەتىگەندىلا ئۇنىڭ يېنىغا كىردى. شائىر ھويلىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپتۇ. ھارغىن، سەۋەبى شۈكى، خانىمى ئۇنى ھويلىدا ماڭدۇرۇپ بىر ھازا ھەرىكەت قىلدۇرۇپتۇ. ئېيتىشىچە، ئەھۋالى ياخشىكەن. تۈنۈگۈن بېيجىڭدىن -مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن كەلگەن ئەكبەر غولام يوقلاپتۇ.

سائەت توققۇزلاردا ھېلىقى مەشھۇر ئەخمەت غېجەك جانانە ئۆرۈك ئېلىپ يوقلاپ كىردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئابابەكرى راخمان، نۇرى كېرەم، سەيدى مەھمۇت، سەنئەت دېگەن ئاغىنىلىرى يوقلاپ كىردى. ئەخمەت غېجەك 82 ياشقا كىرىپتۇ. 1952-يىلى كومپارتىيىگە كىرگەن ۋە كېيىنكى يىلىلا تۈنجى بولۇپ ئالىي كوپېراتسىيىنى قۇرغانىكەن. ئەمما ئەمدى خەۋەرسىز قاپتۇ. باشقا «ئۈچ پېشقەدەم» دېگەنلەرنى بېقىۋاتقان پارتىيە ئۇنى ئۇنتۇپ قالغانمىش. قاچاندۇر بىر چاغدا، نۇرمۇھەممەت خۇدا بەردى ۋالىي چاغدا ئۇنىڭغا بىر پارچە قۇمۇشلۇقنى بۇيرۇپ بەرگەنىكەن، ھازىر شۇ قومۇشلۇقنىڭ كىرىمىگە تايىنىپ جان ساقلاۋاتقانمىش. . . شائىر ئۇنىڭغا تەمەخور بولماسلىق، گۇناھلىرىغا تۇۋا قىلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى.

## 2-ئىيۇل

شائىر بۈگۈن كېچە يامان ئەمەس ئۇخلاپتۇ، ئەھۋالىمۇ ياخشى ئىكەن، لېكىن چىرايىغا، بەدىنىگە، كۆز ئېقىغا ئۆرلەۋاتقان سېرىقلىق يەنىمۇ بەكرەك كۆچىيىپ كەتكەندەك كۆرۈندى.

سائەت سەككىز يېرىملاردا كىرگەن نۇرمۇھەممەت توختى شائىر بىلەن خېلى ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ئۇندىن كېيىن ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىغا كېلىپ شېۋىلەر لۇغىتىنى كۆچۈرۈۋاتقانلار بىلەن كۆرۈشتى. ئىش تېخى تۈگىمەپتۇ، يەنە سەككىز ھەرپ بار ئىكەن. ئابدۇللا

مەتتىمىن بىلەن مەتقاسىم ئەكرەم ھاجىم 15-ئىيۇل ئەتراپىدا غۇلجا تەرەپلەرگە ئۆتمەكچى ئىكەن، ئىشنى سەل جىددىيلەشتۈرمىسەك بولمىغۇدەك. مۇھەممەت چاۋار بىلەن كۆرۈشۈپ ئادەم تولۇقلىمىساق بولمىغۇدەك...

ئىنسان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا زادى نېمىلەر ساقلىنىپ قېلىپ نېمىلەر يوقايدۇ؟ نېمىلەر ئۆزگىرىپ ، نېمىلەر ئۆزگەرمەيدۇ؟... بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ قويۇش كېرەك... ئەخمەت غېجەكنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئۇقۇشۇش لازىم...

## 4-ئىيۇل

شائىرنىڭ 3-، 4-ئىيۇللاردىكى ئەھۋالى ياخشى، ئاغرىق ئاساسەن يوق. 3-ئىيۇل چۈشتىن كېيىن ئۇ ئۆزى نۇرمۇھەممەت توختىغا ئالدىراش تېلېفون بېرىپ قۇربان مامۇتتىن كەلگەن تېلېفوننىڭ روھىنى يەتكۈزدى. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى شائىرنىڭ كېسەل بولغاندىن بېرىكى 110كۈنلۈك ئەھۋالىدىن يېزىلغان خاتىرىنى ئېلان قىلماقچى بوپتۇ. قۇربان مامۇت «ياخشى يېزىلىپتۇ» دېگەنمىش. 4-ئىيۇل چۈشتىن كېيىن شائىرنىڭ شېۋىلەر لۇغىتىنى كۆچۈرۈشكە ياردەملىشىۋاتقان ئاغىنىلىرىدىن مەتتىمىن تۇردى، ئابدۇللا مەتتىمىن، مەتقاسىم ئەكرەم ھاجىم، نۇرمۇھەممەت توختىلار ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. شائىر ئۆيىدىن چىقىپ تېلېفون قېشىغا كېتىۋاتقانىكەن. خېلى گۈرسىلدىتىپ دەسسەپ ماڭدى. «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى مۇھەممەتسالىھ مەتروزىدىن كەلگەن تېلېفون ئىكەن. ئۇلار ئۇزاق سۆزلەشتى. ژۇرنال شائىرنىڭ سۈرىتىنى بەرمەكچى ئىكەن، ئۇنىڭغا قوشۇپ بىرقانچە شېئىرىنىمۇ بېرىدىكەن.

شائىرنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئىكەن. سىماپتا بېقىلغان توخۇ گۆشىنى ۋە باشقا دورىلارنى ئۈزمەي يەۋېتىپتۇ. لېكىن كېچە بولغان دەھشەتلىك ئىسسىقتىن تازا ياخشى ئۇخلىيالماپتۇ. كېچە سائەت ئۈچكىچە تالادا يېتىپ سەھەرگە يېقىن ئۆيىگە كىرىپ يېتىپتۇ. ئەتىگەندە ئابابەكرى ئاخۇن تېۋىپ يەنە سېرىق لەگمەن ئەكەلگەنىكەن، ئىككى قاچا يەپتۇ. ئازراق تەكە يەپتۇ. ھازىر ئەشۇلار سىڭەرمۇ يوق، دېگەن ئەندىشىدە ئىكەن... سېرىق لەگمەننىڭ غەلۋىسى ئۈچ - تۆت قېتىم تەكرار بولدى. شائىر قەغىشلىك قىلىۋاتامدۇ؟ ياكى تېۋىپ دورا ئورنىدا بۇيرۇۋاتامدۇ؟ سۈرۈشتۈرۈشلەرگە شائىر: «يەرلىك توغرىغا ئاشقازاننىڭ ھەزىم قىلىش رولىنى كۈچەيتىدىكەن، شۇڭا ئاتايىتەن نېيىدىن يەرلىك توغرىغا ئەكەلدۈرگەن، شۇنىڭدا ئەتتۈرگەن ئاش» دەپ چۈشەنچە بەردى.

بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئەدەب-تەتقىقاتچىلار مۇھاكىمە يىغىنى ئاچقانىمىش. مۇھاكىمە بەك قىزىغانىمىش. ئۇلار يىغىن نامىدىن تېلېفون بېرىپ شائىردىن ھال سوراپتۇ...

دوستلار ئۇزۇنغىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. تۆت - بەش ئايدىن بېرى بولۇۋاتقان ماتاش ئۈستۈرۈش غەلۋىسى ھەققىدە، يەرلىك شېۋىلەرنىڭ مەزمۇنلىرى ھەققىدە پاراڭ بولۇندى... «ئىستارە» ، «ھاراپ» دېگەندەك گەپلەر توغرىسىدا بەھس بولدى. نۇرمۇھەممەت توختى شائىرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندى: «يېنىڭلاردا ئولتۇراي، نۆۋەت كەلسىمۇ كېلەر» دېدى. شائىر: « بولدى، مەنلا تارتىپ ئۆتۈپ كېتەي» دەپ دوستىغا ئامانلىق تىلىدى. نۇرمۇھەممەت توختى ئورۇمچىدە چېپىپ، بېيجىڭگە ئاتلىنىپ، قورۇلۇش ئۈچۈن پۇل ھەل قىلىش ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەن ئابدۇقادىر تۇرسۇننىڭ تېلېفون ئارقىلىق ئەۋەتكەن سالىمىنى يەتكۈزدى. ئۇ ئورۇمچىدە بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى شىنجاڭ خىزمەت پونكىتىدىكى ياقۇپجان بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. شائىرنىڭ ئىسمائىل ئەھمەت نامىغا ئەۋەتكەن كىتابلىرىدىن ئىككىسى ئورۇمچىگە - بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى شىنجاڭ خىزمەت پونكىتىغا ئەۋەتىپ بېرىلگەنمىش.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى بۇ يىللىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تارقىتىش يىغىنى ئۈچۈن تەييارلىق يىغىنى ئاچتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ھۆججەت چىقىرىپتۇ. يىغىن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپتۇ، شائىرنىڭ ئىسمىنى بىرەر گۇرۇپپىغا ئېلىپ قويماپتۇ. «ئۆزى يوقنىڭ يۈزى يوق» دېگەن شۇ. مۇشۇ مۇكاپاتنى ئون نەچچە يىل بۇرۇن تەسىس قىلدىغان چاغدا باش تەشەببۇسچى بولغان، ئەدەبىيات ئىشلىرىمىزغا زور ھەسسە قوشقان شائىرنى ئۇنتۇپ قېلىشقىنى نېمىسى؟ ئۆزى ئىشتىراك قىلالمىسىمۇ ، كېسەل ئازابى تارتىۋاتسىمۇ، ئىسمىنى كىرگۈزۈپ قويغان بولسا كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى ئەمەسمۇ؟...

## 6-ئىيۇل

شائىرنىڭ ئىككى كۈندىن بېرىكى ئەھۋالى ياخشى ئەمەس. 4-ئىيۇل ئەتىگەن ئىككى قاچا سېرىق لەگمەن يېگەندىن كېيىن كەچتە يەنە يەپتۇ ۋە قاتتىق «ھۆ» قىلىپ ياندۇرۇپتۇ. قورسىقىنىڭ ئوڭ بېقىنى تەرەپكىمۇ بىر مونەك پەيدا بوپتىمىش. ئاغرىيمىش، كېچە ياخشى ئۇخلىماپتۇ...

6-ئىيۇن چۈشتە شائىرنى نۇرمۇھەممەت توختى بىلەن تۇنىياز يۇسۇپ يوقلاپ باردى. سەلدىن كېيىن تېۋىپ ئابابەكرى راخمان كەلدى. شائىر بەكلا ياداپ كەتكەن، بىلەك ۋە پاچاقلىرىدىكى بولجۇڭ گۆشلەر يوقاپ تېرىلىرى خالتا بوپقالغانىدى.

دوستلار ئەھۋاللىشىپ ئولتۇردى. شائىر كورلىدىن - «كرورەن» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئۆمەر مۇھەممەتئىمىندىن كەلگەن تېلېفون توغرىسىدا پاراڭ قىلدى. ئۇلار ئەدەبىي ئىجادىيەت توغرىسىدا يىغىن ئاچماقچىكەن، شائىرنى يىغىنغا تەكلىپ قىپتۇ. شائىر ئۆزىنىڭ كېسەللىك

ئەھۋالىنى دېمەي، «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» يىغىنىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراشلىقىنى، بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. . . تېۋىپ دورىلار، شەربەتلەرنى ئەكەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگوچە تېبابەتنىڭ «بۇغا مۈڭگۈزى جەۋھىرى، ئوكۇلى» مۇ بار ئىدى. ماغدۇر ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى كاسىدىن ئوكۇل قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ھەقتە شائىرغا چاقچاقلار قىلىندى. شائىر ئەتىگەن قوناق ئۇنىدا ئەتكەن كومۇلەك ئىچكەنىكەن. تۆگە سۈتىمۇ ئىچىپتۇ. قورسىقى ئاچقان چېغى، سەل تېرىكتى. ئېشىپ قالغان سوغۇق كومۇلەكنى ئىچىمەن دەپ تۇرۇۋېلىپ ئىچتى. ئۇنىڭغا نېئمەتۇللاخان ئەبەيدۇللاخان قوناق تامىقى يېمەسلىكنى تاپىلىغان، ئەمدى بۇ نېمە قىلغىنى؟ سېرىق لەگمەننىڭ زىيان قىلغانلىقى ئېنىق، لېكىن ئۇ سېرىق لەگمەن زىيان قىلمىدى، دەپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ. كېسەل كۈچەيگەنسېرى ئۇنىڭ جاھىللىقىمۇ ئەۋجىگە چىقىۋاتىدۇ. خانىمىغا تېرىككىنى تېرىككەن. بىچارە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي پايپېتەك !

## 12-ئىيۇل

شائىرنىڭ ئەھۋالى ياخشى. بىرقانچە كۈندىن بېرى بىئاراملىق يوق، ئەمما بەك ئورۇق ۋە ماغدۇرسىز. 11-ئىيۇل يوقلاپ كەلگەن مۇئاۋىن ۋالىي يالقۇن قادىر بىلەن باش كاتىپ مۇھەممەت چاۋارنى ئۇزاتقىلى دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ باقتى. لېكىن يېنىپ كىرگىچە ھېرىپ «يېتىۋالغۇدەك بوپكەتتىم» دېدى. ئابابەكرى ئاخۇن تېۋىپ ياسىغان شەربەت ۋە باشقا دورىلارنى ئىچىۋاتىدۇ. سىماپتا بېقىلغان توخۇدىن بەشنى يەپ بولدى. لۈرۈڭجىڭ (بۇغا مۈڭگۈزى جەۋھىرى) ئوكۇلى ئۇرۇلىۋاتىدۇ. ئەمما يەنىلا ماغدۇرسىز. . . تامىقى ئۈچۈن قۇۋۋەت بولغۇدەك بىر نەرسە بېرىلىشى كېرەك ئىدى. بۇنى ئۆزىمۇ ھېس قىپتۇ، تېۋىپ بىلەنمۇ مەسلىھەتلىشىپتۇ. . .

مەتىمىن تۇردى، مەتقاسىم ئەكرەم ھاجىم، ئابدۇللا مەتىمىنلەر شائىر تەييارلىغان شېۋە سۆزلۈكلىرىنى ئىزاھلاپ-كۆچۈرۈپ تۈگەتتى. ئەمدى تىلشۇناس ئىمىن تۇرسۇن ھاجىم كۆرۈپ بېكىتسىلا ئىش پۈتىدۇ. ۋالىي مەھكىمىسى نەشر قىلىدىغان بولغاچقا شۇلارغا تاپشۇرۇلماقچى.

لاسكويدىكى مەسچىتنىڭ جامائىتى دېگەنلەردىن 20-30 دەك ياش بالا يوقلاپ كەپتۇ. ئۇلار مەسچىتتىمۇ شائىرنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەت قىلغانىمىش.

## 14-ئىيۇل

شائىرنىڭ ئەھۋالى ياخشى. ئۇ، قورۇملىق تاماق يەپ كۆرۈپتۇ. سىڭىپتۇ. بۇ، شائىر ئاغرىغاندىن بېرى ياغ يۇقىغا تۇنجى قېتىم داخىل بولۇشى. ئۆزى يەنىلا ئورۇق ۋە ماغدۇرسىز. 1960-يىللاردىكى ئاچارچىلىق يىللاردا ئۇ ئورۇقلاپ-ياداپ ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قالغان. ھازىرقى ئورۇقلىشى ئۇچاغدىكىدىنمۇ بەتتەر بولۇشى مۇمكىن، لېكىن كەيپىياتى ياخشى. تۈنۈگۈن قۇربان مامۇتتىن تېلېفون كەپتۇ. كورلىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنىغا مېڭىش ئالدىدا ھال سورىشى ئىكەن. «شىنجاڭ گېزىتى»گە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ «گۈلزار» مۇكاپاتىغا نامزات كۆرسىتىش توغرىسىدىكى ئېلانى چىققانمىش. ئۇلار كۆرسەتكەن نامزات يازغۇچى مەتىمىن ھوشۇر، شائىرلاردىن روزى سايىت بىلەن ئوسمانجان ساۋۇتلار ئىكەن. شائىر بۇنىڭدىن خۇشال. گەپ-سۆزلىرىدىن ئەشۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكۈسى بارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ ئىنسان ماھىيىتىنىڭ شەرەپكە مەڭگۈلۈك ئىنتىلىش ماھىيىتى. قايسى كۈنى ئەخمەت غېجەك ئۆزىنىڭ «ئۈچ پېشقەدەم»لەر قاتارىغا كىرگۈزۈلمىگەنلىكى، 400 يۈەن تۇرمۇش پۇلى بېرىلمىگەنلىكىدىن ئاغرىنغىنىدا، شائىر ئۇنىڭغا تەمەخور بولماسلىق، گۇناھلىرىغا تۇۋا قىلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلغان. مانا ئەمدى ئۆزىگە كەلگەندە. . . ئىنسان بەلكىم يارالمىشىدىن شۇنداق تەمەخور بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكىمۇ ياكى ئارتۇقچىلىقىمۇ؟

## 17-ئىيۇل

شائىرنىڭ نورمال ئادەملەردەك ئوزۇقلىنىشى ئەسلىگە كېلىۋاتىدۇ. كېسەل تامىقى يېيىشتىن زېرىككەن شائىرغا قورۇما، لەگمەن، سۇيۇقئاش قىلچە ئېغىر كەلگىنى يوق. ئىشتىيمۇ خېلى يامان ئەمەس. تاھارىتى راۋان. . . ھويلىدىكى سۇپىغا چىملىدىق تىكىپ كېچە-كۈندۈز شۇ يەردە يېتىۋاتىدۇ. 16-ئىيۇل پۈتۈن بىر كۈن ياغقان يامغۇر ھاۋانى بەكلا ساپلاشتۇرۇۋەتتى. بۇ-خوتەندە بۇ يىل ياغقان تۇنجى يامغۇر. شائىر ئەشۇ ساپ ھاۋادىن ھوزۇرلانماقتا. . . چۈشتىن بۇرۇن خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدىكى نۇرى كېرىم، ئابدۇرېشىت باھاۋۇدۇن، نۇرمۇھەممەت توختى ۋە شېرىپجان قاسىم قاتارلىق پېنسىيىگە چىقىش نامزاتلىرى يامغۇرغا قارىماي شائىرنى يوقلاپ كىردى. كونا دوستلار پېنسىيىگە چىقىش توغرىسىدا پاراڭ قىلىشتى. شائىر دوستلىرىغا چاقچاق قىلدى: شۇنداق ئالەم بۇ، كۈنلەر ئۆتۈپ ئىت قېرىيدۇ. بوسۇغىغا بېشىنى قويۇپ كۈن بويى ياتىدىغان-ئۇخلايدىغان بولىدۇ، قاۋاشقىمۇ ئېرىنىدۇ. ئارىلاپ-ئارىلاپ بوغۇق ئاۋازدا ھالسىز ھوۋلاپ قويۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ ئەمدى ھېچقانداق ھەيۋىسى يوق. خوجايىن بىخەتەرلىككە، قوغدىنىشقا موھتاج. ۋەھالەنكى ئىتنىڭ ئۇنى پانايىغا ئالغۇدەك ماغدۇرى بولمىسا، بۇنداق ئىتنىڭ خوجايىنىغا نېمە كېرىكى؟ كۆتىگە تېپىدۇ-شۇ. . . ھېلىقى تۆت كىشىنىڭ ئەشۇ ئىتتىن نېمە پەرقى بار؟ ئەمدى ئۇلار پېنسىيىگە چىقىشى كېرەك. ئورنىنى بىكارلىشى كېرەك. كونىلار يېڭىلارغا ئورۇن بىكارلايدىغان ئالەم بۇ. . .

17-ئىيۇل چۈشتىن بۇرۇن خوتەن «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەر شائىرنى يوقلاپ كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە «گۈلزار

مۇكاپاتى» نى شائىرغا بېرىش توغرىسىدا ئىمزالىق خەت يازغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشتى. سەنئەتچى دېگەن ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، بېكاردىن بىكارغا كۈلۈمسىرەپ، غىلجىڭشىپ يۈرىدىغان خەق دەپ ئويلىشىدۇ كۆپ كىشىلەر. ھەتتا ئۇلارنى مۇھەببەت-نەپرىتى ئېنىق ئەمەس، كىمنى ماختاڭ دېسە شۇنى ماختايدۇ، كىمنى سۆكۈڭ دېسە شۇنى مازاقلايدۇ، ئۆز ئەركىگە ئۆزى ئىگە ئەمەس، دەپ قارىشىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ قېتىم شائىرغا كېسەل تېگىپ يېتىپ قالغاندا، «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى راستىنلا قەدىردانلىق كۆرسەتتى. ئۇلار ھەر ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر قېتىم توپ-توپ بولۇپ يوقلاپ تۇردى. شائىرغا بولغان مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇردى. مانا ئەمدى تېخى «گۈلزار مۇكاپاتى» نىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئىمزالىق خەت يېزىشىپتۇ. .. ئۇلارنى كىممۇ مۇھەببەت-نەپرىتى ئېنىق ئەمەس دېيەلىسۇن؟ بەلكىم بۇ شائىرنىڭ ئۇزۇن يىللار ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ نومۇر يېزىپ بەرگەنلىكىگە بولغان سەممىي جاۋاب بولۇشى مۇمكىن؛ ۋەبەلكىم ئۇلار شائىرنىڭ باشلىقلارنىڭ ئاغزىنى تاتلاپ، يول مېڭىپ يۈرۈپ سەنئەت ئۆمىكىگە ئائىلىلىكلەر ياتىقى سېلىش ئۈچۈن پۇل ھەل قىلىشىپ بەرگەنلىكىنىڭ، مەشھۇر لەپەرچى سۇلايمان روزىدەكلا قېرىپ -جالاقشىپ كەتكەن كونا ئاپتوۋۇزى ئورنىغا يېڭى ماشىنا ھەل قىلدۇرۇپ بەرگەنلىكىنىڭ ھەشقاللىسى بولۇشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، بۇنداق ساخاۋەتلىك ئىشلارنى بىر كېچىدىلا ئۇنتۇپ كېتىدىغانلار تولۇپ تۇرۇپتىغۇ بۇ جاھاندا. ياق، بۇ يەردە سەنئەتچىلەرنىڭ شائىرغا بولغان يېقىنلىقى، مېھرى-ھۆرمىتى ئۈستۈن تۇرىدۇ. پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئېتىراپ قىلغان شائىرغا نىسبەتەن قايىللىقى ئۈستۈن تۇرىدۇ. . .

17-ئىيۇل شائىرنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى پارتىداش ساۋاقدىشى، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ 4-ئەۋلاد مۇدىرى ئابلەت قۇربان ۋە ئەزىز ئاۋۇت، ئابلىمىت سەمەتلەر شائىرنى يوقلاپ كىردى. بۇ، شائىرنى داۋاملىق يوقلاپ تۇرغان ئابلەت قۇرباننىڭ ئۈرۈمچىدىكى بەش كۈنلۈك يىغىنىدىن كېيىن قايتىپ كېلىپلا يوقلاپ كېلىشى ئىدى. ساۋاقداشلار مۇڭداشتى. ئابلەت قۇربان شائىرنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشىلىقىدىن سۆيۈنگەندەك، لېكىن تېخىمۇ يادىلاپ كەتكەنلىكىدىن، بەدىنىگە يەنە سېرىقلىق ئۆرلەپ چىققانلىقىدىن ئەنسىرىگەندەك ئىدى. راستىنلا مۇشۇ بىرقانچە كۈندىن بېرى شائىرنىڭ بەدىنىگە ئۆرلەپ چىقىۋاتقان سېرىقلىق كۈچىيىۋالغانىدى. كۆزىنىڭ ئېقى توخۇم سېرىقىدەك پىلىلدايتتى.

خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىغا ئىختىساسلىقلارنى توپلاش ھەققىدە پاراڭ بولدى. بىر ئالىي مەكتەپ ھەقىقىي ئالىي مەكتەپكە ئايلىنىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشى زۆرۈر ئىدى. بۇيىل شىنجاڭ ماائارىپ ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرىدىغان جەمئىيەتشۇناس ياش ئابدۇرېھىم دۆلەت ھەققىدە، قاراقاشتا ئىشلەۋاتقان ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن ھەققىدە، گويا قوشتاغدا ئىشلەۋاتقان يەنە بىركىم ھەققىدە پاراڭ بولدى. مۇدىرغا تەكلىپلەر بېرىلدى. شائىر يەنە كونا ئادىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ رەسمىي مەسىلىنى چاقچاققا ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھەقىقىي ئىختىساس ئىگىلىرى ئالدىمىزدىكى تۆت-بەش يىلدا يېتىپ كېلىدىكەن. ئۇلار شائىرنىڭ بالىسى، نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ تېخى ئالىي مەكتەپكە كىرمىگەن ئوغلى، ھۆرمەتلىك مۇدىرنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرمىگەن قىزى قاتارلىقلار ئىكەن، ئۇلار ئۈچۈن خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدىن ئورۇن ئېلىپ قويۇش زۆرۈر ئىكەن. . . شائىر مۇدىرنى داستىخاندىكى قوغۇن-تاۋۇزغا، تەكە شاپتۇلغا ئېغىز تېگىشكە ھەيدىدى. ئۇنىڭچە، باشلىق بولغان ئادەم كۆپ -كۆپ يېيىشى لازىمكەن. يەپ -ئىچىشتە ئۈلگە بولۇشى لازىمكەن. . . شائىر چاقچاق قىلاتتى. كەيپىياتى راستىنلا ئۈستۈن ئىدى. . .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ «گۈلزار مۇكاپاتى» توغرىسىدىكى ئېلانىنى نۇرمۇھەممەت توختى شائىرغا ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىغا كۆرسەتتى. 12-ئىيۇلدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»گە بېسىلىپتۇ. ئۇلار ئۇنى ئوقۇشتى، تەھلىل قىلىشتى. ئۈچ نامزات توغرىسىدا مۇلاھىزىلەر بولۇندى. ئۇلار بىر-بىرىدىن قېلىشمايتتى. شۇنداقتىمۇ تەھلىلچىلەر ئۆزلىرىچە: شائىرغا بېرىلەرمىكىن. چۈنكى، بىرىنچى نامزات (مەمتىمىن ھوشۇر) مۇشۇ مۇكاپاتنى ئۇيۇشتۇرغۇچى ئورۇننىڭ مەسئۇلى بولغاچقا، مۇكاپاتنىڭ ئىناۋىتىنى قوغداش ئۈچۈن ۋاز كېچىشى، شۇ ئارقىلىق ئۆز كۆرپىچىگە چوغ تارتىپتۇ، دېگەن گەپلەردىن ساقلىنىشى مۇمكىن. 3-نامزات (ئوسمانجان ساۋۇت) مۇ شائىرنى بەك ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇمۇ ۋاز كېچىشى، كېسەل شائىرغا ئۆتۈنۈشى مۇمكىن، دېگەن يەرگە كېلىشتى. بۇ گەپلەر كېسەل شائىرنىڭ ياستۇقى ئالدىدا دېيىلىۋاتقاچقا تەسەللىي رولىنىمۇ ئالغانىدى. ھەقىقەتەن شۇنداق بولۇشى مۇمكىنچىلىكى بارەك قىلاتتى. ئەمما جاھاننىڭ ئىشلىرىنى بىرنېمە دەپ بولمايتتى. ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغان، «قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق» دېمەيدىغان كىم بار؟ . . . ئەمما شائىر بۇ ئىشلارنى چاقچاققا ئايلاندۇرماي راست گېپىنى دېدى: مۇكاپاتنىڭ كىمگە بېرىلىشى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئەمدىلا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان «گۈلزار» نىڭ ئىناۋىتىنى قوغداشتا. مېنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان ئىككى نامزات بەك ياخشى تاللىنىپتۇ. مۇكاپات ھەقىقىي ياخشى ئەسەرلەر ئۈچۈن بېرىلىشى كېرەك. . .

شائىرنىڭ بۇ گېپى قۇربان مامۇتتىن «گۈلزار مۇكاپاتى» نامزاتلىرى توغرىسىدا ئاڭلىغان كۈندىكى گەپلىرىگە ئانچە ئوخشىمايتتى. شۇ كۈنى ئۇ: «كىشىلەر ماڭا بېلەت تاشلارمۇ؟» دېگەنىدى. گېپىنىڭ ئورامىدىن مۇكاپاتقا ئېرىشكۈسى بارلىقى چىقىپ تۇراتتى. مانا ئەمدى ئۆزگىرىپتۇ. قارىغاندا ئۇ مۇشۇ ئىككى-ئۈچ كۈندىن بېرى بۇ ئىش ھەققىدە ئويلانغاندەك قىلاتتى. ئىش مانا شۇنداق: ھېسسىيات كۆپ ھاللاردا شەخسىيەتچى بولىدۇ، ئەقىل بولسا،

ئوبيېكتىپراق خۇلاسە چىقىرىدۇ. ئەقىلنىڭ ھېسسىيات ئۈستىدىن غالىب كېلىشى ئۈچۈن ۋاقىت كېرەك بولىدۇ. . .

ئۇيغۇرنىڭ باتۇر ئوغلانى، «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر ئىككى سەيدىشنى باشلاپ شائىرنى يوقلاپ كەلدى. كونا مېھمانلار خوشلاشتى. شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكى خوتەنگە ئويۇن قويغىلى كەپتۇ. ئۇلار ئارىدىكى دەم ئېلىشتا شائىرنى يوقلاپ كەپتۇ. شائىرمۇ ئۇيغۇرنىڭ ھېچكىم دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىغان گەپلىرىنى دېگەن باتۇر ئوغلانى ئىدى. ئۇيغۇرنىڭ ئىككى باتۇر ئوغلانى چىڭ قول سىقىشتى. ئۇلار بىر-بىر سائەتتەك ھال-مۇڭ بولۇشتى. سېرىك ئۆمىكى بۈگۈن خوتەن ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مەيدانىدا ئويۇن كۆرسىتىدىكەن. شائىرغا بەش بېلەت ئالغاچ كەپتۇ.

## 19- ئىيۇل

شائىرنىڭ ئەھۋالى ياخشى. قورۇمىلىق تاماقلارمۇ ئوبدان سىڭىۋاتىدۇ. لېكىن ياغ-گۆشلۈك تاماق ئۇنىڭ ھۆسنىگە يەنە سېرىقلىق پەيدا قىلىپ سالدى. سېرىقلىق بارغانسېرى كۆچەيگەندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما قورسىقىدىكى مونەك يوقاپتۇ. چوڭ-كىچىك تاھارىتى راۋان. ئۇيقۇسى ئوبدانلا كۆپىيىپ قالدى. كېچىدە بەش-ئالتە سائەت قېنىپ ئۇخلايدۇ. شۇغىنىسى ئۆتكەنكىدەك قىزىق چۈشلەرنى كۆرمەيدۇ. چۈش كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئەسكە ئالالمايدۇ. شائىر بۇ ھەقتە: «بۇرۇنمۇ كۆرگەن چۈشلىرىمنى ئەسكە ئالالمايتتىم، ھازىرمۇ ئالالمايۋاتىمەن. ئەشۇ چاغدا نېمە بولدى؟ ئۈچ-تۆت كۈن چۈشلىرىم تاشقا باسقان مۆھۈردەك ئېسىمدە ساقلىنىپ قالدى. ئەجەل بىلەن ئېلىشىۋاتقان چاغلىرىم بولسا كېرەك، مانا ئەمدى يوق. . .» دېدى.

تۈنۈگۈن نۇرمۇھەممەت توختى بىلەن شائىرنىڭ تېۋىپى ئابابەكرى راخمان ئۇزۇن پاراڭ-مەسلىھەت قىلىشتى. تېۋىپنىڭ دېيىشىچە ، شائىر دورىلارنى ئوبدان يېمەيۋېتىپتۇ. يېگىلى ئۇنىماپتۇ. سىماپتا باققان توخۇدىن تۆت كۈندە بىرنى يەيدىكەن. بالىلىرى «كاتيوشيا» دەپ ئىسىم قويۇۋالغان ھېلىقى دورىدىن ئۈچ كۈندە بىر كاپسۇل يەيدىكەن. كۈنىگە بىر بوتۇلكا شەربەت ئىچىدىكەن. تۆگە سۈتى ئىچىدىكەن، باشقا دورىلارنى يېگىلى ئۇنىماپتۇ. . . دورىلارنى تولۇق يېمىسە قانداق بولىدۇ؟ تېۋىپ بۇ ئەھۋاللارنى مۇھەممەت چاۋارغا ئېيتىپ ،ھۆكۈمەتنىڭ كۈچى ئارقىلىق جاھىل بىمارغا بېسىم ئىشلىتىشنى تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭچە، ۋالىيلار نەسىھەت قىلسا بىمار قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئىكەن. نۇرمۇھەممەت توختى: «مۇھەممەت چاۋار ئەپەندىگىمۇ ئەھۋالنى دەيلى، مەنمۇ نەسىھەت قىلاي» دېدى. شائىر تېۋىپتىن: «سىز مېنى داۋالاشتا داۋالاش خاتىرىسى تۇتمىدىڭىز، تەتقىق قىلمىدىڭىز» دەپ ئاغرىنىپتۇ. تېۋىپ نۇرمۇھەممەت توختىنى داۋالاش خاتىرىسىنى رەتلىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇمۇ قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ شائىر يەۋاتقان ۋە يېگىلى ئۇنىمايۋاتقان دورىلارنىڭ نېمىلىكىنى بىلگۈسى بار ئىدى. . .

18- ئىيۇل «تەڭرىتاغ » كىنو ستۇدىيىسىدىن ئانىقىز يۈسۈپ خانىم، گېرمانىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان لوپلۇق زەينەپ خانىم يوقلاپ كەلدى. ئۇلار شائىرنىڭ كېسەللىكىنى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان شائىر تاشقىن ئەپەندىدىن ئاڭلاپتۇ. تاشقىن ئەپەندىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن سالامىنى ئېلىپ يوقلاپ كەپتۇ. . .

شائىرنىڭ كېسەللىكى ھەققىدىكى خەۋەر ھەممە يەرگە تارالغانىدى. شائىر خۇددى خەلقئارالىق كاتتا ئەربابقا ئايلانغاندەك چەتئەللەردىكى قېرىنداشلارمۇ كۆڭۈل بۆلۈۋاتاتتى. . .

چۈشتىن كېيىن شائىرنى ئىلھام جاپپار يوقلاپ كەلدى. ئۇ، شائىرنى يوقلاش تەقەززاسى بىلەن بىر ئايلىق ئاتپۇسكا ئېلىپ ئاتايىتەن خوتەنگە كەپتۇ. دوستلار ئۇزۇن پاراڭلاشتى.

19- ئىيۇل چۈشتىن كېيىن نۇرمۇھەممەت توختى بىلەن نۇرى كىرىم (بۇ ئىككىسىگە بۈگۈن دەم ئېلىشقا چىقىش ئۇقتۇرۇلغانىدى) شائىرغا ھەمراھ بولدى. شائىرغا دورا يېيىش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. دورىسىز كېسەلنىڭ شىپا تاپمايدىغانلىقىنى سۆزلەۋاتقاندا، شائىر ئۈچ مىسرا قوشاق قاتتى:

قىيىن ئىش پارا بىلەن ھەل بولۇر،
كېسەل دورا بىلەن ھەل بولۇر،
ئىشقىي پىراق يارى بىلەن ھەل بولۇر.

ئالدىنقى ئىككى مىسرانى «يېڭى ماقال-تەمسىل» دېيىشكە بولاتتى. پارا بەرمەي تۇرۇپ قىيىن ئىشلارنى ھەل قىلغىلى بولمىغاندەك، دورا يېمەي تۇرۇپ كېسەلنى ساقايتقىلى بولمايتتى. شائىر بۇنى ياخشى چۈشىنىدىغاندەك قىلاتتى. شۇنداقكەن، دورىلارنى نېمىشقا تولۇق يېمەيدۇ؟ ئۇزۇندىن ئۇزۇن پاراڭلار بولدى. شائىر «دورا بەك كۆپ، ھەم بەكلا بەتتامكەن، كېسەل ئازابىدىنمۇ بەكرەك دورا يېيىش ئازابى تارتتىم» دېدى. يەنە دېيىشىچە، تاماقنى كۆپ يەۋېتىپتۇ. كۆپ تاماق ئۈستىگە شۇنچە كۆپ دورا يېسە، قورسىقى كۆپۈپ، ئاشقازىنى ئېچىشىپ ئازاب سالىدىكەن. قارىغاندا بىمارنىڭمۇ گېپىنىڭ ئاساسى باردەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ دوستلار ئۇنىڭغا دورىنى تولۇق يېيىش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى.

ئىككى-ئۈچ كۈندىن بېرى شائىرنىڭ مېڭىسىگە «زوھۇرىي» نىڭ

«يولىۋۇرۇقچى بولدى بىزگە بىپاراسەتلەر چىقىپ،
بولدى ئىمام مېھرابقىمۇ بىتاھارەتلەر چىقىپ»

دېگەن ئىككى مىسرا شېئىرى كىرىۋاپتۇ. قەلبىدە توختىماي تەكرارلىنىدىكەن. ياتسىمۇ-قوپسىمۇ يادىغا كېلىۋالىدىكەن. مېڭىسىدىن قانچە ئۇرۇنۇپمۇ چىقىرىۋېتەلمەيدىكەن. . . ئۆتكەندە نۇرمۇھەممەت توختى كىمدۇر بىرىنىڭ

«ئەركىسىز ۋەتەنگە دۈشمەن يارىشۇر،
ۋەتەنسىز ئەركەككە زىندان يارىشۇر»

دېگەن ئىككى مىسرا شېئىرى مېڭىمگە كىرىۋالدى، توختىماي تەكرارلىنىپ قىيناۋاتىدۇ، دېگەنىدى. مانا ئەمدى يەنە زوھۇرىينىڭ شېئىرى

كىرىۋاپتۇ. بۇ قانداق پسىخىك ھالەت؟ دوستلار شائىرغا بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدى. ئەكسىچە ئۆزلىرىدىمۇ قاچاندۇر بىر چاغلاردا شۇنداق ھالەتنىڭ بولغانلىقىنى يادىغا ئېلىشتى. ئالدىنقى بىر يىللىرى نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ مېڭىسىگە شائىرنىڭ «جاھاندا ھەممىدىن راست گەپ قىلماق تەسكەن» دېگەن مىسراسى كىرىۋېلىپ يېرىم ئايچە قىينىغانىدى. كېيىنچە ئۇ ھەزرىتى نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ:

«ھەرنىچە دېدىمكى كۆن، كۆندىن ئۈزەي سەندىن كۆڭۈل،
ۋەھكى كۆن-كۆندىن بەتتەرراق مۇپتىلا بولدۇم ساڭا».

دېگەن مىسراسىنى ئايلاپ تەكرارلاپ يۈردى. يېقىندىن بېرى ئۇ «ئادارگۈل» دېگەن ناخشىنىڭ «ئېتىمنىڭ ئالدىدىن ئاشقان ساماندەك سارغىيىپ يىغلاي» دېگەن مىسراسىغا ئىڭىشىدىغان بوپقالغانىدى. ۋېلىسىپىت بىلەن كېتىۋاتسىمۇ، ئاپتوۋۇزغا ئولتۇرسىمۇ ، تاماق يەۋاتسىمۇ، بېشىنى ياستۇققا قويسىمۇ ئەشۇ ناخشا قەلبىدە جاراڭلايتتى. بەزىدە تويۇقسىز ئەشۇ مىسرانى ۋارقىراپ ئېيتاتتى. بۇ قانداق پسىخىك ھالەت؟ - ئۆزىمۇ چۈشەنمەيتتى. نۇرى كېرىمدىمۇ شۇنداق پسىخىك ھالەت بار ئىكەن. ئۇنىڭ يادىغا كۆپرەك لۇشۈن ئەپەندىنىڭ «جۇڭگودىكى رايىش موللىلار 50ياشقىچە ھارۋىنى ئالدىغا سۆرەيدۇ، 50ياشتىن كېيىن داجىپ كەينىگە ئىتتىرىشكە باشلايدۇ» دېگەن سۆزلىرى كېلىۋالىدىكەن. ئۇنىمۇ كۆپ چاغلاردا ئوقۇغان كىتاب ياكى شېئىردىكى بىرەر جۈملە، بىرەر مىسرا مېڭىسىگە كىرىۋېلىپ، تولا تەكرار بولۇپ قىينايدىكەن. . .

دوستلار شائىرنىڭ مېڭىسىگە كىرىۋالغان «زۇھۇرى» نىڭ ئىككى مىسراسىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەمەس ئۇنىڭ نېمىشقا شائىر مېڭىسىگە كىرىۋالغانلىقى ھەققىدە ئۆزئارا مۇلاھىزە قىلىشتى. مۇشۇنداق پسىخىك ھالەتنى پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئىزاھلاشقا ئۇرۇنۇشتى. بۇ خۇددى مۆمىن تەقۋادار قەلبىدە ئاللانىڭ گۈزەل نامى توختاۋسىز جارى بولۇپ تۇرغانغا ئوخشايتتى. ئەشۇ ئىككى مىسرا بىر گۈزەل شەيتانغا ئايلىنىپ، شائىر كۆڭلىگە كىرىۋېلىپ ئۇنى ۋەسۋەسىگە سېلىۋاتقانغىمۇ ئوخشايتتى. ئەشۇ ئىككى مىسرا يەنە شائىر كۆڭلىدىكى كېسەللىك غەملىرىنى يۇيۇپ تازىلىغۇچىغىمۇ ئوخشايتتى. ئەمما ئۇنىڭ شائىر قەلبىدە ئۆچمەس جاراھەت - تارتۇق قالدۇرۇۋاتقىنىمۇ ئېنىق ئىدى. بۇ جاراھەتنى ئەشۇ ئىككى مىسرا شېئىر قالدۇرغانلىقى ياكى شۇ شېئىردا تەسۋىرلەنگەن ئارقا كۆرۈنۈش قالدۇرغانلىقى نائېنىق ئىدى. . .

دوستلارنىڭ پسىخولوگىيە بىلىمى چولتا-يوق دېيەرلىك بولغاچقا، شائىرغا راسا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدى. قانائەت تاپمىغان شائىر سۆز تېمىسىنى باشقا ياققا بۇرىدى. ئۇ قايسى كۈنى ئۆمەر ئابدۇللا ۋالىيغا: «سەل ياخشى بولسام، ماڭا بىر ماشىنا بەرسىلە، قەشقەرگە، ئۈرۈمچىگە بېرىپ دوستلارنى يوقلاپ، چاي بېرىپ، رەھمەت ئېيتىپ، ۋىدالىشىپ كەلسەم بولاتتى» دېگەن گەپنى قىپتۇ. ۋالىي: «چاتاق يوق، پەقەت سەل ياخشى بولسىلا» دەپتۇ. ئۇزاق يېتىپ زېرىككەن شائىر يەنە سەپەرنى، دوستلارنى يادىغا ئالدى. ئۇنىڭ قەلبى يىراقلارغا تەلپۈنەتتى. ئۇ، «قاغىلىقتا يەكەن، پوسكامدىكى دوستلارنى يىغىپ بىر قېتىم چاي بەرسەك، قەشقەردە يېڭىسار، ئاتۇشتىكىلەرنى چاقىرىپ بىر قېتىم چاي بەرسەك. . . » دېدى. ئۈرۈمچىدە، باشقا جايلاردىمۇ شۇنداق قىلغۇسى بار ئىدى. ئارمانى بار ئىدى، لېكىن دەرمانى. . . دوستلۇق رىشتى - گۈزەل، ئىنچىكە، كۆزگە كۆرۈنمەس يىپەك تالالىرىغا ئوخشايدۇ. ۋەھالەنكى ئۇ پولات ئارقاندەك ئۈزۈلمەستۇر. شائىر قەلبى ئەشۇ بۈيۈك رىشتە ئارقىلىق يىراق-يىراقلارغا تۇتۇشۇپ تۇراتتى. . .

شائىرنىڭ پسىخىك ھالىتى ئەسلىگە كېلىۋاتاتتى. ئەشۇ قاتتىق ئاغرىق تۇتقان چاغدىكى تېرىككەك - ئاچچىقى يامانلىقىمۇ، گەپ ۋە ئادەمدىن بىزار بولۇشلىرىمۇ، سەل كېيىنرەك شەكىللەنگەن تولا گەپ قىلىش - سۆزمەن بوپقېلىشلىرىمۇ ئوڭشىلىپ قالغانىدى. دوستلار ئارىسىدىكى سۆز تېمىسى ئەشۇ ياققا بۇرالدى. شائىر: «ئاغرىق ئازابى تارتىۋېتىپ، ئاغرىمىغانلارغا ھەسەت قىلدىم. ئاش-تاماق يېيەلمىگىنىمدە يەۋاتقانلارغا ھەسەت قىلدىم. ئۇخلىيالمىغىنىمدا ئۇخلىغانلارغا ئاچچىقىم كەلدى. گەپ قىلالمىغىنىمدا، سۆزلەشكەنلەردىن بىزار بولدۇم» دېدى. شائىر خانىمىنىڭ دېيىشىچە، ئەشۇ ئۇخلىيالمىغان كۈنلىرى باشقا خەۋەر ئالغۇچىلارنىمۇ ئۇخلاتماپتۇ. . . ئەشۇ ئىشلار، بولۇپمۇ 2-، 3-ئىيۇن كۈنلىرى رەھبەرلەر قاراقاشلىقلار، قاغىلىقلىقلار يوقلاپ كەلگەندىكى تو گەپ قىلىشلىرى تىلغا ئېلىنغاندا، شائىر كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئەشۇ چاغدىكى پسىخىك ئۆزگىرىشلەرنى «ئۆز ئىختىيارىم ئەمەس» دەپ سۈپەتلىدى. . . شۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئىنسان بالىسىنىڭ ئازاب-قىيناشلاردىن، ئۇيقۇسىزلىقتىن، غەم-ئەندىشىدىن، قورقۇنچ - ۋەسۋەسىدىن ساراڭ بولۇپ ئەقلىدىن ئازغانلىقىغا، چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەنلىكىگە دائىر مىساللار بار. شائىر ئەشۇ كۈنلەردە تارتقان ئاغرىق ئازابىنى، بالىلىرىغا قىيالماسلىق، دۇنياغا قىيالماسلىق - غەم. . . لەرنى ئەسكە ئالساقلا ئۇنىڭ پسىخىكىسىدا يۈز بەرگەن مىجەز ئۆزگىرىشلىرىگە ئانچىلا ھەيران قالمايمىز. ھېلىمۇ ئۇ ئەقلىدىن ئازمىدى. ئۇنىڭ ساز ئەقلى نورمال ئىشلەپ تۇردى، پەقەت ئازراق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى شۇ. بۇنچىلىك ئۆزگىرىش نېمىتى؟! شائىرنىڭ شۇنچە ئازاب-غەملەر ئىچىدىمۇ ئەقلىدىن ئازمىغانلىقى - ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك چېنىقىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئاجايىپ قىيناق ئازابلىرىنى، تۈرمە ئازابلىرىنى، ئاچلىق ۋە يوقسۇزلۇق ئازابلىرىنى، خورلۇق ۋە يەكلىنىش ئازابلىرىنى، تالاي-تالاي دەرد-ئەلەم، غەم-غۇسسىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەنىدى. بۇلار چېنىقىش - مەشىق ھېسابلانماسمۇ؟ 1960-يىلى ئاچارچىلىقتىن ماغدۇرى قالماي ئەمگەك مەيدانىدا ئولتۇرۇپ - يىقىلىپ قالغاندا، ھەبىبۇللا قادىر

سېكرېتار ئۇنى «ھارامزادىلىك قىلدى» دەپ تۇتۇپ ئۇرۇش تۇرمىسىغا بەش كۈن سولىتىپ قويىدى. ئۇ تۇرمە ئازابى ـ قىيناشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. 1966 ـ يىلى، قاراقاشنىڭ زاۋا دېگەن يېرىدە، سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە خىزمەت ئۆمىكىدە «جىن ـ شەيتان» دەپ تارتىپ چىقىرىلغاندا ئۈچ ئاي ئۇرۇپ ـ تېپىپ كۈرەش ـ پىپەن قىلىندى. چېچى يۇلۇنۇپ، تېرىسى سويۇۋېلىندى. تاماقسىز قويۇپ قىيىندى. ئىنسان بالىسى كۆرمىگەن ئازابلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. 1967 ـ يىلى، بوزاق يېزىسىدا «بەش خىل ئۇنسۇر» لارغا قېتىپ قويۇلغاندا، تارتمىغان ئازابى قالمىدى. 1978 ـ يىلى، قاراغۇ تاغدىكى لاگىرۇ يېزىسىغا سۈرگۈن قىلىنغاندا يەكلىنىش ـ خارلىنىش ئازابىنى تارتتى. كېيىنرەك بىر قارا قورساق ئەمەلدار« بۇ ئادەمنىڭ كۈچى ھالال، گۆشى ھارام، ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ئۆستۈرۈشكە بولمايدۇ» دېگەن گەپنى ئوچۇق دېگەندە، يەنە خورلۇق ئازابى تارتتى. 1964 ـ يىلى «سېسىق ئوت» دېھقانچىلىق مەيدانىدىن قاچقاندا تۇتۇلۇپ قېلىپ قاتتىق ئۇرۇلغان، قەھرىتان سوغۇقتا ـ قاردا يالىڭاياق ماڭدۇرۇلۇپ پۇتى ئۈششۈپ قالغاندا، تارتمىغان ئازابى قالمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى چېنىقىش ـ ئازابلىنىش مەشقى ئەمەسمۇ؟ شۇنچىلىك مەشىق ـ چېنىقىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئادەم كېسەل ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەسمۇ؟

1963 ـ يىلى شائىرنىڭ مېھرىبان ئانىسى ئاتىكە خېنىم كېسەل تېگىپ ئالەمدىن ئۆتكەندە، 1964 ـ يىلى دادىسى ـ بەش سۇلالىنىڭ كارنايچى ئەسكىرى ئاغرىپ ئالەمدىن ئۆتكەندە، كېسەلگە قارشى بىرەر تالمۇ دورا يېيەلمىگەنىدى. دورا تۇگۇل كېسەل ئېشى ـ ئاشكۆكى سېلىپ ئەتكەن چۆپمۇ ئىچەلمىگەنىدى. بۇغداي ئۇنى يوق ئىدى. دورا ئېلىشقىمۇ، بۇغداي ئۇنى ئېلىشقىمۇ پۇل يوق ئىدى.

.. مانا ئەمدى شائىرنىڭ ئالدىدىن دورا ـ دەرمەك ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ. قانچىلىك يەيمەن دېسە شۇنچىلىك تۇرۇپتۇ. نېمە يەيمەن دېسە تېپىلىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما شائىر دورىدىن بىزار. يېمەكلىكىمۇ ناز قىلىدۇ. ئالەمنىڭ تەرەققىي قىلىشى دېگەن شۇ ئەمەسمىكىنە؟ ئاللا ئۇنىڭ كىبرۇ ـ نازلىرىنى كەچۈرگەي!

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدىكى مەتقاسىم ئابدۇراخمان بىلەن تۇرسۇنجان مۇھەممەت يوقلاپ كەلدى. مەتقاسىم بۇ يىل خوتەندە ئېچىلماقچى بولغان «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» نى تارقىتىش ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كەپتۇ. ئەھۋاللارنى شائىرغا سۆزلەپ بەردى. يەنە مەسلىھەتلەر بولدى. بەزى گەپلەرمۇ بولدى. ئەدەبىيات ساھەسىدىكى كۆرەلمەسلىكلەر، ئىچى قوتۇرلۇقلار، قىتىغۇرلۇقلار قاچانمۇ تۈگەر؟ ئەمما ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. جېدەلخور ئاتلار بەزىدە تېپىشىپ ـ چىشلىشىپ قويسىمۇ يەنىلا ھارۋىنى ئالغا سۆرەپ بارىدۇ. خېلى ياخشى سۆرەپ كېتىۋاتامدۇ؟! ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق...

شائىر تاماقنى سەل كۆپ يەپ ساپتۇ. ئۇنىڭ ئاچ كۆز بوپكەتكىنى ھەققىدە پاراڭ بولدى. دەسلەپتە ئىشتىيى تۇتۇلۇپ ھېچنېمە يېگۈسى كەلمىگەن كۈنلەردە تېۋىپ: «كېيىن كۆرىمىز، كىچىك بالىدەك ئاچ پاقا بوپكېتىسىلەر» دېگەنىكەن. مانا ئەمدى شۇ ھالەت كۆرۈلۈپتۇ. بىرنېمە يېگۈسى كېلىپلا تۇرىدىكەن. يېيىشكە باشلىغاندا نەپسىنى يىغالمايدىكەن. كۆپ يەپ سېلىپ كېيىن بىئارام بولىدىكەن...

«تارىم» ژۇرنىلى شائىرنىڭ «بۆركۈت قىسسىسى» نى بۇ يىلقى 10 ـ سانغا بەرمەكچى بوپتۇ. مەتقاسىم ئابدۇراخمان ئاپىرىپ بېرىپ كەپتۇ. قۇمۇلدىكى «تەقدىرداش» ژۇرنىلىدىن خەت كەپتۇ. شائىرنى دائىمىي ئاپتورلۇققا تەكلىپ قىپتۇ. سوئاللار ئەۋەتىپتۇ. ئەمما جاۋاب يېزىشقا ئۇنىڭ مادارى يوق. «داد» نى كۆچۈرۈپ شۇلارغا ئەۋەتىپ بېرىش ھەققىدە مەسلىھەتلەر بولدى.

## 21 ـ ئىيۇل

ئۈلۈشكۈن كەچلىك تاماقنى كۆپ يەپ سالغان شائىر ئىندىل بولغانمۇ، بۈگۈن چۈشكىچە ھېچنېمە يېيەلمىدى. ئەشۇ كۈنى ئاخشامدا ئۈچ كۈندە بىر كاپسۇل يەيدىغان دورىدىن بىر تال يېگەنىدى. ئۇندىن كېيىن دورا يېيىشكىمۇ ھەپىلى بولمىدى. بىئاراملىق تارتتى. بۈگۈن چۈشتە ئازراق نان يېدى. ئارقىدىن سىماپتا بېقىلغان توخۇدىن بىر پاچاق يېگۈزۈلدى...

شائىربەكلا ئورۇق. ئورۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بوپقالدى. بىلەك ۋە پاچاقلاردىكى بولجۇڭ گۆشلەرنى مۇدھىش كېسەل يەپ تۈگەتتى. ئۇ، ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرسا، ئىككى دولىسى بېشى بىلەن بەس تالاشقاندەك چوقچىيىپ تۇرىدۇ. قوۋۇرغىلىرىنى كۆز بىلەنلا ساناشقا بولىدۇ. بۇنداق ئورۇقلاپ كەتكەن ئادەمنى «ھانادەك بوپقالدى» دەپ ئوخشىتىشىدۇ. «ھانا» دېگەن قانداق نەرسىكىن؟ «قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالدۇق، ئوتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن» دېيىلىدۇ ناخشىلاردا. قاقشالدىنمۇ ئورۇق نەرسىمىكىن؟ سېرىق ۋە سولاشقان، تېرىلىرى ساڭگىلاپ ـ سالپىيىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىنى كۆرگەن ئادەملەر دەرھال كۆزىگە ياش ئېلىپ يىغلاپ سالىدۇ. ئەمما نۇرمۇھەممەت توختى قېتىپ قالدى. شائىرنىڭ بالا ـ چاقىلىرى قېتىپ قالدى. كۆنۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە شائىرنىڭ ھېلىلا چۇۋۇلۇپ ـ چېچىلىپ كېتىدىغان ئىسكىلىتتەك ئورۇق گەۋدىسى كۆرۈنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا شائىر ۋۇجۇدىدىن بىئىختىيار تارقىلىپ چىققان بوش ئىنجىق ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرۈدىغىنى شائىرنىڭ ياخشى كەيپىياتى، ئاڭلايدىغىنى شائىرنىڭ يۇمۇرلۇق چاقچاقلىرى. بۇ يەردە راستتىنلا چاقچاق بار. ياراتقۇچى چاقچاق قىلىۋاتامدۇ ـ نېمە؟ دېگۈسى كېلىدۇ كىشىنىڭ. ئەشۇ ھانىدەك ئورۇق تەندىن چىققان چاقچاققا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

ـ شائىرنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ ـ دېگەن ئاۋاز

تېلېفون تروپكىسىدىن كۈنگە ئۈن نەچچە قېتىم ئاڭلىنىدۇ.

– ياخشى! – دەپ جاۋاپ بېرىدۇ شائىرنىڭ خانىمى.

– شائىرنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ؟ – دەپ سورايدۇ ئۇچراشقانلار.

– ياخشى! – دەپ جاۋاب بېرىدۇ نۇرمۇھەممەت توختى ۋە تېۋىپ ئابابەكرى راخمان.

– ئەگەر شائىر ساقايسا كاتتا مۆجىزە بولغان بولاتتى، – دېيىشىدۇ ئەھۋال سورىغانلار ياندۇرۇپ.

نۇرمۇھەممەت توختى كىشىلەرنىڭ تۆت ئايدىن بېرى ئەشۇ مۆجىزىگە ئۈمىد باغلاپ كەلگەنلىكىنى يەنە ئەسكە ئالىدۇ. مۆجىزىگە بولغان غۇۋا گۇمان ئۇنىڭ قەلبىنى ئازابقا سالىدۇ. مۆجىزىنى بارغانسېرى غۇۋالىشىپ كەتكەندەك، بارغانسېرى يىراقلاپ كەتكەندەك ھېس قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق بولۇشىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. مۆجىزە قايتىپ كېلىدۇ، مۆجىزە يۈز بېرىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ ئۇ. مۆجىزە سادىر بولۇشقا ۋاقىت كېتىدىغانلىقىغا، مۆجىزىنىڭ ئۇچۇق ھاۋادا چاقماق چاققاندەك تۇيۇقسىز ئەمەس، يەردىن ئۈنۈپ چىققان مايسىدەك ئاستا-ئاستا ئايان بولىدىغانلىقىغا، ئاستا-ئاستا ۋايىغا يېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شائىرنىڭ ھانىدەك ۋۇجۇدىغا ئاستا-ئاستا ئەت قونىدۇ، بۇرۇنقى سېمىز، چىڭ، قاتتىق ۋۇجۇدى ئەسلىگە كېلىدۇ، ماغدۇرى ئەسلىگە كېلىدۇ دەپ ئويلايدۇ ئۇ. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى شۇ، تىلەك-ئارزۇسىمۇ شۇ. ئەمما شائىر يەنىلا ئورۇق. بەك ئورۇق...

تۇنۇگۈن ياسىن زىلال مەتقاسىم ئەكرەم ھاجىمنىڭ باشلىشىدا شائىرنى يوقلاپ كەپتۇ. 1993-يىلى چىرا تاغلىرىدا بابۇنە ھەققىدە مۇشائىرە ئېيتىشقان دوستلار ئۇزۇن مۇڭدىشىپتۇ.

نۇرمۇھەممەت توختى شائىرغا جېلىل مۇھەممەت ۋە قۇربان مامۇتنىڭ سالاملىرىنى يەتكۈزدى. «خوتەن دېھقانلىرى ۋە روزى سايىت» نىڭ ئاخىرقى ئىشلىرى تۈگەپ، تەستىقتىن ئۆتۈپ باسمىغا ماڭغانمىش. قۇربان مامۇت «شائىرغا كېسەل تەگكەن كۈنلەردە» نى بۇ يىلقى 4-سانغا ئۆلگۈرتەلمەپتۇ. يازمىدا ئېنىقسىز يەرلەر خېلى كۆپكەن، تۈزىتىش زۆرۈركەن. تەھرىرلەپمۇ، كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپمۇ ئۈلگۈرتەلمەپتۇ. قۇربان مامۇتنىڭ ئېيتىشىچە، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى قۇربان ئابلىمىتنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتىغا يازغان «شائىرنىڭ ھەيكىلى» ناملىق خېتىدە بۇ يېزىنىڭ 2-كەنتىدىكى دېھقان ئوبۇلقاسىمنىڭ شائىر روزى سايىتقا بولغان ھۆرمەت – تەشەككۈرى ئىزھار قىلىنىپ، خەت ئاپتورى نۇرمۇھەممەت توختى يازغان «خوتەن دېھقانلىرى ۋە روزى سايىت» دېگەن كىتابنىڭ نامىنى «ئۇيغۇر دېھقانلىرى ۋە روزى سايىت» قا ئۆزگەرتىش تەكلىپىنى بەرگەنمىش. يەنە ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، تۇرپان شەھەر يار يېزا گوبى كەنتىدىكى پەتتار ئابلىز دېگەن ئۈزۈمچى دېھقانمۇ بۇ ژۇرنالغا خەت يېزىپ: دېھقانلارغا سېلىنىۋاتقان تۈرلۈك ئالۋان-ياساق، جەرىمانە، زۇلۇمنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېغىرلاپ كېتىۋاتقانلىقى، دەردى ئىچىگە سىغمىغاندا شائىرنىڭ «دېھقان بولماق تەس» ناملىق ئۇنتۇلغۇ لېنتىسىنى يىغلاپ تۇرۇپ ئاڭلايدىغانلىقىنى بايان قىپتۇ... شائىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ كەتتى... ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغۇسى بار ئىدى، لېكىن ماغدۇرى... ئالدىنقى بىر كۈنى شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلىدىن كەلگەن كومپوزىتور مەتروزى تۇرسۇن يوقلاپ كېلىپ، شائىرنىڭ بەزى شېئىرلىرىغا مۇزىكا ئىشلەش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈپتۇ. شائىر «نۇرمۇھەممەت توختى تاللاپ بەرسۇن» دەپتۇ. تۇنۇگۈن خوتەن «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ياسىن ئەمەت قاتارلىقلار يەنە كېلىپ شېئىر تەلەپ قىپتۇ. بۈگۈن نۇرمۇھەممەت توختى ئەشۇلار ئۈچۈن ناخشا تېكىستلىرىنى تاللىدى. شائىرنىڭ بۇيىل 17-فېۋرالدىن 23-فېۋرالغىچە يازغان شېئىرلىرى ئىچىدىن بەش-ئالتە پارچىنى تاللاپ بەردى. ئۇلار شائىرنىڭ ئاخىرقى ئەسەرلىرى ئىدى. ئاللا كېيىن يەنە ئۇنىڭغا شېئىر يېزىش پۇرسىتى بېرەرمۇ؟ ئۇنىڭغا ئەشۇ نۇسرەت نېسىپ بولارمۇ؟

شائىر كېسەل يېتىپمۇ دوستلىرىنىڭ غېمىنى يېدى. ئۇ، نۇرمۇھەممەت توختىغا ئۈرۈمچىدىن كەلگەن دوستلىرى – ئىلھام جاپپار ۋە ياسىن زىلالنى ئائىلىسى بىلەن چىللىۋېلىش ئويىنى بىلدۈردى. نۇرمۇھەممەت توختى قوشۇلدى. ئاللا شائىرىمىزنى دوستلىرى بىلەن مەڭگۈ بىرگە ئۆتۈشكە نېسىپ قىلغاي!

## 24-ئىيۇل

شائىرنىڭ ئەھۋالى سۇ ئۈستىدىكى قولۋاقتەك، غازاڭ سوققان شامالدەك ۋەياكى ئالا كۆڭۈلنىڭ كۆڭلىدەك تۇراقسىز. ئالدىنقى بىر كۈنى تاماقنى كۆپ يەپ سالغاندىن بېرى ئىچ ئەزايى ئېچىشىپ – بىئارام بولۇپ ياتىدۇ. 22-ئىيۇل يەكشەنبە بىرنەرسە يېيەلمەپتۇ. دورىمۇ يېمەپتۇ. ئالدىنقى كۈنى پىشۇرغان توخۇنىمۇ يېمەپتۇ، تۆگە سۈتىنىمۇ ئىچمەپتۇ. «تارىم» نىڭ 2001-يىل 7-سانى كەلگەنىكەن. كەچتە ئۇنىڭغا بېسىلغان «خوتەن دېھقانلىرى ۋە روزى سايىت» نىڭ 9-بابىنى ئوقۇپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۇزاق يىغلاپتۇ. 23-ئىيۇل ئەتىگەندە كىرگەن نۇرمۇھەممەت توختىغا باسما خاتالىقلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. «تارىم» دا كوررېكتور يوقمۇ ياكى ئارگىنالدا شۇنچە كۆپ خاتالىقلار بارمۇ؟ سۆزلەر خاتا بېسىلىپلا قالماستىن بەلكى نۇرغۇن جاي چۈشۈپ قاپتۇ. شائىرنىڭ 43 پارچە مۇكاپاتىنىڭ تىزىملىكىدىن پەقەت ئالتىسىلا بېسىلىپ قالغىنى چۈشۈپ قاپتۇ. باشقا جايلاردىمۇ تاشلىۋېتىلگەن يەرلەر بارئىكەن ... شۇنداقتىمۇ كىشىلەر شائىرنىڭ شان-شەرەپلىرى ھەققىدە بىلىپ ئالالىغۇدەك. دۇئالار ھەققىدىكى قىسمى ياخشى يېزىلمىغاندەك. ھازىرقى سىياسەت بىلەن توقۇنۇش كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. نۇرمۇھەممەت توختى ئەنسىرىشىنى بايان قىلدى. شائىر: «ھەقىقىي ئەھۋال شۇ، مەن قانداق دېگەن بولسام شۇنداق بايان قىلىنىپتۇ» دېدى، شۇنداقتىمۇ

دىققەت قىلىدىغان گەپ ئىدى، دىققەت قىلىنماي قاپتۇ...

شائىر ئازراق نان يېدى، كاۋا سېلىپ ئەتكەن بۇغداي ئۇمىچىدىن بىر قاچا ئىچتى. سىماپتا ئېقىلغان توخۇنىڭ گۆشىدىن يېيىشكە ئۇنىمىدى... كېچە شائىر ياخشى ئۇخلىيالماپتۇ. تېۋىپ ئابابەكرى ئاخۇن بەرگەن شەربەتتىن كىچىككىنە ئىچكەنىكەن، ئىككى قېتىم «ھۆ» تۇتۇپتۇ، ئىچى سۈرۈپتۇ.

بۈگۈن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدا 20 - ئاۋغۇست ئېچىلماقچى بولغان «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» نى تارقىتىش يىغىنىنىڭ 3 - قېتىملىق تەييارلىق يىغىنى ئېچىلىپ مۇكاپاتلىنىشقا سۇنۇلغان ئەسەرلەر نامزاتلىرى تاللاپ بېكىتىلدى. «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى شائىرنىڭ «خوتەن گېلىمى» دېگەن شېئىرىنى مۇكاپاتقا سۇنغانىكەن، باھالاشتىن ئۆتۈپتۇ. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى چۈشتە شائىرنى يوقلاپ باردى. ئۇ ئۇخلاپ قاپتۇ. 40 مىنۇتتەك ساقلاپ ئولتۇرغان بولسىمۇ شائىر ئويغانمىدى. ئۇلارنىڭ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان شائىرنى ئويغاتقۇسى كەلمىدى. ئۇخلىغاننى ئويغاتماسلىق پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان بۇ كىشىلەر ئاخىرى شائىرنى ئويغاتماي، ئامانلىق تىلەپ خوشلىشىشتى.

چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئىلھام جاپپار، سادىقجان قاتارلىق ئاغىنىلىرى شائىرنى يوقلاپ كەلدى. شائىرنىڭ ئەھۋالى يەنىلا ساز ئەمەس. بىئارام ۋە ماغدۇرسىز... خوتەن ۋىلايەتلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى شائىرغا مېيىپلار ئولتۇرىدىغان ھارۋىدىن بىرنى سوۋغا قىلماقچى ئىكەن. بىرلەشمىنىڭ باشلىقى مەتروزى ئاخۇن شائىرغا تېلېفون بېرىپ بۇ خەۋەرنى دەپتۇ، شائىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئايلىنىپ كېلىشنى ئارزۇ قىلدى. تۆت ئايدىن بېرى سىرتقا چىقىپ باقمىغان شائىر جاھاننى سېغىنغانىدى. ئۇ، كەڭ ئالەمگە تەلپۈنەتتى.

خوتەنلىكلەر ئۆز شائىرىنى «گۈلزار مۇكاپاتى» غا تەۋسىيە قىلىۋاتقانىمىش. نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ باشقىلاردىن ئاڭلىشىچە، «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكى، بوزاق يېزا دېھقانلىرى ۋە يەنە ئاللىبىر يەرلەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە كوللېكتىپ ئىمزالىق خەت يازغانمىش. ئۇ، بۇ گەپلەرنى شائىرغا دەپ بېرىۋىدى، شائىر ھەسرەت بىلەن بېشىنى چايقاپ قويدى. ئەشۇ باش چايقاشنى ھەرقانداق مەنىدە چۈشەنسە بولاتتى. ھازىرقى ئەھۋالدا ھەرقانداق مۇكاپات توغرىسىدىكى گەپ شائىر ئۈچۈن پەقەت ھەسرەتلا كەلتۈرەتتى...

## كىچىككىنە ئىلاۋە:

بىمار شائىر ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەلمىگەنىكەن، خاتىرە ئاياغلاشمايدۇ. ئەمما چەكسىز داۋاملىشىۋېرىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ياراتقۇچى ئۇنىڭغا ئۆمۈر ئاتا قىلغاي! ئوقۇرمەنلەرنى خاتىرىنىڭ قىسقا يېزىلغان كېيىنكى قىسمىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلغاي! ھايات-پۇرسەتتۇر. ئەگەر شۇ پۇرسەت شائىرغا نېسىپ بولسا، شائىر يەنە نېمە ئىشلارنى قىلاتتىكىن؟ ئۇنىڭ يېقىندا يازغان بىر شېئىرىغا نەزەر ئاغدۇرايلى:

ئەجەلنى كەينىگە سۈرمەككە مۇمكىن بولسا گەر پەيتكە،
گېپىمنى ئاڭلىسا تەڭرى، دېسەم: «پۇرسەتنى بەر پەيتكە،
باياتىنلا تۇغۇلغاندەكتۇ ھېس-سەزگۈ؟» بىراق، قابىز
دېۋەيلەشتە: «نامازشام بولدى تاپشۇرجاننى...» دەر پەيتكە.
ئۆزۈم سەكراتتا، مېھرىم پانىيدىن كەچمەس، كېچەلمەس ھېچ،
ياغاچ ئات «مىن ماڭا» دەيدۇ، كىچىكمەسمۇ سەپەر پەيتكە.
يارانلار مەن نەزەر سالسام يولۇمغا، ئىزلىرىم نەپىسىز،
كۆرۈنمەيدۇ «چېچەك» ، «مېۋە» دېگەنلەردىن ئەسەر پەيتكە.
قىرانلىق مەزگىلىم بوپتۇ تاماشا نازىغا مەپتۇن،
ھەۋەستىن باشقىغا ھەرگىز سېلىنماپتۇ نەزەر پەيتكە.
مانا ئەمدى بىلىندۇرمەيلا كەلدى قەررىچى جان سۈيلەپ،
نىتەي ئىنسان ھاياتى ئاز ئىكەنغۇ شۇ قەدەر - پەيتكە.
ناۋادا نەۋقىرانلىق پەيتىگە قايتماق كەلسىدى قولدىن،
بولاتتىم ئۆمرى ئارمانسىزلا ئۆتكەن ياخشى ئەر، پەيتكە.
قەدىرلەنمەي ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتنى كۆلدۈرۈپ قايتا،
ئۇنىڭ ھەرسائىتىگە مەن چېكەتتىم نەقىش زەر، پەيتكە.
نەسىھەت شۇ: پېقىر ئۆلگۈرمىدى تۈزمەككە سەھۋەننى،
سىلەر ئىبرەت ئېلىپ مەندىن قۇچۇڭلار شان-شەرەپ پەيتكە.

2001 - يىل 25 - ئىيۇل، خوتەن (M1)

بۇ سان 2001 - يىل 10 - ئىيۇلدا تىزىشقا يوللاندى، 30 - سېنتەبىردە باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت



# مىجىت ناسىر ئاكىغا خەت

## كۆڭۈل ئىزھارى

مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر ئاكىنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ھىسام قۇربان چاقچاقلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» نى ئوقۇغاندىن كېيىن مەندە ئۇزۇندىن بېرى شەكىللەنگەن بۇ رەھبەرگە بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسى مەزكۇر نۇتۇق مۇناسىۋىتى بىلەن تېخىمۇ يالقۇنجاپ، ئېھتىرام بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخقا، پارلاق قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە شانۇ-شەۋكەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئىدىيە ئازادلىقى ۋە ئۆز-ئۆزىمىزنى تونۇشىمىزغا ئەگىشىپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ سەلتەنەتلىك تارىخى، ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن پەخىرلىنىش بىلەن بىللە، مىللىتىمىزدىكى ئىللەت-نۇقسانلاردىنمۇ يەتكىچە قاقشىدۇق. بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتىدىن قارىغاندا ھەقىقەتەن قاقشاشقا ھەقلىقمىز.

جەمئىيەتتە نۇقسانلىرىمىز ئۈستىدە قاقشاش تېخى بېسىقمىغان بىر پەيتتە، بىرمۇنچە پەخىرلىك قىز-ئوغلانلىرىمىز «مانا، بىزمۇ بار!» دەپ مىللىتىمىزنىڭ مۇبارەك نامىنى جاھان ئەھلىگە يەنە بىر قېتىم تونۇتۇپ قويدى: مىللىتىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانلىرىدىن «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر1997-يىلى 22-ئىيۇندا چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزىغا تارتىلغان سۇ يۈزىدىن 402مېتىر ئېگىزلىكتىكى، 7 .640مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات ئارقاندىن 13مىنۇت 48سېكۇنتتا ئۆتۈپ ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى كوچرەين 1995-يىلى 28-ئۆكتەبىردە بۇ يەردە ياراتقان 53مىنۇت 10سېكۇنتتا ئۆتۈشتەك دۇنيا گىنىنىس رېكورتىنى بىراقلا 40مىنۇت 3سېكۇنت ئالدىغا سۈرۈش ئارقىلىق دۇنيا يېڭى گىنىنىس رېكورتى يارىتىپ ئۈچ يىل ئۆتكەندە-2000-يىل 6-ئۆكتەبىردە خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ جىڭجىيەن شەھىرىدىكى جىڭجىيەن تېغىنىڭ فۇرۇڭ چوققىسى بىلەن جۇرۇڭ چوققىسى ئارىلىقىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى6 .1339مېتىر، يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 436مېتىر پولات ئارقاندىن 52مىنۇت 13سېكۇنتتا ئۆتۈپ يەنە بىر قېتىم دۇنيا يېڭى گىنىنىس رېكورتى ياراتتى؛ ئابدۇشۈكۈر مىجىت«جۇڭگو بوكس شاھى»، ئابدۇراخمان ئابلىكىم«ئاسىيا بوكس چېمپىيونى» دېگەن كاتتا شەرەپكە نائىل بولدى؛ بىر جۈپ ئاي- تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان بىلەن ئايتۇرسۇن نىياز 14-نۆۋەتلىك دۇنيا ياشلار سەنئەت فېستىۋالىدا «كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەتكارلار ئالىي مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى؛ «تەڭرىتاغ ئوغلانى» جۈرئەت ئوبۇلقاسىم

موتسكلت بىلەن 73 مىڭ كىلو مېتىر يول يۈرۈپ 2000-يىللىق تۇنجى نۆۋەتلىك دۇنيا جىننىس رېكورتىنى يارىتىپ ۋە 2001-يىلنىڭ تۇنجى دەقىقىسىدە «هالاكەت دېڭىزى» دەپ سۈرەتلىنىپ كەلگەن تەكلىماكان قۇملۇقىنى موتسكلت بىلەن كېسىپ ئۆتۈپ يەنە بىر قېتىم دۇنيا يېڭى جىننىس رېكورتىنى يارىتىپ خەلقىمىزنىڭ يېڭى ئىرادىكى ئىرادىسى ۋە ئېگىلمەس-سۇنماس جاسارىتىنى جاهان ئەهلىگە نامايان قىلدى. بۇندىن باشقا مىللىتىمىزدىن ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەن ساهەلىرىدە دۇنيا ئېتىراپ قىلغان ئالىم-مۇتەخەسسىسلەر مەيدانغا كەلدى.

مېنىڭچە، بىزنىڭ هازىرقى ۋەزىپىمىز نۇقسانلىرىمىز ئۈستىدە ۋايساشنىڭ ئورنىغا ئاشۇ نۇقسانلارنى تۈگىتىشكە بەل باغلاپ ، قولىمىزدىن كەلگەن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىتىمىزدىكى ئىقتىدارلىقلارنى بايقاش، قېزىش، تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ ئۆز ماهارىتىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ئىلهام ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىش يولىدا ئۆزىمىزگە خاس مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. مەن مۇشۇلارنى ئويلىسام كۆز ئالدىمدا مىجىت ناسىر ئاكا پەيدا بولىدۇ. مىجىت ناسىر ئاكىغا بولغان مەندىكى هۆرمەت تۇيغۇسى پەخىرلىك ئوغلانىمىز ئادىل هوشۇر سەنشيا بوغىزىدىن پولات ئارقاندا غەلىبىلىك ئۆتۈپ كوچرەيىنىي يېڭىپ دۇنيا يېڭى جىننىس رېكورتىنى ياراتقاندا پەيدا بولغان. چۈنكى بۇ چاغدا مەن ئىنتايىن هاياجانلانغانىدىم. تېلېۋىزىيە ۋە گېزىت-ژۇرناللاردىن ئادىل هوشۇرغا قىلىنغان تەنتەنە، ياغدۇرۇلغان ئالقىشلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈمدە ئىمكانىيەت يار بەرسە مەنمۇ بېرىپ ئادىل هوشۇرنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ غەلىبىسىنى تەبرىكلىگەن بولسام دەپ تولىمۇ ئارزۇ قىلغانىدىم. لېكىن شۇ ۋاقىتتا ئادىل هوشۇرنى مەن ئويلىغاندەك قولىنى چىڭ سىقىپ هەتتا قۇچاقلاپ تۇرۇپ تەبرىكلىگىنى يەنىلا ئالدى بىلەن مىجىت ناسىر ئاكا بولدى. تۇرسۇنئاي ئىبراهىمجان بىلەن ئايتۇرسۇن نىياز ئالتۇن مېدال ئېلىپ، ئابدۇشۇكۇر مىجىت، ئابدۇراخمان ئابلىكىم زەپەر قۇچۇپ، جۈرئەت ئوبۇلقاسىم دۇنيا يېڭى جىننىس رېكورتى يارىتىپ قايتىپ كەلگەندىكى قارشى ئېلىش — مۇبارەكلەش پائالىيەتلىرىدە ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئالدىغا چىققان ئاتىدەك قۇچاقلىشىپ قىزغىن تەبرىكلىگىنىمۇ يەنىلا ئالدى بىلەن مىجىت ناسىر ئاكا بولدى. «پەلەك شاهى» ئادىل هوشۇر ئىككىنچى قېتىم دۇنيا يېڭىجىننىس رېكورتى ياراتقاندا ئۇ يەنە ئايرودرومغا چىقىپ ئادىل هوشۇرنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. «تەڭرىتاغ ئوغلانى» جۈرئەت ئوبۇلقاسىم تەكلىماكان قۇملۇقىنى موتسكلت بىلەن كېسىپ ئۆتۈشكە ئاتلانغاندا مىجىت ناسىر ئاكا بۇ شېرمەت پالۋاننى ئۆز ئۆيىدە ئۇزىتىپ قويدى (مۇهەررىردىن) . دېمەك ئۇ مىللىتىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئورنىدا بولدى. ئۇلۇغ ئالىم، ئەدىب ئابدۇرېهىم ئۆتكۈرنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقاندا بېشىدا تۇرۇپ، ۋاپات بولغاندا ئاق باغلاپ هازىدار بولغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۈيۈك نامايەندە، خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك يازغۇچىسى زوردۇن سابىر ئاكا تۈن كېچىدە يۈرەك ئىنفىلمىسى كېسىلى بىلەن دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇلغاندا ۋە داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي خەلقىمىزنى داغ-هەسرەتتە قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتكەندە باشتىن ئاياغ قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە ۋە مەرهۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا پۇت دەسسەپ تۇرغان شۇ قەدىرلىك مىجىت ناسىر ئاكا بولدى (مۇهەررىردىن) . بۇندىن باشقا مەن دائىم دېگۈدەك «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ۋە باشقا گېزىت-ژۇرناللاردا هەم تۈرلۈك يىغىن-سورۇنلاردا مىجىت ناسىر ئاكىنىڭ مىللىتىمىزگە شان-شەرەپ كەلتۈرگەن تۆهپىكارلارنى تەبرىكلىگەن ، هاياتىغا يۈكسەك باها بەرگەن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە سۆزلىرىنى، مەشهۇر ئالىم-ئەدىب، سەنئەتكارلار ۋە جامائەت ئەربابلىرىنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ يازغان مەرسىيىلىرىنى كۆرۈپ تۇرىمەن. بولۇپمۇ مىجىت ناسىر ئاكا هېسام قۇربان ئاكا يەتمىش ياشقا كىرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن غۇلجىدا ئۆتكۈزۈلگەن «هېسام قۇربان چاقچاقلىرى ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنى»غا ئارىنى يىراق كۆرمەي شەخسەن ئۆزى ئىشتىراك قىلىپ خەلقىمىزنىڭ پەخرى هېسام ئاكا ۋە مىللىي ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزگە هەققانىي ئىلمىي كەيپىيات، يۈكسەك ئۈمىد-ئىشەنچ، هالال لەۋز، ئىزگۈ نىيەت بىلەن باها بېرىپ (مۇهەررىردىن) ، هېسام ئاكا ۋە ئەدىب-سەنئەتكارلارغا زور مەدەت ۋە ئىلهام ئاتا قىلدى.

مېنىڭچە، هېسام ئاكا توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇهاكىمىنىڭ ئۆتكۈزۈلگىنى تولىمۇ خاسىيەتلىك ياخشى باشلىنىش بولدى. هېسام ئاكا خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك دىلكىشى، تەڭداشسىز قىزىقچىسى، زامانىمىزدىكى نەسىردىن ئەپەندىسى. ئۇ ياشنىپ قالدى. مېنىڭچە، بۇنداق ئۇلۇغلىرىمىز ئەڭ مۇهىمى هايات ۋاقتىدا قەدىرلىنىشى كېرەك. ئۇلار ئارىمىزدىن كەتكەندىن كېيىن بىز ئوقۇماقچى بولغان كاتتا مەدهىيە، بەرمەكچى بولغان قالتىس باهالارنى، بولسا، هاياتلىق ئۆمرىدە ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىسۇن. بۇ قەدىردانلىرىمىز پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە رىهلەت قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەل قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدىغانلىقى ۋە ئىزىنى باسىدىغانلارنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلەنسۇن، بۇ دۇنيادىن ئارمان بىلەن كەتمىسۇن. بىز قالتىس پەخىرلەنگەن زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيېف، ئابدۇشۇكۇر مۇهەممەتئىمىن، ئابدۇرېهىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىم — ئەدىبلىرىمىزگە مۇهەببەتلىك كۆڭلىمىزنى ئىزهار قىلالايلى، ئۇلۇغلاپ بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرەيلى دېسەكمۇ ئەمدى ئۇلار ئارىمىزدا يوق. لېكىن ئارىمىزدا بىز قەدىرلەشكە، هۆرمەت تەختىگە چىقىرىشقا ئەرزىيدىغان ئىپتىخارلىق كىشىلىرىمىز يەنىلا بار. ئەل رەهمىتى هەممە مەڭگۈلۈك شان-شەرەپنىڭ يىلتىزىدۇر (مۇهەررىردىن) . مەن مەرىپەت هامىيسى، لەۋزى هالال، خەلقپەرۋەر رەهبەر مىجىت ناسىر ئاكىغا چىن قەلبىمدىن رەهمەت ئېيتىمەن، تېنىگە سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن.

كامالىي ئېهتىرام بىلەن:

لوپ ناهىيە چاهارباغ يېزا خەلق قۇرۇلتىيى هەيئەت رىياسەتىدىن **ئابدۇقادىر كېرەم**(M1)



# مەھەللىمىزنىڭ ئىشلىرى

(ئەبجەش خاتىرە)

ئابدۇقادىر جالالىددىن

ئىت كۈچۈكلەرگىرە-گىرە،
يۈرىدۇ بىرە-بىرە.

- ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

كىمدۇ بىرى: «نادانلىق تەرەققىيات بىلەن ماس قەدەمدە يېتىلىپ بارىدۇ» دېگەنىكەن. دەسلەپتە بۇ نېمە دېگىنىدۇ، دەپ ھەيران قالغانىدىم. بەزى ئىشلار ئادەمنى ئۇزاققىچە ھەيران قالدۇرۇپ، ھەيرانلىققا كۆندۈرۈپ قويىدۇ، شۇ چاغدا سەن ھەيران قېلىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كېتىسەن. بىزنىڭ جىق ئىشلارنى كۆرگەن، ھەييار بىر قوشنىمىز بولىدىغان. ئۇ كىشى ئۇشتۇمتۇتلا ئاخىرەتكە كېتىپ قالدى. ھەممىمىز: «ئۇ تېخى ئاخشام ساپساقلا ئىدىغۇ» دەپ قېلىشتۇق. رەھمەتلىك كۆرگەنلىكى كىشىگە چاقچاق قىلاتتى، ھەتتا ئويناپ يۈرگەن كەپسىز باللارمۇ ئۇنىڭ چاقچىقىدىن خالىي ئەمەس ئىدى. بىز ئۇنى دوختۇرخانىغا يوقلاپ بارغاندىمۇ بىزگە چاقچاق قىلدى. ئۇنىڭ دوختۇرخانىغا ساق بېرىپ، مۇردىغا ئايلانغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كېلىشى داۋالاش ئۇسكۇنىلىرىنىڭ ئىلغارلىقى بىلەن كۆرەڭلەيدىغان زامانىمىز دوختۇرخانىلىرىغا نىسبەتەن بىر قارا يۇمۇر ئىدى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا تالاي ئالدانغان بولسا كېرەك، ئىدارىدىكى سۇ مېيى ياكى تۇخۇم تارقىتىش ھەققىدىكى گەپلەرگە ئېرەن قىلىپ كەتمەيتتى. كىشىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپ تۇرۇۋالغاندا بولسا، ئۇ تۆت ئەتراپقا ئىتتىك قاراپ قويۇپ شۇنداق دەيتتى: «خاماندىكى چەشنى تاغارغا ئۇسسۇۋېتىپ، ئۇنى مېنىڭ ئەمەس، دەپ ئويلايمەن. ئالدىمدىكى بىر قاچا ئاش مەن ئۇچۇن تارتىلغاندا، ئۇنىڭ مېنىڭ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن، ھەتتا ئاغزىمدىكى ئاشنىڭمۇ ئۆزۈمنىڭ ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلىمەن، تاكى ئەشۇ بىر قوشۇق ئاش كارنىيىمدىن ئۆتۈپ بولغاندا، ‹شۈكرى، بۇ ئاش راستتىنلا مېنىڭ ئىكەن› دەيمەن». كىشىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈشەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ھاياتتىكى چاقچاقلارنى كۈلۈپلا ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ-دە، ئۇ ھەقتە ئويلانماي قويىدۇ. بەزى قاقباشلار ھەممىنى ئىچىدە ئويلاپ، ئىچىدە ھۆكۈم قىلىدۇ. نۇرغۇن ئېسىل سۆپەت

## تەپەككۇر كۆزى

كىشىلەر جىمجىت ئولتۇرۇپ، جىمجىت ياشاشنى تۇرمۇش دەستۇرىنىڭ ئەڭ ئايانچلىق سەھىپىسىگە يوغان قىلىپ يېزىۋېلىپ، قايتقاندىمۇ جىمجىت قايتىشىدۇ. تىرىكلەر بۇنىڭدىن تەسادىپىيلىق ھېس قىلىشىدۇ، ھەم: «ئۇ تېخى بىر ئوبدان تۇراتتىغۇ! » دېيىشىدۇ. ئۇلار ھەممە نەرسىنى بىلىپ، قەلب دۇنياسى تىلسىماتقا ئايلانغاندا، تاۋۇتقا مىنگىشىدۇ. تاۋۇتنى كۆتۈرگەن ياشلار ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ: « بۇ زادى مۇردىنىڭ ئېغىرلىقىمۇ ياكى سىرنىڭ ئېغىرلىقىمۇ» دەپ قېلىشىدۇ. بىز ئەمدى ھېلىقى قىزىقچى قوشنىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى. ئۇ مېنىڭ ئالدىراش كېتىۋاتقىنىمنى كۆرگىنىدە: «ھەممە ئىشقا ئۆزۈڭنى ئۇرۇۋەرمە. بەزى ئىشلارغا پەقەت ھەيرانلا قال! » دەپ قوياتتى. مەن: «ئۇ ئادەم ھەمىشە ھەيرانلا قالامدىغاندۇ، بۇ مۇمكىنمۇ» دەپ ھەيران قالاتتىم. ئۇ، ھەممە ئىشلارغا ھەيران ئىدى، مەن بولسام ئۇ ئادەمگە ھەيران ئىدىم. كېيىن بىلسەم، نادان ئىكەنمەن. ھەيران قېلىش ئۈچۈن ھەيران قالماسلىق كېرەك ئىكەن، بىر مەزگىل ھەيران قالمىغاندىن كېيىن ، ئاندىن ھەيران قالغىلى بولىدىكەن. ھەيران قېلىش ئۈچۈن ئاز-تولا بىرنەرسە بىلىش كېرەك ئىكەن، يەنى ئۆزىنى، ھەم ئۆزگىنى ئاز-تولا چۈشەنگەن بولۇش كېرەك ئىكەن.

ھەيران قېلىش ئۈچۈن كۆپ نەرسىلەرنى بىلىش كېرەك. كۆپ نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىزچىل ھەيران قېلىش بىلىش ساھەسىدىكى بىر خىل ئىنقىلاب.

قىزىقچى قوشنىمىز ھايات ۋاقتىدا ماڭا تولىمۇ ئاددىي بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ، قانداقتۇ بىر مۇھىم نەرسە مەڭگۈ يوقىلىپ كەتكەندەك خۇرسىنىش پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ بىر قۇردىشىنىڭ دېيىشىچە: «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە ھەپسىگە كىرىپ، ئون نەچچە يىل يېتىپ چىقىپتۇ، بۇنىڭغا ئۇنىڭ دوستلىرى ھەم كەسپداشلىرى سەۋەبچى بولغانىكەن. «ياخشى ئۆلۈمدىن يامان تىرىكلىك ئەۋزەل» دېگۈچىلەرنىڭ قولىدىن نېمە ئىشلار كەلمەيدۇ! ؟ ئۇنداقلار كۈندە مىڭ قېتىم ئۆلىدۇ، شۇنداقتىمۇ سايىدەك قىمىرلاپ يۈرگەن مۇردىسىنى ھايات دەپ يۈرۈۋېرىدۇ. ئاھ، ھاياتتەك ئۆلۈم، ئۆلۈمدەك ھايات! سېنىڭ پاسىلىڭدا ياتقان سان-ساناقسىز تاپلاردىن كېلىۋاتقان بەدبۇي پۇراقلار مېنى تۇنجۇقتۇرۇپ قوياي دېدى!

«نادانلىق تەرەققىيات بىلەن ماس قەدەمدە يېتىلىپ بارىدۇ»-بۇ سۆز مۇشۇ كۈنلەردە مەن ئۈچۈن تولىمۇ جەلپكار تۇيۇلىدۇ. تەربىيە كۆرمىگەن، ساددا كىشىلەرنى« نادان» دەپلا قۇتۇلماق ناھايىتى ئوڭاي، مەسىلە، ئۆزلىرىنى ئەلەمدار ۋە قەلەمدار ھېسابلايدىغان ئادەملەرنىڭ نادانلىقىدىكى ۋەھشىيلىكنى قىياس قىلماقنىڭ مۇشكۈللىكى. يىراق سەھرادىكى توپاچىراي ئادەملەر مەدەنىيەتلىك شەھەرلىكلەرنىڭ تەبىئىتىدىكى ئەخمىقانىلىق، ساقال-بۇرۇتلىرى پاكىز قىرىلغان گۈلگۈن چىرايىدىكى مەينەتلىكلەرنى كۆرگەنلىرىدە ئىچىدە كۈلىدۇ. پاكىز چىرايغا تېپىپ چىققان رەزىللىكمۇ پارقىراق بولىدۇ. ئەمما بۇنداق يۈزلەر ھاياتىي كۈچ تۇپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى قورقۇنچ - ۋەھىمە تۇپەيلىدىنلا سالپىيىپ تەرلەيدۇ.

نومۇس قىلىشنى بىلمىگەنلەردە باتۇرلۇق بولمايدۇ. قورقۇنچاقلار نومۇستىن تەرلەشنى بىلمەيدۇ. ئۇلار دەل قورقۇنچاقلىقى تۈپەيلى، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. قەدىمكى زامانلاردا كىشىلەر ساددا ھەم باتۇر ئىدى. ئۇلارنىڭ ياۋۇزلۇقىمۇ سىدام ھەم ھەشەمەتسىز بولۇپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغان غەلىتە نىقابلىرىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار زوراۋان بولغان بولسا، تارىخ سەھنىسىگە زوراۋان پېتى چىقىۋېرەتتى. بىراق ھازىر ئۇنداق ئەمەس، كىشىلەردە پاراسەت بىلەن بىلىم كۆپەيدى. زامانىۋى كىشىلەر ئۆزلىرىدىكى ۋەھشىيلىك ھەم ئاجىزلىقىنى پەردازلەيدىغان لوگىكىلىق سىستېمىلارنى تەسىرلىك ھالدا بايان قىلالايدۇ. بۇرۇنقىلار باتۇرلۇق ھەققىدە قوشاق توقۇغان بولسا، ھازىرقى كىشىلەر كاززاپلىقنىڭ توم-توم رىسالىلىرىنى كەشپ قىلىپ، يوسۇنىمىزنىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىگە ئايلاندۇرالايدۇ. ئىنسانشۇناسلار-نىڭ قەيت قىلىشىچە، ھايۋانلار ياۋۇز بولسىمۇ، بىر-بىرىگە كوللېكتىپ قەتلىئام يۈرگۈزمەيدىكەن، بىر-بىرى ئۈستىدىن چېقىم ۋە تۆھمەت قىلىشمايدىكەن. لېكىن ئادەملەر دىيانەت ھەققىدىكى قامۇسلارنى ئىبادەتخانا سۇپىلىرىدا كۆتۈرۈپ يۈرسىمۇ، بىر-بىرىنى تۇپلىشىپ قىرىدىكەن ۋە ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئىسسىق قانلارغا پەي قەلەم، موي قەلەم، قومۇش قەلەم، پولات قەلەم، ئېلېكترون قەلەملىرىنى چىلاپ تۇرۇپ، سەتەڭلەرگە ئوخشاش ناز-كەرەشمىگە باي قىسسەلەرنى يېزىپ چىقىشىدىكەن. نادانلىقتىكى ياۋۇزلۇق ئىستىخىيلىك بولىدۇ، ئاقىللىقتىكى ياۋۇزلۇق پىلانلىق ھەم سىستېمىلىق بولىدۇ. قەدىمكى رىمنىڭ داڭلىق مۇتەپەككۇرى سېنىكا قالتىس ناتىق سۈپىتىدە ھۆرمەت قازانغان، لېكىن ساخاۋەت بىلەن قانائەتنى تەرغىب قىلغان بۇ پەيلاسوپ، ئەينى ۋاقىتتىكى پادىشاھنىڭ يېنىدىكى ئەتىۋارلىق ئەرباب سۈپىتىدە ئاساسلىق پىتنىخور بولۇپ، ھەرخىل ناباب يوللار بىلەن بايلىق توپلىغان. خرىستىئان ئىلاھىيەتچىلىكى-نىڭ كاتتا ۋەكىلى ئاۋگۇستىن رىم پادىشاھىغا خۇشامەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي قېرىنداشلىرىنى يامان كۆرسەتكەن. 20-ئەسىردىكى ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرى بولمىش ئايبېك ۋە غاپۇر غۇلاملار ئۆزبېك پروزىسىنىڭ ئۇستازى ئابدۇللا قادىرىي ئۈستىدىن ئاساسسىز ھالدا «مەسىلە» تاپشۇرغان ۋە ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىنىڭ تىرىك گۇۋاھچىلىرىغا ئايلانغان. بىزدە بۇنداق ئۆلىمايى ئەكابىرلار ئاز ئەمەس. بىزدە جاھان غەۋغالىرىدىن خالىي ھالدا، قاپىيە گۈزەللىكى ئىچىگە غەرق بوپكەتكەن نەزمىكەشلەرمۇ ئاز ئەمەس. بىزدە ئەدىبلىك شۆھرىتى ئۈچۈن باشقىلار ئۈستىدىن ئىغۋا

تارقىتىشنى سەۋدايى كەسىپ قىلىۋالغان بەچچىلەرمۇ دۇنياغا كەلدى. تېخى ئۇلارنىڭ «كۇش-كۇش» لەپ قويسا، رەقىبلىرىنى ئېرىنچەكلەرچە قاۋاپ بېرىدىغان ئەرزان باھالىق كۈچۈكلىرىمۇ بار. بىزدە ئالدىراش تولۇق سۆرەۋاتقان ئايغىرنىڭ جەڭگىۋار يەرلىرىگە قونۇپ، ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرغانلىقى ئۈچۈن پىرى مۇشرىكلىرىنىڭ چىرايىغا دوكلات نەزىرىدە قاراپ ھېجىيىدىغان چىۋىن، كومۇتىلارمۇ ئاز ئەمەس.

شۇنداق، قوڭى شامالدا قالسىمۇ، تۇمشۇقىنى يوشۇرغىنى بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرۈدىغان تۆگە قۇشى ناھايىتى كۆپ. ئىككى يازغۇچىنى مۇھەررىر قىلىپ بىر تەھرىراتقا ئەكىرىپ قويسا، بىر-بىرى بىلەن «سىنىپىي دۈشمەن» ئوينايدىغان زىيالىيچاقلار ناھايىتى كۆپ. بۇلارنىڭ قايسىبىرىنى سۆزلەپ بولغىلى بولسۇن!

خوش، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئاقىللارنىڭ روھىدىكى بىداۋا كېسەللەر. تارىخ دەل مۇشۇنداق كېسەللىك تۈپەيلى ، ئىلىم ۋە تەرەققىيات كىرىزىسىغا ھامىلدار بولدى.

ئۆزىنىڭ ياشاش ۋە پىكىر قىلىش جەھەتتىكى تەبىئىي ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلىگەن خەلق ئالەم ئەخلاقىنىڭ بارلىق ماددىلىرىنى تەلتۆكۈس ئىجرا قىلىشقا ھۆددىگەر بولالايدۇ. ئۇنىڭسىز ھالدا ھەرقانداق خەلق ئاۋۋال ئۆز-ئۆزىگە دۈشمەن بولىدۇ، ئاندىن ھۆكۈمدارنىڭ ئەۋرەت لاتىسىغا ئايلىنىدۇ.

تارىخ، جەمئىيەت، ھوقۇق ئۈستىدىكى ئويلىنىشلىرىنى ئەدىبلەرگە يۈكلەپ قويغان خەلق تولىمۇ تەلەيسىز بولىدۇ. رۇسىيە پەيلاسوپى بېردىيايېف 19-ئەسىر رۇس زىيالىيلىرى ھەققىدە توختالغاندا، ئۇلارنىڭ مەپكۇرە ئۈستىدە رېئاللىقتىن ئايرىلغان ھالدا مەست-ئەلەس بوپكېتىشلىرىنى تەنقىدلەپ ئۆتكەن. ئۇ: «ئەدەبىي ئوبزورچىلار ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي پىكىرلەرنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى» دېگىنىدە، بۇنداق ئەھۋالدىن رازى ئەمەسلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. دەرۋەقە، ئىجتىمائىي ھوقۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قايرىپ قويۇپ، ئىدىيە ئۈچۈن ھارماي ئىشلەيدىغان زىيالىيلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. تۇرگېنېف رۇسىيىدىن رازى بولمىغاندا، فرانسىيىگە كەتكەن. تولستوي ئۆزىنىڭ قورۇقىدىكى يانچىلارنى ئازاد قىلىپ، ئۆزى ئۇلار بىلەن بىرگە يەرتېرىغان. لېكىن تولستوي زامانىسىدىكى رۇسىيىدە مىليونلاپ يانچى قۇللۇققا گىرىپتار ئىدى. تولستوي بۇلارغا سىياسىي جەھەتتىن رېئال چىقىش يولى كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن تولستويىنىڭ خەلققە بولغان ھەمنەپەس روھى پوپ بىلەن ئەدىبنىڭ روھىغا مۇناسىپ كاتېگورىيىدىن بەرىبىر ھالقىپ كېتەلمىگەن. 20-ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى رۇس زىيالىيلىرىنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيىسىدە سوتسىيال ئېلېمېنتلار خېلى روشەن. ئۇلار تولستويىنىڭ سوتسىيالىزمىغا قايىل بولىدۇيۇ، تۇرمۇش شەكلى جەھەتتىن يېسىنىنچە ھۆكۈمەتسىزلىكنى ئىجرا قىلىدۇ. بىزدە پۇشكىن ۋە يېسىنىندىكى ھاراقكەشلىككە شائىرانە سۆيۈنۈپ، تەقلىد قىلىپ ياشىغان ياش ئەدەبىياتخانلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىغا كەلگەندە ئۆمەرھەييامچە ئاسىيلىق قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بەزىملىرى سۇيۇق ھەم مەسئۇلىيەتسىز خاراكتېرگە تېخىمۇ بېيىدى. ئۆمەرھەييام بىر ماتېماتىك ھەم مۇتەپەككۇر شائىر ئىدى، بىز ئۇنى يەڭگىللىك بىلەن خاتا چۈشەندۇق، ئاخىرى ئۆمەرھەييام رۇبائىيلىرى زابوي زىيالىيلىرىمىزنىڭ يول خېتىگە ئايلاندى.

خەلق ھاياتىدا ئەدىبلەر كەم بولسا بولمايدۇ. لېكىن ئۇلار پۈتكۈل ئىجتىمائىي ناقىسلىقنىڭ شىپالىق دورىسى ئەمەس. مەسىلە، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى قانداق چۈشىنىپ، قانداق باھالاشتا. ئۇلارنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ئىلھامى كۆپ ھاللاردا ئىنسانىي مەھكۇملۇقنىڭ دۈشمىنى بوپكەلگەن. چۈنكى ئىلھام ئىنسان ۋۇجۇدىغا قاچىلانغان ئىلاھىي باتارىيە. ئۇنىڭ جارى بولۇشى شائىر قەلىمىدە مۇناسىپ ئىسيانكارلىقنى پەيدا قىلىدۇ. ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئىپادە ئۇسلۇبى ئىدىيە ھەم تىپ مۇستەقىللىقىغا ئېلان قىلىنغان توسۇن جەڭ مارشى بولالايدۇ. ئەمما شۇنداق شائىرلارمۇ باركى (بۇنداقلار مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ) ، دەل مۇشۇلار ھەققىدە نېتزىي ئېيتىدۇكى: «شائىرلارنىڭ مەدھىيىسى ئۇلارنىڭ قارشىلىقىدىنمۇ خەتەرلىك خۇددى ھومېر ئېيتقاندەك، مەدداھلار يالغاننى كۆ قوشىدۇ» . بۇ يەردىكى مەسىلە ، قانداق ئەھۋال ئاستىدا كىم ئۈچۈن ۋە نېمە ئۈچۈن «يالغان» چىلىق قىلىشتىن ئىبارەت. شائىر چىنلىقنىڭ يېتەكچى ئەقىدىسى توغرا بولسىلا، ئىنسانىيەت چىنلىقى شائىرلارغا يول قويىدۇ.

ئەھۋال ئەنە شۇنداق. ئۇنداقتا، خەلق ئۆزلىرىنىڭ بىلىملىك ئادەملىرىنىڭ كۆپلىكى بىلەن ئۆمىدلىنىشكە ۋە پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمۇ؟ ئەگەر «زىيالىي» دېگەن سۆز ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، سۈكۈت قىلىدىغان سەگەك تاماشىچىلاردىن دېرەك بەرسە، خەلق ئۇلار ئۈچۈن تەجرىبە ماتېرىياللىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇلار بۇ ماتېرىيال ئارقىلىق ئەدەبىيات ياكى پەلسەپە يارىتىدۇ، خالاس.

سالاۋات، ھەممىگە سالاۋات! ئادىمىزات شۇنداق مەخلۇق. ئىنسان ئالدىدىكى دۇنيا ئىبرەت ۋە ھېكمەت ئۈچۈن تارتۇق قىلىنغان. بىز تەپەككۇرىمىز ئاساسىنى كۆز ئالدىمىزدىن ئىزدىمەي، ھەمىشە تارىخچىلار، پەيلاسوپلار، ئەدىبلەر ۋە سىياسىيئونلارنىڭ يازمىلىرىغا مۇراجىئەت قىلىمىز، ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەپەككۇر ھەرىكىتىمىزنىڭ تايانچىغا ئايلاندۇرۇۋالىمىز. دەل شۇچاغدا بىز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان دۇنيانىڭ ھەقىقىتىدىن بىلىپ-بىلمەي يۈز ئۆرىگەن بولىمىز. مانا بۇ ئۇچۇر ۋە مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ رەڭگارەڭ تاللىرىدىن توقۇلغان زامانىۋى جەمئىيەت مۇھىتىدىكى بىزدەك زىيالىيلارنىڭ نادانلىقى. لېكىن بۇ ئىلىم ھەشەملىرى بىلەن

ياساندۇرۇلغاچقا، ئاسانلىقچە چىنىپ كەتمەيدۇ. دەل مۇشۇ چاناسلىقى بىلەن ئالىم كەسپى كىبىر-تەمەننادىن، ئاۋام ئالدىنىشتىن خالىي بولالمايدۇ.

كۇتۇپخانىلار تۈرلۈك ئىدىيە ۋە ئىلمىي ئېقىملارنىڭ دەستۇرلىرى بىلەن توشۇپ كەتتى. دوكتور ۋە پروفېسسورلار ھەربىر ساھە بويىچە گويا بىر قوشۇن بولۇپ قۇرۇلدى. لېكىن مەدەنىيەتلىك پۇقرالارنىڭ ئاياغ ئىزلىرىدىن تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەخلاقىي كرىزىس يامراپ چىقتى. توۋا، ئەقلى بولغانلىقى تۈپەيلى مەخلۇقلار ئارا سەلتەنەتلىك بولغان ئىنسان ئەلمىساقتىن بېرى ھېسابسىز پىكرىي ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى، لېكىن ئۇ ماھىيەتتە ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەجدادىدىن ھالقىپ كېتەلمىدى، بەلكى تارىختا يۈز بەرگەن تالاي قانخورلۇقلارنىڭ سايىسى ئۇنىڭ بەستىنى يىگىلىتىپ قويدى. ھايۋانلاردا ئەقىل بولمىغىنى ئۈچۈن، ئۇلارغا شەرىئەت ۋە تەرىقەت دېگەنلەر كەتمەيدۇ، ئۇلار ئاخىرقى سوراقنىڭ ئالدىغا يارالمىشتا قانداق بولسا، شۇپېتى بارىدۇ. ئۇلاردىكى خۇلق بىز ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىغا تالاي ئىلھام ۋە يىپ ئۇچىنى تەمىن ئەتتى. ئۇلار بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان مىجەزى بىلەن ئەدەبىياتىمىزدا ھەر خىل تىپلارغا ئايلاندى.

ھايۋانلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنسانلارنىڭ پىكىر قىلىش ئادەتلىرىگە چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. مۇقەددەس كىتابلاردا رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئادەملەر ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىشنى قاغىدىن ئۆگەنگەنىكەن. ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى ياسىنىش، گىرىم قىلىش ۋە سەنئەت بەرپا قىلىش جەھەتتە ھايۋانلاردىن بولۇپمۇ قۇشلار تۈركۈمىدىن كۆپ بىلىملەرنى ئالغانىكەن. ئۇلار بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىمىزگە كۈچ قوشۇش بىلەن بىرگە مەنىۋى تەسەررۇپىمىزغا ھېسابسىز خۇرۇچلارنى قوشقانىكەن. بۈگۈنكى زامان كارخانا مۇتەخەسسىسلىرى بۆرىدىكى جەڭگىۋارلىق، ئۇيۇشچانلىق ۋە تەشكىلچانلىقنى بىر ئەقىل-پاراسەت سۈپىتىدە كارخانا باشقۇرۇش ئىلمىگە تەدبىقلاشقا ئۈلگۈردى. ئۇلار بۇ ھەقتە مەخسۇس كىتابلارنى يېزىشتى. فرانسىيىلىك فابۇر مەخسۇس ھاشاراتلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بايقاش بىلەن نام چىقاردى. ئۇنىڭ ھاشاراتلار ھەققىدىكى كىتابى دۇنياۋى داڭلىق ئوقۇشلۇق. بىلگەنلەر ئۈچۈن، زامانىۋى جەمئىيىتىمىز ئۇلاردىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە موھتاج.

ھايۋانلارنى ئاز-تولا چۈشىنىدىغان بىر دوستۇمنىڭ دېيىشىچە، ئاتلاردا شۇنداق بىر خۇي بار ئىكەن: بىر ئايغىر ئۆزى تەۋە بولغان ئۈيۈر (جەمەت تۇپلىمى) نى پىداكارلىق بىلەن قوغدايدىكەن. ئەگەر ئادەملەر نەسىل ئېلىش ئۈچۈن ئايغىرنىڭ كۆزىنى تېڭىپ، ئۇنىڭ توپى ئىچىدىكى بايتاللار بىلەن چېپىشتۇرسا، بۇنى بىلىپ قالغان ئايغىر ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۇسسۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىكەن.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا، ئۇزۇنغىچە ئويلىنىپ كەتتىم. ئاتلاردىكى ئىنتىزام ئۆزىنى ئېتىقادلىق ئاتىۋالغان ئىنسانلار قەۋمىگە سېلىشتۇرغاندا نەقەدەر ماتانەتلىك! لېكىن ئات قەۋمى بۇنى بىباھا مەنىۋىيەت سۈپىتىدە قەدىرلەپ، قەسىدىلەرنى يېزىشمىغان. تىلسىز تەبىئەت ئۆزىنىڭ ساددە ھەم غالىب خۇلقىغا بىز تېخى بىلىپ بولالمىغان تالاي خەزىنىلەرنى يوشۇرغان.

ئات ئېشەك بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندا، كۆز ئالدىمىزدا يۇمۇرلۇق بىر كۆرۈنۈش ئايان بولىدۇ. جانلىقلار بىر-بىرى بىلەن ئەنە شۇنداق زەنجىرسىمان سېلىشتۇرۇلغاندا، جانلىقلارنىڭ ھەرىكەتچان جىسمىنى يېزىق قىلغان بىر مۇقەددەس كىتاب پەيدا بولىدۇ. بۇنى ئوقۇش ئىنساندىن ئۆزگىچە بىر ئىخلاسنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز دۇنيانىڭ كەينىدىكى چەكسىز بىر دۇنيانى ھېس قىلغاندەك بولىمىز. ئەمما ئۇنىڭغا بىرەر ئىسمىنى قويۇشقا دەرھال پېتىنالمايمىز.

ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە ئادەملەر ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلىرىمۇ بار ئىكەن. ئادەملەرنىڭ بېقىشىغا كۆنۈپ، ئۇلارغا ئوزۇق بولىدىغانلىرىمۇ بار ئىكەن. ئادەملەرگە ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارغا مۇھاپىزەتچى بولىدىغانلىرىمۇ بار ئىكەن. ئادەملەرگە خىرىس قىلىپ ياشايدىغان ياۋايىلىرىمۇ بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز-خۇلقى كەلتۈرۈپ چىقارغانىكەن. نېمە ئۈچۈندۇ، ئادەملەرگە كۆنۈك ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىكى ئىت يېقىندىن بېرى مېنى بەكرەك ئويلاندۇرىدىغان بوپقالدى. ئازراق ئاق-قارىنى پەرق ئەتكىدەك بولغاندا قارىسام، ئىت ئادەملەر بىلەن بىرگە ياشايدىكەن. يېقىنقى مەزگىلگىچە بۇنىڭ ماڭا نىسبەتەن غەيرىي تۇيۇلىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق ئىدى. بىراق يېقىندىن بېرى مەن ئىتنى كۆرسەم قىزىقىپ قارايدىغان بوپقالدىم.

قارىغاندىن كېيىن ئويلايدىغان گەپ ئىكەن. قاراش كۆزىتىش دائىرىسىنى قارىغۇچىنىڭ ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرۈش بولۇپ، بۇ چاغدىكى زامان تاق ھەم ئوبيېكتىپ بولىدۇ. ئويلاش بولسا، قارىغۇچىغا ئائىت خاتىرىلەر ۋە زامانلارنى دەستىلەش بولۇپ، بۇ چاغدا پىكىر بىلەن پىكىر توقۇلۇپ كېتىدۇ.

سەھرا كېچىلىرى ساپ ھەم بىپايان بولىدۇ. ساما يولىدىكى يۇلتۇزلار ئۆزىنىڭ يارقىن جىلۋىسى بىلەن ئاسمان گۈمبىزىگە يورۇق ھەم كەڭ جىيەك تارتقان. خىيالغا باي كېلىدىغان بالىلىق يۇلتۇزلاردىن پۈتكەن ئەشۇ ساما يولىدا تالاي رەت قاترىغان. بۇيوللار مەندەك بىر سەبىي بالىنىڭ خىياللىرىنى يېڭى-يېڭى ئۇپۇقلارغا ، تېخى ئېيتىلمىغان چۆچەكلەر دۇنياسىغا، بۇدۇنيانىڭ سىرتىدىكى يەنە بىر دۇنياغا يېتەكلەپ ئاپارغان. يۇلتۇزلار زىمىستان تۈنلىرىدە تېخىمۇ جۇلالىنىپ كېتىشىدۇ. ھەيي، ئەشۇنداق ساددا ھەم زىننەت بەخش سەھرا كېچىلىرى ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرىدىن ھەرگىزمۇ خالىي ئەمەس.

كېچىلەر ئەلۋەك ھەم تىنچ، لېكىن ئەتراپنى ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى بىر ئالغان. ئەتراپتا ئىتلارنى دەككە-دۇككىگە سالىدىغان ياكى ئىتلارنىڭ رىسقىغا

چاڭ سالىدىغان بىرەر ئالامەت بولمىسىمۇ، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى تۈن قاراڭغۇسىدا ناھايىتى ئەۋج ئالىدۇ. ئەتراپتا ھېچ ئىش يۈز بەرمىسە، ئىتلارنىڭ قاۋىشى نېمىشقا ئەدەپ كېتىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتىم. ئەمدى چۈشەنسەم، بىرەر شەپىنى سېزىپ قالغان ئىت قاۋاپ تاشلىسا، باشقا ھويلىلاردىكى ئىتلار بۇنى تەھدىت دەپ بىلىپ قاۋاشقا باشلايدىكەن. ئىتلارنىڭ ئاۋازىمۇ ئوخشىمايدۇ، بەزىلىرى سوزۇق، بەزىلىرى بوغۇق قاۋايدۇ، بەزىلىرىنىڭ قاۋاشلىرىدىن مىسكىن نالە-پەرياد بىلىنىپ تۇرىدۇ. بەزى ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى شۇ قەدەر قاباھەتلىككى، قەھرىتان كېچىنىڭ سوغۇق نەشتىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ. بەزى ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرىدىن ئېرىنچەكلىك بىلىنىپ تۇرىدۇ.

زامان تەرەققىي قىلسا، ئىتلارمۇ مەككارلىشىپ كېتىدىكەن. بۇلار چۈچۈگىدەك ياكى قاۋىغىدەك بىرەر ئەھۋال بولمىسىمۇ، قاۋىشىدىكەن، بۇنداق قاۋاش ئىتلارنىڭ خوجايىنلىرىنى ئەمىن تاپقۇزۇپ، خاتىرجەم ئۇخلىتىدىكەن. ئىتلارنىڭ سەۋەبسىز قاۋاشلىرى خوجايىنلار ئۈچۈن ئەللەي ناخشىسىمىكىن-تاڭ، قاۋاش قانچە ئەۋجىگە چىقسا، ئۇلارنى بىخەتەر ھېس قىلىشقان خوجايىنلارنىڭ نېرۋىلىرى ئارامغا چىقىدۇ. بۇنى ئىتلارمۇ ياخشى بىلىۋالغان بولسا كېرەك، ئىتلارنىڭ بىر كېچىلىك قاۋىشى بەدىلىگە ئەتىسى ئۇلارنىڭ يالاقلىرى ئىلتىپات بىلەن توشىدۇ. تاڭ قۇياشى ئىتلارنىڭ زۇۋانىنى ئۆچۈرگەندە، خوجايىنلارنىڭ تىرىكچىلىك ھەرىكىتى باشلىنىپ كېتىدۇ. تۈن بويى قاۋاپ ھالسىرىغان ئىتلار ھويلا-ھويلىلاردا تۇمشۇقلىرىنى يەرگە تەگكۈزۈپ، غىدىقلاپ ئاۋارە قىلىۋاتقان ئىت چىۋىنلىرىنى خۇشياقمىغاندەك قورۇپ قويۇپ، سۇنايلىنىپ يېتىشىدۇ. ئۇلار ئۆزى ساداقەت ئىزھار قىلىۋاتقان خوجايىنلىرىنىڭ ھويلىسىغا ناتونۇش كىشىلەرنىڭ كىرىپ كېلىشىنى مۇمكىنقەدەر خالىمايدۇ. ياتلار كىرگەندە ئىتلار ئۆزلىرىنىڭ ئىتلىق بۇرچىنى دەرھال ئادا قىلمىسا بولمايدۇ-دە! ئۇلار ھېچ بولمىغاندا سالپايغان قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىشى ياكى بىر-ئىككى مەرتەم قاۋاپ قويۇشى، ھەتتا زۆرۈر تېپىلغاندا بويىندىكى زەنجىرىنى سىلكىپ شاراقشىتىپ قويۇشى كېرەك. ئىت بۇ ھەرىكەتلەرنى ئىجرا قىلغاندا، خوجايىنىنىڭ ئەلپازىنى كۆزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئۇ، خوجايىنى: «ھاي!» دېگەندە توختاپ قېلىشى كېرەك.

مەن ھازىرغا قەدەر ئىت قەۋمىنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئىناق ھالدا توپلىشىپ ياشىغىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇلار ئەزەلدىن شۇنداقمۇ، ياكى ئادەملەر قەۋمى شۇنداق قىلىۋەتتىمۇ، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس. لېكىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئىت قەۋمىدە بىر-بىرىگە ئۆچەكەش تەبىئىتى بولمىسا، ئادەملەرگە ئامال بولمىغان بولاتتى. قىزىق يېرى، ئىت قەۋمى كوسۇكتا چۈشكەن قانجۇقنى كۆرگەندە جەم بولۇشىدۇ. بىر قانجۇق ئۈن نەچچە ئەركەك ئىتنى غالجىرلاشتۇرالايدۇ. ئىتلارنىڭ بۇنداق كوللېكتىۋىزمى قانجۇقتىن نېسىۋە ئېلىش تەمەسىدە ۋۇجۇدقا چىققاچقا، ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن بىر-بىرىگە ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرىدۇ. دېمەك ئۇلار بىر-بىرىگە خىرىس قىلىش يۈزىسىدىن بىر يەرگە كېلىشىدىكەن، ئۇلار غالجىرلىقىنى قاندۇرۇش يۈزىسىدىن بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىكەن.

ئىت ئۆزىگە سۆڭەك، نان تاشلاپ بەرگەن خوجايىنىنى كۆرسە، ئېرىلىپ ئەركىلەپ كېتىدۇ، قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، غىڭشىغان ھالدا ناز قىلىدۇ. لېكىن ئۆز قەۋمىنىڭ بىرەر ئەزاسىنى كۆرگەندە دەرھال ھۈرپىيىپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، خىرىلداشقا باشلايدۇ. كىشىلەر ئىتنىڭ بۇنداق تەبىئىتىنى ئىت تالاشتۇرۇش ئارقىلىق تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزىدۇ. خوجايىنلىرىغا لەززەت بېرىش ئۈچۈن ئىتلار بىر-بىرى بىلەن تالىشىپ، قان بوپكېتىدۇ، ھەتتا بىر-بىرىنى ھاياتىدىن جۇدا قىلىدۇ، بۇنىڭ بەدىلىگە دوغا چىققان خوجايىنلار ئەل ئىچىدە نام قازىنىدۇ.

ئىتلارنىڭ ئىچىدە ئوۋ ئىتلىرى بىر ئاز جەڭگىۋار كېلىدۇ. لېكىن ئۇلارمۇ خوجايىنىنىڭ كۆزىگە قاراپ ياشايدۇ. مەھەللىمىزدە قوغۇنلۇقتا، ھويلا-ئاراملارغا قارايدىغان ئىتلار كۆپ بولسىمۇ، لالما ئىتلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلار باشقا ئىتلارغا قارىغاندا مۇلايىم بولاتتى ياكى قېرىغان، كاردىن چىققان بولاتتى. ئۇلار مەھەللىدىكى باللارنىڭ قولىدىكى پارچە نانلار بىلەن مەئىشەت تاپاتتى. لالما ئىتلار ئادەم چىشلىمىگەن بىلەن، ئاخشاملىرى ھەممىدىن بەك قاۋايدۇ. كېيىن مەن چوڭ بولۇپ باشقا يۇرتلارغىمۇ باردىم، شەھەرلەردىمۇ ياشىدىم. شەھەرلەردە نۇرغۇن ئارزۇلۇق ئىتلارنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆردۈم. شەھەرلەردىكى ئىتلار ئەپچىل، ئوماق، پاكىز كېلىدىكەن. ئۇلار ئەركىلەشكە ناھايىتى ئۇستا كېلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئەركىلەشلىرى ئالدىدا مەھەللىمىزنىڭ ئىتلىرى يەپ ئېشىپ بېرەلمەيدىكەن. ئۇلارغا باققاندا مەھەللىمىزنىڭ ئىتلىرى قوپال، كېلەڭسىز، يېقىمسىز تۇيۇلىدىكەن. گەرچە مەھەللىمىزنىڭ ئىتلىرى ئۆز خوجايىنلىرىغا ئۆمۈرلۈك خىزمەت كۆرسەتسىمۇ، تەييارتاپ شەھەر ئىتلىرىدەك ئىززەتتىن بەھرىمەن بولالمايدىكەن. شەھەر ئىتلىرىنى پاكىز باقمىسا بولمايدىكەن. ئۇلارنى ئادەم قەۋمى يەيدىغان ئېسىل گۆشلەر بىلەن باقىدىكەن. نى-نى بۇدرۇق قىزلار ئۇلارنى ئېسىل، خۇشپۇراق سوپۇنلار بىلەن يۇيۇپ، تاراپ تۇرىدىكەن. ئۇلار خانىملارنىڭ ئىسسىق، سېمىز كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ ياتالايدىكەن، كەچلىرى چۈشكۈن ئەمما رومانتىك ئايال خوجايىنىنىڭ بىقىنىدا بۇلۇتتەك يۇمشاق كارىۋاتنىڭ پەيزىنى سۈرەلەيدىكەن. شەھەرلەردە ئاساسەن دېگۈدەك قاۋۇل، كۈچلۈك، سۈرلۈك ئىتلارنىڭ ھاجىتى يوقتەك ئىدى. نوچى ئىتلار ساقچىلار ۋە ھەربىيلەرنىڭ گازارمىلىرىدا تەربىيە ئالىدىغان بولسا كېرەك. شەھەر ئىتلىرى قانچە كىچىك بولسا،

خانىملارنىڭ ياقتۇرۇشىغا شۇنچە ئىبرىشەلەيدىكەن. ئۇلار ياپراقتەك نېپىز، كىچىك تىللىرى بىلەن خانىملارنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈپ، كۆڭلىنى ئالالايدىكەن.

كىنو ۋە تېلېۋىزىيە مېنى تېخىمۇ ئۆزگىچە ئىتلارنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. غەربلىكلەر ئىتنى ئاجايىپ چوڭ بىلىدىكەن. ئىگەكلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان، قۇلاقلىرى كېلەڭسىز، خۇددى بوۋاي-مومايلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىتلار پۇل پادىشاھلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك خانىلىرىنىڭ ئەركىسى بولالايدىكەن. بەزى ئىتلار پىرىزىدېنتلار بىلەن بىرگە ئالىي داچىلارغا بارالايدىكەن. ئادىمىزاتنىڭ شورپېشانىلىرى كۆرەلمىگەن پىرىزىدېنت ئۇنداق ئىتلارنىڭ دائىملىق پاناھگاھى بولالايدىكەن. غەربتە مەخسۇس ئىتلارغا ئاتاپ ئىشلەنگەن چاتما فىلىملەر بولىدىكەن، ئۇلاردا ئادەمدىنمۇ ئەقىللىق ئىتلار رول ئالىدىكەن. مۇشۇ كۈنلەردە مەھەللىمىزنىڭ ئىتلىرى ئەشۇنداق ئىتلارنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆرەمدىغاندۇ؟ قارىغاندا، خوجايىن دېۋەڭ بولسا، ھايۋانغىمۇ ئېغىرچىلىق بولىدىكەن، خوجايىن مەرىپەتلىك بولسا، ھايۋانمۇ بەھۇزۇر بولىدىكەن.

قانداقلا بولمىسۇن، ئىت قەۋمىنىڭ جەم بولۇپ ئۆتمەسلىكى ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە ئىكەن. ئۇلارنىڭمۇ نەسىللىرى ھەرخىل ئىكەن. لېكىن بىرخىل يېرى، دۇنيادىكى ئىتلارنىڭ ھەممىسى ھويلا-ھويلىلاردا، ئۆي-ئۆيلەردە تۈرلۈك خوجايىنلارغا تەقسىملەنگەنىكەن. دۇنيادا دىنوزاۋۇردەك بەھەيۋەت مەخلۇقلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىپتۇ. شىر-يولۋاسلاردەك قەيسەر جانىۋارلارنىڭمۇ نەسلى ئازىيىپ كەتتى. لېكىن ئىتلار يەنىلا ئىت پېتى ياشاۋېتىپتۇ. زادى بۇ ئىككى قىسمەتنىڭ قايسىسى ئەلادۇ؟ تەقدىرى ئەزەل ئەجەبمۇ سىرلىق بولىدىكەن. بىراق مۇشۇ سىرلىق دۇنيا ئىنسان ئەقلىنىڭ دائىملىق خېمىرتۇرۇچى بوپكەلگەن.

بىزدە ئىت بارئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ، دېگەن قاراش بار. بۇ، ئىتنىڭ خۇيىنى چۈشەنمىگەن كىشىلەر ئۈچۈن خوراپىي سۆز بولۇپ تۇيۇلىدۇ. بىراق ھايات ئىقلىمىغا ئىنچىكە سەپسالساق، ئۇ گەپنىڭ تېگىدە بىباھا ھېكمەتنىڭ ياتقانلىقىنى بايقايمىز. ئىت بار ئۆيگە نېمە ئۈچۈن پەرىشتە كىرمەيدۇ؟

ئىت ئۆز قەۋمى بىلەن مەڭگۈ چىقىشالمايدۇ.
ئىت باشقىلار ئۈچۈن ئۆز قەۋمىنى قاۋايدۇ.
ئىت باشقىلار ئۈچۈن ئۆز قەۋمىنى تالايدۇ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى(M2)

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 2002-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىراڭ

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2002 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش 9-ئاينىڭ 15-كۈنى باشلىنىپ 11 - ئاينىڭ 20-كۈنى ئاياغلىشىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ يەككە باھاسى 5 يۈەن، يېرىم يىللىقى 15 يۈەن، پۈتۈن يىللىقى 30 يۈەن. مۇشتەرىلەرنىڭ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنىڭ 2002 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇشتا پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22 - 58 نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقانداق جايدىكى پوچتىخانىلاردا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتمەكچىمىزكى، ژۇرنىلىمىزدا مەخسۇس تارقىتىش خادىمى بولمىغاچقا بىۋاسىتە مۇشتەرى قوبۇل قىلىنمايدۇ، شۇنداقلا 2002-يىلدىن باشلاپ پارچە سېتىش كەسپى يولغا قويۇلمايدۇ. شۇڭا مۇشتەرىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى سورايمىز.

- كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# ئۇنىۋېرسال مۇلاھىزىلەر

توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى

## لېۋىنى چىشلەپ قالغان تەمەخورپارىچى
## لىي چاڭفىك

بۇ ماۋزۇنى كۆرگەندىن كېيىن ،لېۋىنى چىشلەپ قالغان تەمەخورپارىچى نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم ئىكەن؟ تائەت-ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان سوپىمىدۇ ياكى تورۇستا يامىشىپ ماڭىدىغان ئۈچار باتۇرمىدۇ ۋە ياكى يۇرتمۇ يۇرت يۈرۈيدىغان ئابدالمىدۇ؟ دەپ سوئال قويىشىڭىز مۇمكىن.

گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلسام، ئۇ بىر لامزەللە، دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرۇدىغان، قۇلاققا كىرىپ تۇرۇدىغان،كىشىنى زەردىگۈش قىلىدىغان بىر نەرسە،مەنسەپ تەمە قىلىپ پارە سۇڭگۇتىدىغان پارىچى. ئۇنداق ئادەملەر مەنسەپ تەمەسى بىلەن پۇل سۇڭگۇتۇپ،مەنسەپنى قولغا كەلتۈرەلمىگەندە لېۋىنى چىشلەپ قالىدۇ.

ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ مىڭچىڭ ناھىيىسىگە قاراشلىق مەلۇم بىر يېزا بازىرىدىكى پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى سېكرېتارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتى بىلەن 100مىڭ يۈەن سوۋغات بەرگەن،لېكىن ئاتقان بۇ ئوقى نىشانغا تەگمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاخىر يەنىلا مۇئاۋىنلىقىدا قېلىۋەرگەن. شۇنداق بولسىمۇ،تەسەللىي بېرىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەش قەغىزىگە «بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىك» دېگەن سۆز تىرناق ئىچىگە قىستۇرۇپ قويۇلغان.ئەمما تەيىنلەش ھۆججىتى ئېلان قىلىنغاندا ئۇ تولىمۇ بىئارام بولۇپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتكەن(«خېنەن قانۇن-تۈزۈم گېزىتى» نىڭ 2000-يىل 7-ئۆكتەبىردىكى سانىغا قاراڭ). 100مىڭ يۈەن پۇل بىكارغا كەتسە،بەرگەن پارىلىرى كارغا كەلمىسە، يىغلىماي ئەمىسە؟

100مىڭ يۈەن ئۇچۇن ئۆرتىنىپ ياش تۆككەنلىكى تولىمۇ چاكىنىلىق؛ بۇنداق ئادەملەرنى پارە بېرىپ لېۋىنى چىشلەپ قالغانلار ئىچىدە تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن سويىما شاگىرت قاتارىغا كىرگۈزۈشكىلا بولار.شۇمۇئاۋىن سېكرېتار دەرد-ھەسرەتكە چىدىماي بىنانىڭيۇقىرى قەۋىتىدىن ئۆزىنى تاشلىۋالماسلىقى ئۈچۈن ۋەياكى زەھەر ئىچىۋالماسلىقى ئۈچۈن، شۇنداق لېۋىنى چىشلەپ قالغان چوڭراق پارىچىدىن بىرىنى ھازىر ھازىر قىلايلى، سويىما شاگىرت كۆرۈپ باقسۇن:

گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى يۈلىن ۋىلايىتى لۇچۇەن ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ۋۇدىيۇ ئۆزىنىڭ مەنسەپ تاجىسىدىكى «مۇئاۋىن» دېگەن سۆزنى يوقىتىۋېتىش

ئىبرەتلىك پاراگلار

ئۈچۈن،قۇرۇلۇشنى كۆتىرە قىلىپ ئالغۇچى جان دوستى چيۇ بىلەن مۇ قولدىشىپ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن،چيۇنىڭ پۇل چىقىرىشى بىلەن ھاكىملىقنى سېتىۋالماقچى بولىدۇ.شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرىنچى قەدەمدە ئۆز ۋاقتىدىكى يۇلىن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى يۇفاگىلىننى نىشان قىلىپ تاللىۋېلىپ(يۇفاگىلىن پارە ئالغانلىقى ئۈچۈن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا تارتىلدۇ) ،تۆت قېتىمدا 900مىڭ يۈەن سوۇغۇتۇپ بېرىدۇ،لېكىن يۇفاگىلىن ئۇنىڭغا«ئىشنى توغرىلاپ»بەرگىچە بىر بۇيرۇق بىلەنلا يۇلىن ۋىلايىتىدىن يۆتكىلىپ كېتىپ قالىدۇ. ۋۇدىيۆ شۇنچە پارە بېرىپ ،ئاخىرى لېۋىنى چىشلەپ قالىدۇ،900نەچچە مىڭ يۈەن پۇلى بىكارغا كېتىدۇ.

ۋۇدىيۆ تەرسالىقىدىن يانماي ھەسرەت بىلەن :«خۇددى تاڭ ئاتقاندا ئۇرنىدا يېتىپ سىيىپ قويغانچىلىك بىر ئىش بولدى»دەيدۇ-دە، يەنە بىر نىشاننى قارىغا ئالىدۇ،تېخىمۇ يۇقىرى يەردىن يوچۇق تاپماقچى بولىدۇ.ئۆز ناھىيىسىدە قولىدىن ھەر ئىش كېلىدىغان بىر«سودىگەر»بارلىقنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا كىشى قويۇپ ياردەم سورايدۇ.«سودىگەر»ھە دېگەندىلا:«قەدەم ھەققى»ئۈچۈن100مىڭ يۈەن بەرسۇن، ئىش پۈتسۇن-پۈتمىسۇن،بۇ«قەدەم ھەققى»نى ئىتۈرۈۋالمىسۇن، دەيدۇ. ۋۇدىيۆ بۇ پۇلنى چىۋىقىغىمۇ ئالماي قول دەيدۇ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مەلۇم رەھبىرىگە پارە قىلىپ بېرىشكە يەنە 800مىڭ يۈەن پۇل بېرىدۇ.نەتىجىدە بۇنىڭ ناقىۋىتى «يەنە بىرئاز ۋاقىت سەبىر قىلىپ تۇرسۇن»دېگەن چىرايلىق گەپ بىلەنلا تۈگەيدۇ.

ۋۇدىيۆ دەرەخكە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالمايدۇ.بىركۈنى ئۇنىڭ بىرجان دوستى ئۇنىڭغا خېچى ۋىلايىتىدىكى مەلۇم بىر زاۋۇتنىڭ باشلىقى«ئاپتونوم رايون»نىڭ مەلۇم بىر رەھبىرى بىلەن قەدىناس دوست ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.ۋۇدىيۆ جان دوستىدىن ئۇنىڭ بىلەن دەرھال كۆرۈشتۈرۈشنى ئۆتۈنىدۇ. زاۋۇت باشلىقى ئىنسابىنى قايرىپ قويۇپلا،1مىليون 80مىڭ يۈەن ھەق بېرىشنى ئېيتىدۇ.ۋۇدىيۆ چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بانكىدىن بىۋاستە ئالغىلى بولىدىغان چەك كېسىپ بېرىدۇ.

مەنسەپ تەمەسىدە خۇدىنى يوقىتىش دەرىجىسىگە يېتىپ قالغان ۋۇدىيۆ شۇ چاغدا خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن ئادەمدەك ئالدىغا نېمە كەلسە يۇپ دېمەي يەيدىغان ھالەتكە كەپقالىدۇ. 1مىليون 80مىڭ يۈەن پۇلدىن بىرەر سادا چىقماي تۇرغاندا، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ مەلۇم رەھبىرى گۇاڭشىنىڭ مەلۇم رەھبىرى بىلەن ئۇرۇق-تۇغقان ئىكەنلىكىنى،شۇنىڭغا ئازغىنە پۇل خەجلىسە،مۇئاۋىنلىقتىن ئاسانلا كۆتۈرۈلەلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ،يەنە بانكىدىن 600مىڭ يۈەنلىك بىر«مۇدەنگۇل» كارتىسىنى توغرىلاپ،دوستىغا «خېبېيگە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتتۈش»نى ھاۋالە قىلىدۇ.

1998-يىلى 30-ئىيۇندا ۋۇدىيۆ ئىشخانىسىدا خۇش خەۋەر كۈتۈپ ئولتۇرغاندا، ئىككى قولىغا مۇزدەك ئىسكەنجە سېلىنىدۇ،3مىليون500مىڭ يۈەن خەجلەپ ھاكىملىقنى قولغا كەلتۈرۈش خام خىيالى ئاخىر مازاققا ئايلىنىدۇ(«خېبەن قانۇن-تۈزۈم گېزىتى»نىڭ 2000-يىل 16-دېكابىر سانىغا قاراڭ) .

ھازىرقى كۈندە مەنسەپ تەمەسى بىلەن پارە بېرىدىغانلار ئىتتىنىڭ تۈكىدەك ئاۋۇپ كەتتى.سوۇغۇتكەن پۇللىرى خۇددى ئىتنى پېتىر مانتا بىلەن ئۇرغانغا ئوخشاپ قالغان ئادەملەر ئاز ئەمەس. لېۋىنى چىشلەپ قالغانلار بىر بولسا نادامەتتە ۋايساپ ئاھ ئۇردى، بىر بولسا دەرد-ئەلەم بىلەن پوتلىسىنى ئېقىتىپ يىغلىدى ياكى ئاغزىغا كەلگەننى بوغىزىغا يۇتماي ۋالاقشىپ تىللىدى، يۈزىنى ئېلىپ كۆتىگە چاپلىدى. لېكىن ۋۇدىيۆگە ئوخشاش ۋايساپمۇ يۇرمەي،پۇشايمانمۇ يىمەي،يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ دېگەندەك بىر قېتىمدا ئىشى پۈتمىسە ئىككىنچى قېتىم،ئۈچىنچى قېتىم ھەتتا تۆتىنچى قېتىم ئۇرۇنۇپ،نەچچە مىليون يۈەن پۇلنى سەرپ قىلغان، ھەر قېتىم ئارماندا قالسىمۇ يەنە كاجلىق بىلەن ئۇرۇنغان ئادەمدىن دۇنيادا قانچىسى باردۇ؟! شۇنداق ئادەمگە لېۋىنى چىشلەپ قالغان پارىچىلارنىڭ «ئۇستازى»دەپ ئۇنۋان بېرىلسە، مۇناسىپ كېلىدۇ!

چىرىكلىكنىڭ ئەۋجىگە چىقىپ قايسى دەرىجىگە بېرىپ قالغانلىقنى ۋۇدىيۆنىڭ ئەھۋالىدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ.بۇنداق ئەدىشكە بەرھەم بېرىش ئۈچۈن ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشقا ئوبدان تەييارلىق كۆرۈش كېرەك. بۇ ماقالە ئاخىرلىشىپ تۇرغاندا ،مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەملىكەت خەۋەرلىرى»دىن شەرقىي شىمالدىكى مەلۇم بىر جايدا كادىرلارنى ئۆستۈرۈشتە «جامائەتكە ئېلان قىلىش»تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ دېرىكى كەلدى؛يېقىندا چىققان گېزىتلەرنى ۋاراقلاپ قارىسام، يېڭى ئەسىرنىڭ تۇنجى يىلىدا پارە بەرگۈچىلەرگە قاتتىق پەشۋا بېرىش توغرىسىدا خەۋەر بار ئىكەن. پاكلىقنى تەرغىب قىلىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئىشىمىز خۇددى قارا بۇلۇتلارنى سۈرۈپ يوقىتىدىغان شىددەتلىك بوراندەك ئەۋج ئالغاي،مەنسەپ تەمەسى بىلەن پارە بەرگۈچى مۇناپىقلارنى سۈرۈپ -توقاي قىلغاي! شۇنداق بولسا، ۋۇدىيۆنىڭ ئۈچ يېرىم مىليون يۈەنگە خام خىيال سېتىۋالغىنىدەك رىۋايەتلەر دۇنياۋى جىننىس رېكورتى بوپقېلىشى مۇمكىن.

---

بۇ مۇھاكىمە «فېلىيەتون گېزىتى»نىڭ 2001-يىل 13-مارت سانىغا بېسىلغان.

## 4000نەپەر گۇمانلىق جىنايەتچىنى كىم قاچۇرۇپ قويىدى؟

رۇمن جى

ئالىي تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى 18-يانۋار تېلېۋىزىيە تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، قېچىپ كەتكەن گۇمانلىق خىيانەتچى -پارىخورلارنى ئالاھىدە ئىز-دېرەكلەپ تۇتۇش خىزمىتىنى پۈتكۈل مەملىكەت بويىچە

قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى.بۇ زور جىنايەتچىلەر توپىدىكى ئادەملەر4000دىن ئاشىدۇ. بۇ چىرىك ئۇنسۇرلار گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى بويىچە ئەڭ چوڭ تۈرمىلەرنى بوشاتقان تەقدىردىمۇ سىغمايدۇ.ھازىر چىرىگەن ئۇنسۇرلارنىڭ كۆپلىكىگە ھەيران قالمايدىغان بوپقالدۇق. ھېلىغۇ 4000 ئادەم ئىكەن، پۈتكۈل مەملىكەت بويىچە 400 مىڭ ئادەمدىن چىرىكلىك قىلمىشلىرى پاش بولسىمۇ، ھەيران قالمايدىغان بوپقالغانىدىم. لېكىن شۇنىسى مېنى ھەيران قالدۇرۇۋاتىدۇكى،4000ئادەم جەمئىي بەش مىليارد يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى يەنى ئادەم بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا 1مىليون 200مىڭ يۈەن پۇلنى ئەپقاچقان. مانا بۇ بىر غەلىتە ئەھۋال. مەلۇم بىر جايدىكى تەپتىش ئورگىنى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ خىزمەتتىكى بىپەرۋالىقى سەۋەبى بىلەن بىر-ئىككى گۇمانلىق جىنايەتچى قېچىپ كەتكەن بولسا، بۇنى نورمال ئەھۋال دېيىش مۇمكىن.بىر قاچقاندا 4000ئادەم قاچسا،ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن پۇل بىلەن قاچسا،شۇ «خىزمەت ۋەزىپە»سى بار گۇمانلىق پارىخور-خىيانەتچىلەرنى تولىمۇ «ھېلىگەر»ئىكەن دېمەي تۇرالمايمىز.لېكىن بىزنىڭ ھەردەرىجىلىك ھۆكۈمەتلىرىمىز،جامائەت خەۋپسىزلىكى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىمىز ئىقتىدارسىز ئىكەن،دېيىلسە بۇ گەپكە ئىشەنمەيمەن.

پالانى يېزىدا،پۈكۈنى بازاردا جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى يېزا-بازارلىق ھۆكۈمەتكە ماسلىشىپ،دېھقانلاردىن تۈرلۈك ھەق-خىراجەتلەرنى ئېلىشىپ بەرگەن،بەزى دېھقانلار 10_20يۈەن دېگەندەك چاغلىق پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ،باشقا يەرلەرگە قېچىپ كەتكەندە ئاخىر ئۇلارنىمۇ «تەكەللۇپ» بىلەن قايتۇرۇپ كېلىپ، تۆلىمىگەن ھەقلىرىنى تۆلەتتۈرگەن ئەھۋاللارنى گېزىتلەردىن بىلىپ تۇرغانىدۇققۇ! كىمكى قۇتۇلۇپ قالىمەن،دېسە، كېلەر يىلى يەنە شۇ دېھقانچىلىق قىلىدىغان يەرلىرىنىڭ مېھرىدىن كەچمىگىچە،قۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەنە شۇنداق بوش قويۇۋەتمەيدىغان «ئۇستىلىق»نېمە ئۈچۈن شۇ4000ئادەمگە بالدۇرراق قوللىنىلمايدۇ؟ بەش مىليارد يۈەن دېگەن ئاز پۇلمۇ؟ نېمىشقا غانجۇغا بىلەن بوپكېتىپ،ئاتنى قاچۇرۇپ قويىمىز؟شۇ «خىزمەت ۋەزىپىسى»بار ئادەملەرنى بىكاردىن بىكار قاچۇرۇپ قويغىنىمىز نېمىسى؟ شۇ4000ئادەم شۇنچە ھېلىگەرمۇ؟ياكى شۇ4000ئادەمنى باشقۇرىدىغان رەھبەرلەر ياكى تارماقلار تولىمۇ ئىقتىدارسىزمۇ؟

تەكشۈرۈش كېرەك.ئەگەر ھاكىم شۇنداق نۇرغۇن پۇل بىلەن قاچقان بولسا،شۇ ناھىيىنىڭ پارتكوم سېكرېتارىنى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ سېكرېتارىنى، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى تەكشۈرۈش كېرەك، ھېچقانداق چېتىشلىقى يوق ئىش بولماس؛ئاممىنىڭ ئاغزىدا مىش-مىش گەپ بولغان،ئاما پاش قىلغان ئەھۋاللاربولماي قالماس. شۇ تارماقلار خەلقنىڭ باجغا تاپشۇرغان پۇلى بىلەن تۆرە بولۇپ تۇرۇقلۇق،خىيانەتچىلەرنى قاچۇرۇپ قويسا، ئۇلار «تىل بىرىكتۈر»مىگەن،خىيانەتچىلەر بىلەن ئۆلپەتلەشمىگەن تەقدىردىمۇ،لېكىن ئۇلارنىڭ خىزمەتتىكى «بىپەرۋا»لىقى ئوبيېكتىپ جەھەتتە چىرىكلىككە يول قويغانلىقىدۇر.خىزمەت ۋەزىپىسى بار ئادەملەر چەت ئەلگە بارماقچى بولسا، رەت قالدۇرۇش تۈزۈمى بارغۇ، ياكى چەت ئەلگە مېڭىشتىن ئىلگىرى مالىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈش تۈزۈمى بارغۇ.

ماقالىدا شۇنداق يازغىلى بولىدۇ،لېكىن ئىش يۈزىدە شۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھازىرقى كۈندە كىچىككىنە خىزمىتى بار بىرەر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسى ، مۇناسىۋەت دائىرىسى ئىچىدە ئاز-پاز پۇل جايلىمىقى،ئاندىن كېيىن چەت ئەلگە چىقىش رەسمىيەتلىرىنى باپلىمىقى گويا مېنىڭ خوتۇنۇمدىن ئالداپ-سىلاپ بىرنەچچە تەڭگە ئېلىپ، بىرەر تاماشىخانىغا بېرىپ بىرەر قېتىم كۆڭۈل ئاچمىقىدىنمۇ ئاسانلىشىپ قالدى.بۇنىڭغا جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭمۇ كارى يوق.گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى خېپۇ ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى 2000-يىل باھار بايرىمىدا چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلمەسلىك غەرىزى بىلەن،ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارىغا تېلېفون بېرىپ:«مەندىن ئىستىپا،ھاكىملىقنى تاشلىدىم» دەپتۇ. كېيىن تەكشۈرۈپ قارىسا، ئۇ ھېلىقى 4000ئادەمنىڭ بىرى ئىكەن؛ ئۇ قانچىلىك ھۆكۈمەت پۇلىنى ئەپقاچتى، ئۇنىڭ چەت ئەلگە قاچقانلىقىغا كىم جاۋابكار،ھازىر تېخى بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئاخىرى چىققىنى يوق.لېكىن ئەپكەتكەن پۇل، 5مىلياردنى 4000ئادەمگە تەقسىم قىلغاندا،ئوتتۇرا ھېساب بويىچە چىقىدىغان ساندىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىدا شەك يوق.

قاشانى پۈختىلاشتىن مەقسەت — پەقەت بۆرىدىنلا ھەزەر قىلىش ئەمەس،تولىسىغا ئۆزىمىزنىڭ قويلىرىنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكىدىن ھەزەر قىلىش.ھازىر قاشا تاملىرىمىز بار،لېكىن ئىشىكلىرى ھەددىدىن زىيادە كۆپ. تېخىمۇ كۈلكىلىك يېرى شۇكى، ھەربىر قوينىڭ بېشىدا بىردىن«تىلسىم ئاچقۇچ ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ، ئۇلار قايسى ئىشىكتىن ماڭغۇسى كەلسە، «كىرىپ-چىقىش ئەركىن»لىكى ئۆز قولىدا.4000ئادەمنىڭ 5مىليارد پۇل بىلەن قېچىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ.

بىزنىڭ خىزمەتلىك كادىرلارنى باشقۇرۇش تۈزۈمىمىزدە يەنە تېخى ئېغىر نۇقسانلار بار ئىكەن، ئۇنداق بولمىسا بىرەر «رەئىس جۇمھۇر»مۇ قېچىپ كېتەلمەيدۇ،خىزمەتلىك 4000گۇماندار خىيانەتچى — پارىخورنىڭ قېچىپ كېتىشى تېخىمۇ ماھال گەپ.

قېچىپ كەتكەن 4000ئادەمنى تۇتۇپ كېلىش توغرا كەلسە، مېنىڭچە، يەنە 5مىليارد پۇل خەجلىگەن بىلەنمۇ ئىش پۈتمەيدىغاندەك قىلىدۇ.

دېمەك، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ بايلىقىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن ئامال تاپماي بولمايدۇ، خىيانەت قىلىش نىيىتى بارلار خىيانەتتىن قولىنى يىغىدىغان بولسۇن؛ ئىگىسىنىڭ پېتىرمانتىسىنى يەۋېلىپ،ئىگىسىنى تاشلاپ كەتكەن ئىت ئاخىر قۇسۇشى مۇمكىن،لېكىن قۇسقانلىرىمۇ ئىت پوقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

---

بۇمۇھاكىمە«فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2001-يىل 23-مارت سانىغا بېسىلغان.

# «خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى قاچۇرۇپ قويۇش»نىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا

لۈيۈرەن

«فېلىيەتون گېزىتى»نىڭ 23-مارت سانىدا ئېلان قىلىنغان «4000 نەپەر گۇمانلىق جىنايەتچىنى كىم قاچۇرۇپ قويدى؟» سەرلەۋھىلىك، رۇەن جى ئىمزالىق ماقالىدە چېرىكلىككە قارشى تۇرۇش، جىنايەتچىلەرنى جازالاش توغرىسىدا بىر يېڭى مەسىلە بايان قىلىنىپتۇ. شۇ ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن،گەپنىڭ چالا قالغانلىقىنى،چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىش زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم.

رۇەن جى ئەپەندىنىڭ بايان قىلىشىچە،18-يانۋاردا ئالىي تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى تېلېۋىزىيە تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، قېچىپ يۈرگەن گۇماندار خىيانەتچى - پارىخورلار(يەنى خىيانەتچى ئەمەلدارلار)نى جىددىي ئىزدەپ تۇتۇش توغرىسىدا مەملىكەت بويىچە تاپشۇرۇق بەرگەن؛ شۇ خىيانەتچىلەر 4000 دىن، خىيانەت قىلىپ ئەپقاچقان پۇلى 5 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىكەن، ھەربىرىگە 1 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن توغرا كېلىدىكەن. دېمەك بۇ ھەقىقەتەن چېرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، خىيانەتچىلەرنى جازالاشقا دائىر يېڭى مەسىلە ئىكەن. شۇ 4000 دىن ئارتۇق خىيانەتچى ئەمەلدار قانداق قاچۇرۇپ يۈلدى؟

بۇ ھەقتە رۇەن جى ئەپەندى «تەكشۈرۈپ كۆرۈش لازىم» دەپتۇ. بۇ ناھايىتى ياخشى گەپ،ناھايىتى توغرا!

«خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى قاچۇرۇپ قويۇش»نىڭ سەۋەبى نېمە؟ رۇەن جى ئەپەندى ماقالىسىدە بىر تەرەپلىمە گەپ قىلىپ :«خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى قاچۇرۇپ قويغانلار (خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ ئۈستىدىكى باشلىقلار،جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى،قانۇن ئورگانلىرى،ئىنتىزام تارماقلىرى)قاچقانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرمىگەن» ، ئۆلپەتلەشمىگەن تەقدىردىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ خىزمەتتىكى بىپەرۋالىقى ئوبيېكتىپ جەھەتتە چېرىكلىككە يول قويغانلىقتۇر دەپتۇ. «تىل بىرىكتۈرمىگەن، ئۆلپەتلەشمىگەن» دېگەن خۇلاسە تولىمۇ مۇتلەقلەشتۈرۈلگەن خۇلاسىدۇر. قېنى ئۇنداقتا شۇ 4000 خىيانەتچىنىڭ قېچىش ۋاقتىدا ھېچبىرىنىڭ تىل بىرىكتۈرمىگەنلىكى،ئۆلپەتلەشمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان ئادەم بارمۇ؟ مەلۇم بىر يەردە بىرنەچچە «باج خىيانەتچىسى» ،«بانكا خىيانەتچىسى» چاتاق چىقىدىغانلىقىنىڭ «شەپىسىنى ئاڭلاپ» ،خىيانەت قىلغان پۇللارنى ئەپقاچىدىغان چاغدا ئالدىرىماي - تېنىمەي ئوبدان تەييارلىق كۆرۈپ،بىمالال قېچىپتۇ، ھەتتا ئەر-خوتۇن بىللە بىخىرامان قېچىپتۇ. قېچىپ كەتكىنىگە بىر قانچە يىل بولغان بولسىمۇ ھازىرغىچە تېخى «ئومۇمىي تۇتۇش بۇيرۇقى» چىقىرىلماپتۇ،ئۇلار ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان خەۋپ - ئەندىشىسىز بىخىرامان قېچىپ يۈرۈپتۇ.شۇ خىيانەتچى چاشقانلارنى ئوغرى مۈشۈكلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرمىگەن،ئۆلپەتچىلىكى يوق، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ بۇ،«قوي يوقالغاندىن كېيىن قوتاننى پۇختىلاش» ئەمەس، بەلكى «قوتاننىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ قوينى قاچۇرۇش» دۇر؛ بۇ،«خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك» ،«خىزمەتتىكى سەھۋەنلىك»مۇ ئەمەس، بەلكى «مۈشۈك بىلەن چاشقان تېپىشىپ قالغان»لىقى،«مۈشۈكنىڭ چاشقاننى ئاۋايلاپ قاچۇرغانلىقى» مەسىلىسىدۇر .ئەلۋەتتە،شۇ 4000 خىيانەتچى چاشقاننىڭ ھەممىسىنى «مۈشۈك بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ» قېچىپ كەتكەن دېگىلىمۇ بولمايدۇ،كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

قىسقىسى، «خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى قاچۇرۇپ قويۇش»نىڭ سەۋەبى يالغۇز بىرلا بولماي،ئۇنداق، يا مۇنداق بولۇشى مۇمكىن؛«ئىز قوغلاپ تۇتۇش» كۈچسىز بولۇشىنىڭمۇ سەۋەبى بىرلا بولماي،ئۇنىڭمۇ يەنە ئۇ خىل ياكى بۇ خىل سەۋەبلىرى بولۇشى مۇمكىن.قانداقلا بولمىسۇن، ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، كۆپرەك تەھلىل قىلىش لازىم.ئوبدان تەھلىل قىلغاننىڭ پايدىسى چوڭ بولىدۇ. ھەر ھالدا كېسەلگە قاراپ دورا بەر دېگەندەك ،«قاشا - قوتاننى پۇختىلاپ» ،ئوقنى نىشانلىق ئېتىپ،ئۆزىگە پۇختا بولغانغا يەتمەيدۇ.

---

بۇ مۇلاھىزە «فېلىيەتون» گېزىتىنىڭ 2001-يىل 17-ئاپرېل سانىغا بېسىلغان.

# قاراڭلار،بۇ جىن قوغلاش پائالىيەتلىرىنى!

چېن سى

ئالەمنىڭ بىنا بولۇشىدا جىن - ئەرۋاھ بارمۇ؟

بۇ ھەقتە ئېلىمىزدىكى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە ياشىغان شۈڭ كۇاڭدىن تارتىپ قەدىمكىي يۇنانىستانلىق ھېراكلىتقىچە 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بەھس - مۇنازىرە بولغانىكەن. مانا ھازىر نازۇك پەن-تېخنىكا راۋاج تېپىۋاتقان بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز، ئىنسانىيەت ئايغا قەدەم بېسىپ چىقتى، ئەمدى مارسقا قاراپ يول ئالماقتا. مۇشۇنداق بىر چاغدا شۇ مەسىلىنى يەنە تىلغا ئېلىش ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟

مانا بۇ خاتىرىلەرگە قاراڭ:

1999-يىلى 18-ئۆكتەبىردە گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى داخۇا ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىدىكى تەن جيەنئەن قاتارلىق ئۈچ مۇئاۋىن باشلىق يېڭى ئۆيگە كۆچۈش ۋاقتىدا ئامان-ئېسەنلىكنى تىلەپ،يېڭى بىنادا زور كۆلەمدە جىن قوغلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزگەن.

2000-يىل 19 سىنتەبىردە چاڭشا شەھىرى شۇاڭفېڭ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ساقچىسى زېڭ خېشەن ئېگىز بىنادىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتكەندە، مەھكىمە پارتكومۇپىيسى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ، جىن-ئەرۋاھلارنى

قوغلاش ئۈچۈن «پىرخون» تەكلىپ قىلغان. «جىن - ئەرۋاھلارغا يول ئېچىپ بېرەيلى» دەپ پىرخوننىڭ باشچىلىقىدا مەھكىمە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدىن تارتىپ ھەرقايسى ئىشخانىلار، گاراژ، ئارخىپ بۆلۈمى، سوراقخانا ھەتتا باشلىقلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىگىچە بېرىپ، داقا-دۇمباقلارنى چېلىپ، روھ-ئەرۋاھلاغا ئاتالغان جىن قورچاق ۋە نوكچىلارنى كۆتىرىپ پىرە ئوينىغان.

يەنە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى پالغا ئىشىنىپ، رەم باقتۇرغان، ئاتا-بوۋىسىنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرغان.

جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايەت دېلوسىنى پاش قىلىشقا پالچى تەكلىپ قىلىپ، ئەما پالچىغا پال باقتۇرغان.

.......

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كوممۇنىست، بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدىغان رەھبەرىي كادىرلارمۇ بار. ئۇلارنى «پۇقراغا ئوخشاشلا...» دېسەك ھۆرمەتسىزلىك بولار؛ پارتىيىگە ئىدىيىدە كىرمىگەن دېسەك، راست گەپ قىلغان بولىمىز. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدۇر. پارتىيىنىڭ ھەر بىر ئەزاسىغا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈشى شەرت، دەپ تەلەپ قويغىلى بولمايدۇ، لېكىن ماتېرىيالىزمغا ئېتىقاد قىلىشى شەرت، مانا بۇ لاياقەتلىك پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئەقەللىي ئۆلچىمىدۇر.

بۇرۇنقى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ۋاڭ چۇڭ دېگەن ئالىم جىن - ئەرۋاھنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىنكار قىلغان؛ جەنۇب سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ئالىم فەن جىن ھەم روھ بىلەن جىسىمنىڭ بىرلىكىنى شەرھىيلەپ بەرگەن. كوممۇنىستمەن دەپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ بۇنىڭدىن مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ياشىغان ئادەملەرچىلىكمۇ بولالماي، جىن - ئەرۋاھلارنى قوغلايمىز، دەپ ئەخمەقلىق قىلىشى تەنمۇ ياكى بىچارىلىقمۇ؟ ئۇلار پارتىيە بايرىقى ئالدىدا قەسەم بەرگەن، «يوق ئەزەلدىن قۇتقۇزغۇچ خۇدا، ئىشەنمەيمىز ئەۋلىيا، خانغا» دەپ «ئىنتېرناتسىئونال» مارشىنى ئوقۇغان. ئۇلار بىر بولسا بۇنى ئۇنتۇپ قالغان، ياكى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن!

جىنغا ئىشىنىدىغان، جىندىن قورقىدىغان ئادەم بولغانىكەن، جىن - ئەرۋاھ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ھىيلە-مىكىر قىلىدىغان، مال-دۇنيا توپلايدىغان ئادەم چىقىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، بىزمۇ جىن قوغلىشىمىز - فېئودال خۇراپاتلىقلارنىڭ قالدۇق زەھەرلىرىنى، بارلىق بىدئەتلىك ئالۋاستىلىرىنى يوقىتىشىمىز لازىم. قەدىمكىلەر بىلىم ئال، ئەمەل قىل، دەيدۇ. پارتىيىنىڭ ئۆگىنىش جەھەتتىكى ئېسىل ئىستىلى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىشتۇر. نەزەرىيىنىڭ كۈچى ئەمەلىيەتتە كۆرۈلىدۇ. دۆلىتىمىزدە تەشۋىقات، تەلىم-تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىدېئولوگىيە خادىملىرى مىليونلىغان سانىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلار جىن - ئەرۋاھلارنى قوغلاش قوشۇنىمىزنىڭ ئاۋانگارتلىرى، ئىدېئالىزم تۇمانلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلايدىغان باشلامچىلاردۇر. لېكىن «فالۇن گۇڭ» ئەۋج ئالغان، ئىدېئالىزم جاھاننى قاپلىغان بىر چاغدا غەزەپ بىلەن كۆكرەك كېرىپ چىققان ئادەم فىزىكا ئالىمى خې زوشيۇ بولدى! سىياسىي نەزەرىيىچىلىرىمىز، پەلسەپە پروفېسسورلىرىمىزنىڭ چولىسى تەگمىدى. ئۇلار ئوقۇغۇچىلارغا، مەۋجۇدىيەت ئاڭنى بەلگىلەيدۇ، بەزىلەرنىڭ ئاڭ يەرشارىنىڭ پارتلىشى ياكى پارتلىماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ، دېيىدىغان قاراشلىرى بولسا، بىز تەتقىق قىلىۋاتقان مەزمۇن بىلەن مۇناسىۋەتسىز، دېيىدىغان دەرسلەرنى سۆزلەش، توم-توم كىتاب يېزىش بىلەن ئاۋارە. ئۇلار چوڭ-چوڭ ئەسەرلەرنى يېزىپ، كىتاب بازارلىرىغا سېلىپ، قىرائەتخانىلارغا كىرگۈزۈپ، مەشھۇر ئادەملەر قاتارىغا ئۆتمەكچى. «ئىبادەت» تۈرلۈك كېسەلنى دەپئى قىلىدۇ، كېسەلنى دورا يېمەيمۇ ساقايتقىلى بولىدۇ، دېيىدىغان ئەقىدىلەرنىڭ، 700 قانچە ئادەمنىڭ شۇنداق سەۋەبتىن ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۇنۋان ئېلىشى، قوشۇمچە مائاش ئېلىشى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بولسۇن؟!

تېخىمۇ يامىنى شۇكى، شەھەرلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ بىر مۇئاۋىن مۇدىرىنىڭ بويى بىلەن تەڭ دېگۈدەك ئەسەرلىرى بار ئىكەن، ماركسىزم - لېنىنىزمدىن بىلىمى ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەن. ئۇ ھەتتا «فالۇن گۇڭ»دا ماتېرىيالىزم ئامىلى بار، دەپ دەلىللەپ بېرەلەيدىكەن. ئۇ تىلىدىن غۇنچە چېچەكلىتىپ، مىكيانىنى ئۆردەككە ئايلاندۇرالارمىش. دېمەك «ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىچىسى» بىدئەتنىڭ ھامىيسىغا ئايلىنىپ قالغان. بەزىدە، جوڭگودا بەزى نەزەرىيىچىلەر سەپسەتىنى دىئالېكتىكا دەپ بازارغا سېلىشقا ئۇستا، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغىنىمدا، ئۇنداق گەپلەرگە ئىشەنگۈم كەلمىگەنىدى، مانا ئەمدى ئىشىنىۋاتىمەن.

شۇاڭفېڭ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدە جىن قوغلاش ئەخمەقلىقى بەش-ئالتە سائەت داۋام قىلغان، پىرخونغا 600 يۈەن سەدىقە بېرىلگەن. پۈتكۈل مەھكىمىدىكى كادىرلار ساقچىلار ۋە رەھبەرلەرمۇ سۈكۈت قىلىشنى ئالتۇندەك قەدىرلىك بىلگەن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ھېلىقىدەك ئەخمەقلىقلەرگە قارشى چىقمىغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جىنغا ئىشىنىشى، جىندىن قورقۇشى ناتايىن؛ ئۇلار جىندىن قورقىدىغان پارتكومنىڭ قارارىدىن قورققان.

بۇ ئەھۋالدىن مەلۇمكى، فېئودال خۇراپاتلىققا، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشتە دادىل بولۇش ھەممىدىن مۇھىم. دۇنيادا جىن يوق، لېكىن كۆڭۈلگە جىن كىرىۋالغاچقا، جىن مەۋجۇد بوپقالغان. خې چىفاڭ ئەپەندى تۈزۈپ چىققان «جىندىن قورقماسلىق توغرىسىدا ھېكايىلەر»نى ماۋزېدۇڭ ئۆگىنىشكە تەشەببۇس قىلغانلىقتىن، بىر چاغلاردا ناھايىتى ياخشى تەربىيىۋى رول ئوينىغان؛ ھازىر ئۇ كىتاب نەشردىن توختاپ قاپتۇ. مېنىڭچە، شۇ كىتاب ياخشى قوللانما، ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ.

ئالدى بىلەن، جىندىن قورقمىغاندا، ئاندىن ماتېرىيالىزمچە تارىخ قارىشىنى تىكلىگىلى، كۆڭلىمىزدىكى ۋە ئەل ئىچىدىكى جىن-ئەرۋاھلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

---

بۇ ئەسەر «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2001-يىل 30-يانۋار سانىغا بېسىلغان.

# ئىدارە باشلىقىغا بېغىشلانغان تەزىيەنامە

(قىسقارتىلمىسى)

جۇ فېڭلىن

(قىسقىچە تەرجىمھالى قىسقارتىلدى) يولداش دۇمىڭشياڭ يۈننەن ئۆلكىسى يۈنشەن ناھىيىلىك يېزا-بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىدا باشلىق بولۇپ تۇرۇپ، 2000-يىل 11-ئىيۇلدا «ئۈرۈكلۈك كەنتى» تاماشاخانىسىدا «ھۆكۈمەت مېھماندارچىلىقى خىزمىتى» ئۈستىدە ھاراق مەستلىكى بىلەن قازاقىلدى .

يولداش دۇمىڭشياڭ «ھۆكۈمەت مېھماندارچىلىقى» خىزمىتىگە ئېتىبار بىلەن قارايتتى، ئىدارىنىڭ مېھماندارچىلىق پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەيتتى، ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلاتتى ۋە قاتنىشاتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلاتتى ۋە كۈچ چىقىراتتى. ئۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان دىم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى قۇربان قىلىپ، نەغمە-ناۋاخانا، تانسىخانا ۋە تاماقخانىلارغا بېرىپ، باشقىلارنىڭ خوتۇن-قىزلىرىغا، ھەردەرىجىلىك رەھبەرلەرگە، يەرلىك مۆتىۋەرلەرگە، باشقا يەرلەردىن كەلگەن شەيخلەرگە ئۆلپەت-ھەمراھ بولاتتى، ئۆزىنىڭ ساقى بەدەن بولۇشىغىمۇ پىسەنت قىلماي، ھەر يەردىن كەلتۈرۈلگەن ھەر تۈرلۈك ماركىلىق، گرادۇسلۇق ھاراقلارنى، ئىشتىھانى جەلپ قىلىپ تۇرىدىغان «خىزمەت ھاراقلىرى» نى ئىچەتتى. شۇ ھاراقلار يولداش دۇمىڭشياڭنىڭ جىگىرىنى زەھەرلەپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈشكە، داۋالىنىشقا چولىسى تەگمەي، ئۆز قولى بىلەن ھۆكۈمەت پۇلىغا ئالغان خىزمەت ھاراقلىرىنى تىزىپ قويۇپ، «خىزمەت تانىسى» ئورناپ تۇرغان خىزمەت ئورنىدا قازا قىلدى. بىز كەم تېپىلىدىغان ياخشى كادىردىن، خەلقنىڭ ياخشى چاكىرىدىن ئايرىلىپ قالدۇق!

يولداش دۇمىڭشياڭ «چەت-ياقا» يۈننەن ئۆلكىسىدە، يۈنشەن ناھىيىسىدە خەزىنىدە پۇل ناھايىتى قىس بولۇپ تۇرغان شارائىتتا «ھۆكۈمەت مېھماندارچىلىقى. خىزمىتى» نى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن تۈرلۈك توسقۇنلارنى يېڭىپ، ئۆز ئىدارىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى ئىزدەپ، پۇل تېپىش يوللىرىنى تېپىپ، «ھۆكۈمەت مېھماندارچىلىقى» غا سەرپ قىلىدىغان خىراجەت قىيىنچىلىقىنى ئوبدان ھەل قىلىپ، «مېھماندارچىلىق» ۋەزىپىسىنى ھەر يىلى ۋاقتى-قەرەلىدە سۈپەتلىك، نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ كەلگەن. «مېھماندارچىلىق خىزمىتى» نى ئىشلەش جەريانىدا «تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى كۈتۈۋېلىش تەرتىپى» گە پرىنسىپال لېكىن جانلىق ئەمەل قىلغان؛ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كەلسە قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاۋۋال مېھمانخانىغا جايلاشتۇرۇپ، ئاندىن كېيىن تاماق بېرىش كېرەك؛ تاماق يېگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇچا تۇتقۇچى قىزلارغا ئۇچا تۇتقۇزۇش كېرەك، ۋەھاكازا دېگەندەك ھەممە ئىشنى جايى-جايىدا ئورۇنداپ، ئىدارىنىڭ «ھۆكۈمەت مېھماندارچىلىقى» خىزمىتى يۈنشەن ناھىيىسى بويىچە يېمەك-ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش - تاماشا تىجارىتىدە زور تەسىرات پەيدا قىلىپ، ناھىيىدىكى خۇسۇسىي ئىقتىساد، ئويۇن-تاماشا كەسىپلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە يەتكۈزگەن، قالتىس ئۈلگە ياراتقان.

ئىدارە باشلىقى دۇمىڭشياڭنىڭ ياش تۇرۇپ قازا قىلغانلىقى مەركەزدىن تارتىپ يەرلىك مۇناسىۋەتلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى رەھبەرلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى تارتتى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى (2000-يىل 18-نويابىردىكى «قىزىق نۇقتىلار توغرىسىدا سۆھبەت»)، «جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتى (2000-يىل 28-نويابىردىكى خەۋەر) قاتارلىق چوڭ ئىستانسا، چوڭ گېزىت، چوڭ ژۇرناللارنىڭ دىققىتىنى تارتقان، ئۇلار بۇ ھەقتە خەۋەر تارقاتتى، تەرىپلىدى. ئىنتېرنېتلار تېخىمۇ قايناپ كەتتى، دولقۇن كۆتۈردى. يولداش دۇمىڭشياڭ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ۋە «ئۈرۈكلۈك كەنتى» نىڭ خوجايىنى بولغان چوكاننىڭ ھاياتىنى دەسمايە قىلىپ سېلىپ بېرىپ، ئۆزىگە خاس ھاراقخۇمارلىق نەتىجىسىنىڭ ۋە كەم كۆرۈلىدىغان كارامەت قىلىقلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن يۈنشەن ناھىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇ ناھىيىنىڭ داڭقىنى چىقىرىشقا ھايات ۋاقتىدا شۇنچە تىرىشىپمۇ كۆرسىتەلمىگەن زور تۆھپىلەرنى قوشتى!

ئەنخۇي ئۆلكىسى دۇڭزى ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى خامچوت سىرتىدىكى مەبلەغنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش جياڭ خىزمەت بىلەن خېفى شەھىرىگە كەلگىنىدە جيەنجياڭ مېھمانخانىسىدا لۈي خېنىم ناملىق بىر جالاپ بىلەن كېچىچە بىللە بوپتۇ. لېكىن جياڭ باشلىق چىقىمنى تېجەش، خىراجەتنى ئازايتىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، لۈي خېنىمغا تۆلەيدىغان ھەققى تولىمۇ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرگەنىكەن، نەپسى يامان لۈي خېنىم نارازى بولۇپ، جياڭ باشلىق بىلەن جېدەللىشىپ قاپتۇ ۋە ئاخىر ئاشنىسىنى تېلېفون بىلەن چاقىرىپ كەپتۇ. جياڭ باشلىق لۈي خېنىمدىن خۇمارىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ھەققىنى بېرىشتە پېخسىقلىق قىلغاچقا، لۈي خېنىمنىڭ ئاشنىسى ھۆرمەتلىك ئىدارە باشلىقى جياڭ يولداشقا ئەسەبىيلىك بىلەن بەش پىچاق ساپتۇ... جياڭ باشلىق قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى دەپنە قىلىش ھەيئىتى خېفى شەھرىدىكى «مېيىت ئۇزىتىش ئورنى» دا مەرھۇم جياڭ يولداش بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ. مالىيە ئىدارىسىنىڭ بىر قانچە رەھبىرى نەچچە 100 كىلومېتر يولنى بېسىپ، دۇڭزى ناھىيىسىدىن خېفى شەھىرىگە كېلىپ، ۋىدالىشىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپتۇ. ناھىيىدىكى ئالاقىدار تارماقلار ئىدارە باشلىقى جياڭ يولداشقا «ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن جان پىدا قىلغان» دەپ خۇلاسىلەپ قويغانىكەن. دۇڭزى ناھىيىسىنىڭ شەھەر مەركىزىدە - ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ۋە باشقا جايلارغا ئىدارە باشلىقى يولداش جياڭ «ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن بارغان يېرىدە ۋەزىپە ئۈستىدە پىداكارلىق بىلەن ۋاپات بولغان» دېگەن مەزمۇندا تەزىيەنامىلەر چاپلىنىپ بولغانىكەن. ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى 22-ئاۋغۇستتا «مېيىت ئۇزىتىش ئورنى» دا يەنە يولداش جياڭنىڭ سۆڭەك كۈلىنى دەپنە قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ، ئۇنىڭغا ناھىيە رەھبەرلىرى قاتنىشىپ، ھازا تۇتۇپتۇ؛ ناھىيىلىك مالىيە

ئىدارىسىنىڭ رەھبىرى تەزىيە سۆزى سۆزلەپ خۇلاسىلەپتۇ. دۆڭزى ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ بىر مەسئۇلى 8-نويابىر «جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتىنىڭ مۇخبىرىنى قوبۇل قىلىپ سۆھبەت بايان قىلغاندا، ئىدارە باشلىقى جياڭ يولداشنى يۈكسەك دەرىجىدە تەرىپلەپ، جياڭ يولداش «مەيلى پەزىلەت جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى خىزمەت جەھەتتە بولسۇن ئۈلگىلىك يولداش، خەلقىمىزنىڭ ياخشى كادىرى، جامائەتنىڭ ياخشى چاكىرى» دېگەن («جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتىنىڭ 2000-يىل 13-نويابىردىكى سانىغا قاراڭ).

يولداش دۇمىڭشياڭمۇ ھۆكۈمەت خىزمىتى مۇناسىۋىتى بىلەن ھاراقتا قازا قىلدى. ئۇنىڭ مەستلىكتە قازا قىلغانلىقىمۇ ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن قۇربان بولغانلىقىدۇر، خىزمەت ئۈستىدە جان پىدا قىلغانلىقىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «ياخشى كادىر، خەلقنىڭ ياخشى چاكىرى» دېگەن شەرەپلىك ئاتاققا مۇناسىپتۇر! شۇنىڭ ئۈچۈن يولداش دۇمىڭشياڭدىن ئۆگىنىپ، قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، يولداش دۇمىڭشياڭنىڭ ئورۇندىيالمىغان ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇ ئىچىپ تۈگىتەلمىگەن ھاراقنى ئىچىپ تۈگىتىپ، «ھۆكۈمەت مېھماندارچىلىقى» خىزمىتىنى تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ پۇختا ئىشلەپ، مەرھۇمنىڭ روھىنى تېخىمۇ چوڭ ھاراق نەتىجىسى بىلەن خۇش قىلايلى!

خىزمەت يولىدا شېھىت بولغان يولداش دۇمىڭشياڭنىڭ روھى تارىختا مەڭگۈ ياشايدۇ، مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ!

**پارىخور-خىيانەتچى ئەمەلدارلارغا ماتەم تۇتۇش ھەيئىتىنىڭ يولداش دۇمىڭشياڭنى دەپنە قىلىش گۇرۇپپىسى**

---

بۇ ساتىرا «كورلا كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2000-يىل 30-دېكابىر سانىدا ئېلان قىلىنغان، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل 3-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

توختى باقى ئارتىش: 79 ياش، ئاتاقلىق تەرجىمشۇناس، جۇڭگو لۇشۈن تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ لۇشۈن تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى

# خىيانەتچى ئەمەلدارلار ئىچىدە نېمە ئۈچۈن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى كۆپ؟

گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا، 6-ئىيۇن شېنياڭ شەھەرلىك 12-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 26-سانلىق يىغىنى ماشاڭدۇڭ (شېنياڭ شەھىرىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل سابىق مۇئاۋىن باشلىقى) نى لياۋنىڭ ئۆلكىلىك 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا قارار ماقۇللىغان. 5-ئىيۇن ئېچىلغان گۇاڭجۇ شەھەرلىك 11-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 25-سانلىق يىغىنىدا، زېڭ جىنرۇڭ (گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى زېڭچېڭ شەھىرىنىڭ سابىق باشلىقى) نى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىك سالاھىيىتىدىن قالدۇرۇش تەكلىپى بېرىلگەن.

خىيانەتچى ئەمەلدارلار نېمە ئۈچۈن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇۋالىدۇ؟ بۇ، بەزى جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاش شەكلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بەزى جايلار خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلىغاندا ئالاقىدار تارماقلار كۆرسەتكەن، بېكىتكەن نامزاتلارنىڭ كۆپىنچىسى ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولغان، ھۆكۈمەت ئىشىغا قاتنىشىش، ھۆكۈمەت ئىشىنى مۇزاكىرە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە غەيرىي ھۆكۈمەت خادىملىرى ئاز بولىدۇ. بىزنىڭچە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى نامزاتلىرىنى كۆرسىتىشتە مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا مايىللىشىشتەك ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىش، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىچىدە خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنى باشقۇرغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «خەلق» نىڭ سانىنى كۆپەيتىش كېرەك.

ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىزچە، خەلق ئىچىدىكى زاتلارنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاش خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەت قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا پايدىلىق بولىدۇ. نۇرغۇن ئەمەلدار خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇۋالسا، ئاۋاز بېرىپ ھۆكۈمەت ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى سايلاشتا بىر تەرەپكە ئېغىش ھەتتا ساختىپەزلىك قىلمىشى پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ئەمەلدارلىق سالاھىيىتى بولغان ۋەكىللەر ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىنى ئويلىشىپ ئاۋاز بېرىدىغان ئوبيېكتنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر ئۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ بولغان كىشى سايلانسا ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى نازارەت قىلىش قۇرۇق گەپ بوپقالىدۇ. بىراق خەلق ئارىسىدىن كەلگەن ۋەكىللەر ئۇنداق بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارغا، ئۆزلىرى بىلەن سايلىغۇچىلار مەنپەئىتىنىڭ سايلانغۇچىنىڭ خەلققە يېقىنلىشىش دەرىجىسى ۋە ئىش بېجىرىش ئىقتىدارىغا بىۋاسىتە باغلىق بولىدىغانلىقى ئېنىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇنى ئۆلچەم قىلىش ئارقىلىق قايسى كىشىگە ئاۋاز بېرىشنى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى نازارەت قىلىش جەريانىدا شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا پايدا-زىيان مۇناسىۋىتى بولمىغانلىقتىن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتىن ۋاز كەچمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەمەلدارلىق سالاھىيىتى بولغان ۋەكىللەر نازارەت قىلىشتا ئۇنچىۋالا ئاكتىپ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپلىگەن كىشى مەمۇرىي ۋەزىپىسى جەھەتتە ئەسلىدە نازارەت قىلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن قانداقمۇ سوئال سورىيالايدۇ ۋە ئۇلاردىن گۇمانلىنالايدۇ؟ كىشىلەرنىڭ ئەڭ چۈشىنەلمەيدىغىنى شۇكى، ئەگەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بولسا، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆكۈمەتنى نازارەت قىلىش دېگىنى ئۆز-ئۆزىنى نازارەت قىلىشقا ئۆزگىرىپ قالامدۇ؟ ئۇنداقتا ئۆز-ئۆزىنى ياخشى نازارەت قىلغىلى بولامدۇ؟

---

«جۇڭگو ياشلىرى گېزىتى» دىن (M2)



# پۇقرا ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دۈشمەنلىرى

ئىبراھىم ئەمەت

سادا

بىقوۋۇل پۇقرانىڭ نالە-پەريادلىرىنى ئاڭلىسام ياكى بوزەك بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەم، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىش بىلەن بىرگە غەزەپ-نەپرىتىم ئىچ-ئىچىمگە پاتماي، قانلىرىم قايناپ، چىشلىرىم غۇچۇرلاپ كېتىدۇ. «ئوغرىغا مال كەممۇ» دېگەندەك، ئاجىز بەندىلەرنىڭ نالە-پەريادلىرىنى ئاڭلاش، زوراۋانلىق ئاستىدىكى تىپىرلاشلىرىنى كۆرۈش ماڭا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ.

يېقىندا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم بىر ناھىيىسىدە مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەردى: دېھقان X X بانكىغا 1600يۈەن قەرز بوپقالىدۇ. كېيىن بۇ پۇلنىڭ 800يۈەنىنى قايتۇرىدۇ، قالغان يېرىمىنى بۇغداي سېتىپ قايتۇرۇشقا ۋەدە قىلىدۇ. دېھقاننىڭ ۋەدىسى بىر تىيىنغا يارىمايدىغان ھازىرقى جەمئىيەتتە بۇ بىچارە دېھقان خۇددى قارا باسقاندەكلا «تۆلەشكە تېگىشلىك پۇلنى تۆلىيەلمىدىڭ» دېگەن باھانە بىلەن يېزىلىق ساقچىخانا تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلىدۇ. ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالمىشىپ كەلگەن يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارى «ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن» دەپ ھېلىقى دېھقاننى قاتتىق ئۇرىدۇ. تاياق زەربىسىدىن بىچارە دېھقاننىڭ قولى سۇنۇپ، ئىچكى ئەزايى قاتتىق زەخىملىنىپ ھۇشىدىن كېتىدۇ ھەم توختىماي قان قۇسىدۇ. ھېلىقى دېھقاننىڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ جىددىي قۇتقۇزغان بولسىمۇ، تاياق ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەن دېھقان قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە ئاۋام پۇقرا ئىچىدە قاتتىق غولغۇلا قوزغايدۇ. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن ،ناھىيە رەھبەرلىرى بۇ ئىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىدۇ ھەم ھېلىقى سېكرېتارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، مۇناسىۋەتلىك قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا يوليورۇق بېرىدۇ. نۆۋەتتە نۇرغۇن كادىر بۇ يېزىدا مۇقىملىق خىزمىتى ئىشلىمەكتە ئىكەن.

يۇرتۇمغا تۇغقان يوقلاشقا كەتكەن بىر دوستۇم قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ،بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى.

ماڭا ئوخشاش قانۇن خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان

ھەم قانۇنشۇناسلىق بويىچە مەخسۇس تەربىيە ئالغان بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق ۋەقەنى ئىدىيە جەھەتتىن قوبۇل قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تەستىقىسىز ھەرقانداق ئادەم ۋە ئورۇننىڭ پۇقرالارنى خالىغانچە تۇتسا بولمايدىغانلىقىنى دېمەيلا تۇرايلى، پۇتكۇل مەملىكەت بويىچە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كەڭ قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىر يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن خالىغانچە ئادەم تۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشى يالغۇز قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىش بولۇپلا قالماي، پۇتۇنلەي مەركەزنىڭ روھىغا خىلاپ خاتا قىلمىش ھېسابلىنىدۇ. بەلكىم بىزنىڭ بۇ سېكرېتار «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » ئىدىيىسىنى ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىسا كېرەك. ياكى بولمىسا قويىنى كەڭ، ئادەملىرى يۇۋاش، داستىخىنى مول يېزىنىڭ مەنپەئەتلىرى بىلەن مىلىكە بوپكېتىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش ئىدىيىسى»نى ئۆگىنىشكە ۋاقىت چىقىرالمىسا كېرەك. بولمىسا پارتىيىگە ۋاكالىتەن ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقان بىر ئادەم بۇنداق جىنايى ئىشلارنى قىلىپ يۈرەرمىدى؟!

«كاڭشىنىڭ پۇقراچە ياسىنىپ ئەل-يۇرتنى زىيارەت قىلىشى» دېگەن تېلېفىلىمدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر كۆرۈنۈش بارلىقى ئېسىمدە: كاڭشى خان ئەل كېزىپ يۈرگەندە بىر قوش كالىسىنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان بىر توپ چېرىكلەر ئۇچرايدۇ. بىر دېھقان چېرىكلەرنىڭ كەينىدىن زار-زار يىغلىغان پېتى يىقىلىپ - قوپۇپ دېگۈدەك ئەگىشىپ كېلىدۇ. چېرىكلەر دېھقاننى قامچا بىلەن ئۇرىدۇ، دېھقان كالىنىڭ ئارغامچىسىنى تۇتۇۋېلىپ قويۇۋەتمەيدۇ. چېرىكلەر دېھقاننى دەسسەپ ،چەيلەپ ياتقۇزۇۋېتىپ كېتىپ قالىدۇ. بىچارە دېھقان ئۆزىنى كاچاتلاپ تۇرۇپ: «ئى خۇدا، ئاجىز بەندەڭنىڭ بۇ ئازابلىق كۈنلىرىنى كۆرۈۋاتامدىغانسەن، خاننىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بەرسەڭ بولماسمىدى» دەپ نالە-پەرياد قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ بۇ ئىش بىلەن نېمە ئالاقىسى بارلىقىنى ئاڭقىرالمىغان خان، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سوراپ بىلىدۇ. ئەسلىدە ھېلىقى دېھقان ھۆكۈمەتكە تۆلەشكە تېگىشلىك باج پۇلىنى تۆلىيەلمىگەچكە، چېرىكلەر كالىنى باجغا ھېسابلاپ ئەكەتكەنىكەن. خان بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىق ئۈچۈن غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بۇ يۇرتتا بىر مەزگىل تۇرۇپ ئەھۋال ئۇقۇشماقچى بولىدۇ. ئاۋامنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆككەنسېرى، ئۆزى ئىشەنگەن ئەمەلدارلارنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن دېھقانلارنى شىلىپ يەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن، يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇيدۇ، ھېلىقى كالا بۇلاپ كەلگەن چېرىكلەرنى دېھقاننىڭ كالا ئېلىشقا قۇربى يەتكۈچە كالا ئورنىدا يەر ھەيدەشكە بۇيرۇيدۇ ھەمدە ئوردا ئەھلىگە تەنبىھ بېرىپ: « دېھقان دېگەن دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى، يەر دېھقاننىڭ جېنى. كالا بولمىسا دېھقان نېمىسى بىلەن يەر ھەيدەيدۇ؟ دېھقان يەر ھەيدىمىسە، دۆلەتنى كىم باقىدۇ؟» دەيدۇ. كاڭشى ھەقىقەتەن ئۇلۇغ گەپ قىلغان. گەرچە كاڭشى ئۆلگىلى نەچچە يۈز يىل بولغان بولسىمۇ، «دېھقان دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەت تېخى ئۆلگىنى يوق!

مەن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى بىرئاز ئۆزگىچىمىكىن، دەپ يۈردۇم. ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ بۇنداق ئەھۋاللار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن. يېقىندا «ئىگىلىك باشقۇرۇش» ژۇرنىلى (مەزكۇر ژۇرنال گوۋۇيۈەن تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشخانىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان نوپۇزلۇق ژۇرنال، ھەر ئون بەش كۈندە بىر سان چىقىدۇ) نىڭ 2001-يىللىق 9-سانىدىن مۇنداق بىر خەۋەرنى ئوقۇپ قالدىم: ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى Q ناھىيىسىنىڭ X X يېزىسى D كەنتىدىكى دېھقانلار ھەرخىل ئالۋان-ياساق، باج-سېلىقنىڭ دەستىدىن ھالىدىن كېتەيلا دەپ قالغان. «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، كەنت رەھبەرلىرىنىڭ چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ، بۇزۇپ-چېچىشى ئۈچۈن كەتكەن خىراجەتلەر قوشۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ئېگىلىپ ئارانلا قالغان بېلىنى سۇندۇرۇۋېتەيلا دەپ قالغان( تەپسىلاتى قىسقارتىلدى) . ھېچ چىدىغۇچىلىكى قالمىغان دېھقانلار ۋەكىلدىن ئالتىنى سايلاپ چىقىپ، كەنت كادىرلىرى ئۈستىدىن ۋىلايەتكىچە ئەرز قىلىپ بارغان. ئۇلار ئەرز قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەر بىر ئادەمگە 50يۈەندىن جەرىمانە قويۇلغان. ئۇلار يەنە 20ۋەكىلنى تەشكىللەپ ئەرز قىلغان بولسىمۇ، مەسىلە ھەل بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە يۈز نەچچە ساقچى تاپانچا-كالتەك كۆتۈرگەن ھالدا ۋەكىللەرنى تۇتۇش ئۈچۈن شاپاشلاپ كېلىشكەن ھەم ۋەكىللەرنى تۇتۇپ كەتكەن. بۇ كەنتتىكى دېھقانلار ئاخىرى 700 ئادەمنى تەشكىللەپ كوللېكتىپ ئەرز قىلغان، 20ۋەكىلنى ئۆلكىلىك پارتكومغىچە ئەۋەتكەن. بۇ قېتىملىق ئەرز قىلىش ئاز-تولا ئۈنۈم بېرىپ، يۇقىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ناھىيىلىك پارتكوم D كەنتىنىڭ رەھبەرلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە قوشۇلغان. دېھقانلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ھەق گەپ قىلىدىغان $L_1$ بىلەن $L_2$ نى مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر قىلىپ سايلاپ چىققان. لېكىن ئۇلارنىڭ خىزمەت ئىشلىشى تەسكە توختىغان. يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارى ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئەگەر مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ، دېھقانلاردىن يىغىشقا تېگىشلىك ھەقلەرنى تولۇقى بىلەن يىغالىساڭلار، ھەر بىرىڭلارنى بىردىن موتسىكلىت، 5000يۈەن پۇل بىلەن مۇكاپاتلايمەن، يەپ-ئىچىشىڭلار مەندىن بولىدۇ. ئەگەر گېپىمگە كىرمەي (دېھقانغا چاپان ياپساڭ دېمەكچىمۇ؟) ئۆزۈڭ بىلگەننى قىلىشساڭ، سەنلەرنى قولغا ئالدۇرۇپ، تېرەڭنى سويۇۋالىمەن، ئاندىن تۈرمىگە سولىتىۋېتىمەن» دېگەن. بۇ ئىككى ئەزىمەت پۇلنىڭ ئېزىقتۇرۇشى ۋە قورقۇتۇشلار ئالدىدا تىز پۈكمىگەن، دېھقانلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان. يۇمشاق ۋاستىلەر كارغا كەلمىگەندىن كېيىن، يېزا باشلىقى قەبىھ ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ، كەنتنىڭ بۇرۇنقى ئۆكتەم مۇدىرىنى كۈشكۈرتۈپ ، يېڭى سايلانغان مۇدىرنى قاتتىق ئۇرغۇزغان، ئارقىدىنلا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ، ناھىيىدىن 500نەپەر ساقچى، 97ماشىنا يۆتكەپ كېلىپ ئەتىگەن سائەت بەشتە كەنتنى قورشىۋالغان ھەمدە كەنت مۇدىرىيىتىنىڭ ھەيئەتلىرىنى بىر-بىرلەپ يوتقىنىدىن سۆرەپ چىقىپ قولغا ئالغان، ئۆيمۇ - ئۆي ئاقتۇرۇپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى بۇلاپ كەتكەن ۋە چىقىۋەتكەن. تۇتۇلغانلار ج خ ئىدارىسىدە قاتتىق قىيىن-قىستاققا ئېلىنغان. مۇخبىرلارنىڭ زىيارەت قىلىشىغا، ئادۋوكاتلارنىڭ ئىسپات ئېلىشىغا يول قويمىغان. قاتتىق غەزەپلەنگەن دېھقانلار ئۆلكىگە يەنە ئەرز قىلىپ بارغان. ئۆلكىلىك سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى تۇتۇلغانلارنى قويۇۋېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن، بىراق تەپتىش مەھكىمىسى: «كېپىلگە بېرىپ، تەكشۈرۈشنى

كۇتۇپ تۇرسۇن» دېگەن نام بىلەن تۇتۇلغانلارنى قويۇۋەتكەن ھەم يېڭى سايلانغان مۇدىرنى«يەنە ئەرز قىلساڭ يەنە سولايمىز» دەپ قورقۇتقان. كېيىن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ھېچقانداق پاكىت بولمىغان شەرت ئاستىدا يېڭى سايلانغان كەنت مۇدىرى $L_1$نى ئالتە ئاي 20كۈن قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان. بۇرۇنقى زومىگەر كەنت مۇدىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن،زۇلۇم بۇرۇنقىدەك داۋاملىشىۋەرگەن...

مەن بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ، ئاجىزلارنىڭ قان-ياش بىلەن تولغان نالە-پەريادلىرى ئىچىدە تەنلىرىم شۈركىنىپ كەتتى، ئۆزۈمنى تېررورلۇق قاپلىغان جەمئىيەتتە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدىم.«خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن شوئارنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان يېزا كادىرلىرىنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدىغانلىقىنى دېمەي تۇرايلى، قانۇننىڭ ئىجرا قىلغۇچىلىرى بولغان ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش ئۇياقتا تۇرسۇن،ئەكسىچە ئۇلارنىڭمۇ ئەمەلدارلار بىلەن بىر بۇرۇندىن نەپەس ئېلىپ ،ئۇلارنىڭ زوراۋانلىقلىرىغا يانتاياق بولۇۋاتقانلىقى ھەققەتەن ئادەمنى ئەندىشىگە سالىدۇ. ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى قانۇن ۋە قانۇنىي بەلگىلىمىلەرنى كۆزگە ئىلماي، ئۆز شەخسىي مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىنى ئاساس قىلىپ ھوقۇق يۈرگۈزسە، « دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى» بولغان پۇقرانى خالىغانچە بوزەك ئەتسە، ئۇ ھالدا بۇنداق ھاكىمىيەتنىڭ قارا جەمئىيەتتىن ھېچبىر پەرقى قالمىغان بولىدۇ. بۇ ئىككى يېزا سېكرېتارىنىڭ ئەلپازى قارا جەمئىيەت غوجىلىرىنىڭ ئەلپازىغا نېمىدېگەن ئوخشايدۇ-ھە؟!

لۇشۈن ئەپەندى:«جۇڭگودا پۇقرا بولماق تەس» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. جۇڭگو پۇقرالىرى ئىنتائەتمەن، قانۇن -ئىنتىزامغا بويسۇنۇپ ياشايدىغان يۇۋاش پۇقرالاردۇر. ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىت، ئۆزلىرىنى بىۋاسىتە باشقۇرۇۋاتقان ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى تېررورلۇق تۈس ئېلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇلار سەبىرچانلىق،ئۈمىدۋارلىق بىلەن، ھۆكۈمەت ئارقىلىق، تەشكىل ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ يوللۇق تەلىپىگە يەتمەكچى بولغان، ھەرگىزمۇ ھۆكۈمەتكە ئۆكتە قوپمىغان. ھەممە يەرگە بېرىپ، بۇرنىغا يېگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشىغان. ھۆكۈمەتكە ئىشەنگەن. بۇنداق پۇقرالارنى دۇنيادىن تېپىش ھەققەتەن تەس. لېكىن پۇقرالار قانۇن ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىسە، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش تەس. ئەگەر ھۆكۈمەت ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىدىكى قارا جەمئىيەت تۈسىنى ئالغان ھالەتنى توسۇپ قالالمىسا، ئىسلاھات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

بىز بۇ ۋەقەلەرنىڭ يالغان ئەمەسلىكىگە تولۇق ئىشىنىمىز. چۈنكى بىرسى كۆز ئالدىمىزدا يۈز بەرگەن ۋەقە، يەنە بىرى دۆلەتنىڭ نوپۇزلۇق نەشر ئەپكارى ئېلان قىلغان خەۋەر.دۆلەتنى ئادىم بىلەن ئەمەس، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق تېررورىستىك ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشى ئادەمنى ئويغا سالماي قالمايدۇ. نېمە ئۈچۈن ساقچىخانا قانۇنغا خىلاپلىق قىلمىغان بىگۇناھ پۇقرانى ھېچقانداق قانۇنىي رەسمىيەت بىجىرمەي تۇرۇپ ،خالىغانچە قولغا ئالالايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن پۇقرالار دەردىنى ئېيتىدىغان جاي تاپالمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن سوت خالىغانچە كېسىم چىقىرالايدۇ؟ سانسىزلىغان نېمە ئۈچۈن؟ دېگەن سوئاللارنى قويۇشقا ھەقلىقمىز. قارىغاندا، بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاپ بەرمىسەك بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

مېنىڭچە، بىزنىڭ ئەدلىيەتۈزۈمىمىزدە ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە كۆرۈنمەس بىر قارا قول بار، شۇنداقلا بىر كۇلرەڭ بەلباغ بار. بۇ قارا قول ۋە كۇلرەڭ بەلباغ گەرچە ھېچقانداق قانۇنىي تەرتىپكە ئۇيغۇن كەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۈچى جۇڭگونىڭ ئەدلىيە تۈزۈمىنى،قانۇننى ئۇياق-بۇياق قىلالايدۇ. بۇ خىل مەۋجۇدلۇق ئادەمنى ئەندىشىگە سالىدۇ. بىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىمىزدا كۆپىنچە ھاللاردا قانۇننىڭ قوغداۋاتقىنى ئادىللىق ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر ھوقۇق بولۇپ چىقىدۇ. كىمنىڭ مەنسىپى چوڭ بولسا، شۇنىڭ مۇشتى يوغان بولىدۇ، بۇ مۇشت ئىگىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ.ئەگەر ئۇنداق بولمىغىنىدا، ئىككىنچى ۋەقەدىكى پۇقرالارنىڭ بارلىق ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كەتمىگەن، ئۆز مۇدىرىنىڭ تۈرمىگە كىرىشى بىلەن ئاخىرلاشمىغان بولاتتى. سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ سېكرېتارىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تۈرمىدىن بوشانغان پۇقرا يەنىلا تەھدىت ۋە سوتنىڭ ھۆكۈمىدىن قۇتۇلالمىسا، بۇنى قوبۇل قىلىش ھەققەتەن تەس. قارىغاندا، بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە،قانۇن مەنىسىدىكى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش - سىياسىي جەھەتتە كۈچ سىنىششقا ئوخشاپ قېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. سېكرېتارنى تاپالىغانلارنىڭ ھالى شۇ بولۇۋاتقان يەردە، سېكرېتارغا يولۇقالماي يۈرگەنلەرنىڭ ھالى نېمە بوپكېتەر ئەمدى، دەپ ئويلاپ قالدىم.


شۇ تاپتا تېلېۋىزىيە فىلىمىدىكى كاكشى خانىنىڭ غەزەپلىك چىرايى كۆز ئالدىمدا نامايەن بولدى. بۇ غەزەپلىك چىراينىڭ ئارقىسىدا قان تامچىلاپ تۇرغان سانسىزلىغان يۈرەكلەرنى كۆرگەندەك بولدۇم. بۇ يۈرەكلەرنىڭ ئىچىدە سانسىزلىغان مىسكىن كۆزلەر چاقناپ تۇراتتى. كۆزلەردىن ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرۈدىغان سوغۇق نۇر چاقناپ تۇراتتى، لېكىن بۇ كۆزلەر مەغرۇر ئىدى. بۇ كۆزلەر يىغا ئارىلاشقان مەغرۇرلۇقى بىلەن يۈرىكىدىكى قانلارنى يۇيۇۋەتمەكچى بولاتتى!

مەن بۇ ئەسەرنى يېزىشتىن بۇرۇن كۆپ ئىككىلەندىم، ھەرخىل ئەندىشىلەردىن خالىي بولالمىدىم. ھېلىقى سېكرېتارنىڭ:« سېنى تۈرمىگە سولىتىۋېتىمەن» دېگەن سوغۇق ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدىن نېرى كەتمىدى. بۇنداق ئىشلارنى ئاڭلىماسقا، كۆرمەسكە سېلىۋېلىشقا كۆپ ئۇرۇندۇم، لېكىن ئەرلىك ۋىجدانىم يول قويمىدى. دېمەك ئىرادە بىلەن لايغەزەللىك ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان كەسكىن كۈرەشنى باشتىن ئۆتكۈزدۈم.سەۋەبى بەك ئاددىي: پۇقرا ئۈچۈن ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلغان قايسى بىر ئادەم ياخشى كۈن كۆردى؟ لېكىن ئەندىشە ئىچىدە شۇنى ھېس قىلدىمكى، پۇقرانى خالىغانچە بوزەك ئېتىپ، ئۇلارنى شىلىۋاتقان، دۆلەت قانۇنىنى دەپسەندە قىلىۋاتقان جانابىي ئەپەندىلەر ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمەنلىرى ئىدى. ئۇلار ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىش ئۈچۈن ھوقۇقنى خالىغانچە ئاياغ - ئاستى قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ پۇقرا قەلبىدىكى ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلىنى كولاۋاتقانلار ئىدى. بۇنداق دۈشمەنلەردىن قورقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى!

2001-يىل 10ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 4-تۈرمە پارتكومىنىڭ ئەزاسى، ھەمدەم تۈرمە باشلىقى (M1)



# ئالىم - ئەدىبلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئېيتقانلىرى

▲ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە ئۇنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى شەكىللەندۈرگۈچى قەدىمكى ھەر قايسى ئۇرۇق، قەبىلە، قەۋم ۋە خەلقلەر بىراق ئۆتمۈشتىن باشلاپ تارىم ۋادىلىرى، يارىش (جۇڭغارىيە) ئويمانلىقى، ئىلى دەريا ۋادىسى، ئىسسىق كۆل ساھىلى، ئېرتىش دەرياسىدىن تارتىپ بالقاش كۆلىنىڭ ئەتراپلىرىدا، بايقال ئەتراپلىرىدا، تاشقى موڭغۇلىيىدىكى سېلىنگا، ئورخۇن، توغلا، قورۇلۇن دەريالىرىنىڭ ساھىللىرىدا، ئورال-ئالتاي تاغلىرى ئارىسىدا، سەنشى، شەنشى، نىڭشىيا ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىي قىسىملىرىدا ياشىغان. قەدىمكى دەۋردىن ھازىرغىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىدىن تارتىپ قوشنا خەلقلەرگىچە ئورتاق، ئىزچىل قوللىنىپ كېلىنگەن ئىسىم «ئۇيغۇر» دېگەندىن ئىبارەت. مەسىلەن، «كونا تاڭ سۇلالىسى تارىخى» دا «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنى «شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلغۇچى» دەپ ئىزاھلىغان بولسا، مەھمۇد قەشقەرىي: «باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يېگۈچىلەر، قولىدىكى ئوۋنى قاچۇرماي، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ تۇتقۇچىلار» دەپ چۈشەندۈرگەن.

ئۇيغۇر تىلى ئورال-ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى ئالتاي-تەڭرىتاغ تىللىرى ئائىلىسى تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسى شەرقىي ھون تۈركۈمى ئۇيغۇر-ئوغۇز تىلى بۆلۈكى ئۇيغۇر-قارلۇق تىلى قىسمى ئۇيغۇر تىلى دېئالېكتىكىغا تەئەللۇق.

ئامېرىكىلىق ئالىم ر. گرۇسسى: «يايلاق ئىمپېرىيىلىرى تارىخى» دېگەن كىتابىدا ئۇيغۇرلارغا يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ « مەدەنىيەت ئۇستازلىرى» دىن بولغان، دەيدۇ. دېمەك، تۈركىيلىك ئاتاقلىق تاتار ئالىمى

## تارىخ خەزىنىسىدە

ئەھمەد زەكىي كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئۇيغۇرلار تۈركلەر ئارىسىدا قۇۋۋەتلىكرەك، مەدەنىيەتلىرىمۇ يۇقىرىراق بولغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ تىللىرى باشقا تۈركلەر ئۈچۈنمۇ ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلغان.

- «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» دىن

▲ قەدىمكى ئۇيغۇرلار قوڭۇر (ساغۇچ) چاچلىق، قوي كۆزلۈك (ياكى كۆك كۆز) ئىدى. ھازىرقى ئۇيغۇرلار نۇرغۇن ئۆزگىرىپ كەتكەن.

▲سىلەر ئەرەبچە، رۇسچە ئىسىملاردىن ئەمەس، قەدىمكى ئۇيغۇر ئىسىملىرىدىن فامىلە ياسىساڭلار ياخشى بولىدۇ. بۇ ئىسىملار كونا قولىيازمىلاردا بار. سىلەر ھازىر مەدەنىيەتتە ئارقىدا. بۇ دېگەنلىك ئەزەلدىن ئارقىدا ئىدىڭلار دېگەنلىك ئەمەس. ئۆز مەدەنىيىتىڭلارنى ئۆگىنىڭلار ساقلاڭلار، راۋاجلاندۇرۇڭلار. يازغۇچىلار بۇ ساھەدە خىزمەت قىلىشى كېرەك. بولۇپمۇ دېھقانلارنى ئەينەن يېزىشى، كۆپلەپ يېزىشى كېرەك. سەۋەبى، ئۇلار مىللەتكە ھەققىي ۋەكىللىك قىلالايدۇ، ئۇلار ئاساسىي خەلق. بىر مىللەتكە خاس بولغان نۇرغۇن ئېسىل نەرسىلەر دېھقانلاردا ساقلانغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى ئاستا بولىدۇ. ئۇلار يەرلىك ئادەت، يەرلىك تىل، مىللىي مەدەنىيەتكە ئامراق. مەن سىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان تىلىڭلاردا يېزىلغان ئەسەرلىرىڭلارنى ئوقۇپ باقتىم. تىل ئادىتىڭلار، تىلدىكى مىللىي خۇسۇسىيەتلەردە ئۆزگىرىش كۆپ ئىكەن. سىلەر ئۆز تىلىڭلارنىڭ خۇسۇسىيىتى بويىچە جۈملە تۈزۈشۈڭلار كېرەك.

- زوردۇن سابىر: «ياۋروپاغا سەپەر» دە بىر ياۋروپالىق ئالىمنىڭ ئاپتورغا ئېيتقانلىرىدىن

▲ ئۇيغۇر دوستلۇرۇم ماڭا «پەنجىگاھ» مۇقامى ئېلىنغان لېنتىنى سوۋغا قىلىشتى. مەشرەپ مۇقاملىرىنى ئۇيغۇر مۇقامچىلىرى چەكسىز ئىجتىھات بىلەن يۈرەكنى ئۆرتەيدىغان ئاۋاز ئېقىملىرى بىلەن كۈيلەيدىكەن. ئۇلارنىڭ ئاق تېرەكلەرنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ ياڭراتقان بۇ باھاسىز سىمفونىيە سادالىرىغا تەڭكەش بولۇپ تۇغۇلغان گۈزەل

شېئىرلار كىشىلەرنى بىر-بىرىگە نەقەدەر دوست-ئاشنا قىلىپ تۇرىدۇ-ھە! ئەبىرىگاھتا ئۇيغۇر رەسسامى غازى ئەھمەد سىزغان مەھمۇد قەشقەرىينىڭ رەسىمىگە ئۇزاق تىكىلدىم. ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ بېشىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سۆيۈملۈك شاپاق دوپپىسى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىزدىنىشتىن ھېچقاچان تالمايدىغان ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش تازا ۋە روشەن. مەھمۇد قەشقەرىي سۆزلەرنى يوقلىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغان تەڭدىشى يوق ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى. ئۇنىڭ داھىيانە شاراپىتى بىلەن مىڭلىغان سۆزلەر ئەمدى مەڭگۈ تىرىك، ئۇ سۆزلەر ئازاق بولاقلىرىغا ئوخشاش قايناپ تۇرىدۇ. نەچچىلىگەن خەلقلەرنىڭ شائىرلىرىغا ئىلھام بېرىۋېرىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىيگە ئوخشاش دانىشمەن ئالىملار ئىنسانىيەت جەمئىيەت تارىخى ئۈچۈن ساناقلىقلا. مەھمۇد قەشقەرىي خەلقلەرنىڭ سۆزلىرىنىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ يامبۇ، ئاتالتۇندەك ئېسىل ماقال-تەمسىللىرى ۋە رېئالىستىك روھقا باي شېئىرىيىتىنىمۇ ئەسىرلەر ئۈچۈن، تۈركىي (تىللىق) خەلقلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن ساقلاپ قالغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» تۈركىي (تىللىق) خەلقلەرنىڭ جاھان مەدەنىيىتى خەزىنىسىگە قوشقان ئۆلمەس ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

- ئىبراھىم غاپپۇروف (ئۆزبېكىستان): «قەشقەردە»، تارىم ژۇرنىلى 1988-يىل 5-سان

▲ قەشقەرنىڭ تارىخى موسكۋانىڭ تارىخىدىن مىڭ يىللار ئۇزۇن. بىز رۇسلار ياكى سلاۋيانلار موسكۋا شەھىرىنى بەرپا قىلىپ ئەمدىلا ئۇرمان ھاياتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، سلاۋيان دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان ۋاقتىمىزدا، ئۇيغۇرلار ئاللىقاچان شەھەرلىشىپ بولغان، شانلىق - يۇقىرى مەدەنىيەت ھاياتىدا ئىدى.

- ۋاسلىيېف (رۇسىيە)

▲ ئۇيغۇرلار قەدىمكى تۈركىي (تىللىق) خەلقلەر جۈملىسىدىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمكى ۋاقىتلاردىن باشلاپلا تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدە باشلامچىلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن ئەڭ قەدىمكى كۆپ سانلىق تۈركىي (تىللىق) خەلق ئىدى.

- ۋ. رادلوف (رۇسىيە)

▲ ئۇيغۇرلار قەدىمكى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان شەھەر ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلق ئىدى.

- س. مالوف (رۇسىيە)

▲ ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ، لېكىن ئازراق موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالامەتلىرى ئارىلىشىپ قالغان، بۇلار قەدىمدە تېخىمۇ روشەن ياۋروپا ئىرقلىق خەلق ئىدى. ھەتتا كۆكۈچ كۆزلۈك، سېرىق چاچلىق، ئاق يۈزلۈك، قاڭشارلىق ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار موڭغۇل ئىرقى ۋە باشقا ھىندى، ياۋروپا خەلقلىرى بىلەن ئارىلىشىش نەتىجىسىدە ۋە تۈرلۈك سەۋەب تۈپەيلىدىن بۈگۈنكىدەك ھالەتكە كەلگەن. خاتالاشمىسام، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا قەدىمكى بۇ ھالەتلەر ھازىرمۇ مەۋجۇدقۇ، دەيمەن؟

ۋاسلىي (رۇسىيە)

▲ جوڭگو، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ شىنجاڭ تارىخى ھەققىدىكى ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا، ئۇيغۇرلار ئېسىل مىللەت دېگەن خۇلاسىگە كېلىشىڭىز تەبىئىي. شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بەزى تارىخى ھادىسىلەر گويا تېپىشماققا ئوخشايدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى زاماندا بۇ زېمىندا ھونلار، چوڭ ياۋچىلار، ساكلار، ئىفتالىتلار، چاڭلار، تۇبۇتلار، تۈركلەر، سىيانپىيلار، قىتانلار، جۇرجانلار، موڭغۇللار ياشىغان. بۇ مىللەتلەرنىڭ بەزىسى ئۆز دەۋرىدە كازامەت زورىيىپ، قۇدرەت تېپىپ جاھاننى سورىغان. لېكىن ھازىرقى كۈندە بولسا بەزىسى كىچىكلەپ ئاجىزلاپ كەتتى، بەزىسى تارىخ سەھنىسىدىن پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتتى. ئۇيغۇرلار بولسا، تارىختىكى بوران-چاپقۇندا راۋاج تېپىپ زورىيىپ، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي مىللىتىگە ئايلاندى. بۇنىڭ سىرى نېمە؟

▲ بۈگۈنكى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئۆز دەۋرىدە تۇرپاندىلا سوغدى يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، سۇرىيە يېزىقى، سانسكرت يېزىقى، پارس يېزىقى، تۈرك يېزىقى ۋە تاڭگۇت يېزىقى بىلەن بۇددا دىنىغا، مانى دىنىغا، نېستورىئان دىنىغا، مەجۇسىي دىنىغا ئائىت دىنىي كىتابلارنى تاش مەتبەئەدە نەشر قىلالىغان. بۇنداق ئەھۋال ئۆز زامانىسىدا دۇنيادا كەم ئۇچرايتتى. بۇنىڭ سىرى نېمە؟

▲ بىر مەر دەۋرنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان كاتتا مەدەنىيەت ئەربابلىرى يوق مىللەتنى ئىنتايىن مەدەنىيەتلىك مىللەت، دەپ ئاتىماق تەس. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇر مىللىتىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىي دېگەن ئىككى نەپەر كاتتا مەدەنىيەت ئەربابى چىققان. بۇنىڭ سىرى نېمە؟

▲ ئۇيغۇرلار ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ شامان دىنىغا، مانى دىنىغا، مەجۇسىي دىنىغا، بۇددا دىنىغا، ئاخىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. دۇنيادا دىن - ئەقىدىنى شۇنداق كۆپ تالىغان مىللەت تولىمۇ ئاز تېپىلىدۇ. بۇنىڭ سىرى نېمە؟

▲ ئۇيغۇرلار شىمالىي موڭغۇل قۇملۇقىدا ياشىغان چاغلىرىدا سان جەھەتتىن ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. كېيىن ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ كۆچۈپ تېخىمۇ چېچىلىپ كەتتى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي تارىمدىكى بىر مۇنچە قەبىلە - ئەللەرنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلدى. كېيىنكى ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا خېلى كۆپ خەنزۇنى، موڭغۇلنى، قىتاننى ئاسسىمىلاتسىيە قىلدى. شۇنداق زور ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ئىقتىدارىدىكى سىر نېمە؟

▲ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تارىختىن قالغان ئېغىز ئەدەبىياتى بار، لېكىن ئۆز ئالدىغا سىستېما ھاسىل قىلالايدىغان نۇرغۇن ئەدەبىي مىراسى بار مىللەت پەقەت بىرلا ئۇيغۇر مىللىتى. بۇنىڭ سىرى نېمە؟

▲ ئەرەبلەرنىڭ بىر ئالىمى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىنى مۇنداق ئوبرازلىق سۈرەتلىگەن: «ئۇ گويا تۆت تېمىنىڭ ھەممىسىدىن دېرىزە ئېچىلغان ئۆيگە، گۈللەرنىڭ رەڭ-پۇراق تۈرلىرىنى ئايرىپمۇ تۇرمايلا شىرنە يىغىدىغان ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشايدۇ».

▲ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنىڭ تارىختىكى ئەڭ پارلاق نەتىجىسى قاراخانىيلار سۇلتانلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن دېڭىز-ئوكيان قاتنىشى راۋاجلانغانلىقتىن، شىنجاڭنى ئارىلاپ ماڭىدىغان خەلقئارا سودا كارۋان يوللىرى بىكار بوپقالدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار شوكونا «يىپەك يولى»دا جاپاغا چىداپ قاتناپ يۈرۈپ، كەڭ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلگەنىدى.

- مىڭچىبى، لۇلۇلۇ (موڭغۇل): «ئۇيلىنىش ئىچىدە

ئىلگىرىلەش» ، تارىم ژۇرنىلى1988.يىل 11.سان

▲ موڭغۇللار (چىڭگىزخان دەۋرىدە) ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشنى مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قاراپ بۇ يېزىقنى ئۆگىنىشنى ئۆزلىرىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم ئىران خەلقلىرىنىڭ ئۆگىنىشىنىمۇ تەشەببۇس قىلغان.ئىلخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇر يېزىقى دۆلەت مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىدا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن ئىرانلىق مەمۇرلارمۇ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغان. ھەتتا ئەينى دەۋرلەردە ئىلىم-پەن يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان خوراساندىمۇ قىرغىندىن ساق قالغان ئالىملار ۋە پۇقرالار ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ئۆگەنگەن.

- جۇۋەينىي (ئىران)

▲ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان، كۆپ يولدىن، كۆپ تەرەپتىن، كۆپ قاتلامدىن كەلگەن چوكتۇرملەرنىڭ جۇغلىنىشىدىن ھاسىل بولغان مەدەنىيەت. بۇنىڭدا گۈزەل رەڭدار تەركىبلەر بار.بۇ، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ پەخرى.

- «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» ، «تارىم» ژۇرنىلى 1988.يىل 11.سان.

▲ ئۇيغۇرلارنىڭ زور بىر قىسمى باشقا تۈركىي (تىللىق) خەلقلەرگە قارىغاندا، بالدۇر ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا كىردى ھەم ھەممىدىن بۇرۇن شامانىزم بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، ئالدى بىلەن مانىي دىنىنى، كېيىنرەك بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى. تۈركىي (تىللىق) خەلقلەر ئىچىدە بالدۇر يېزىق ئىجاد قىلىپ، جۇڭگو بىلەن ماۋرائۇننەھىر ئارىسىدىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلققە ئايلاندى.

- ئا. يۇ. باكوبوۋسكىي (رۇسىيە)

▲ «سىلەر ئۇيغۇرلار ئۇزۇن تارىختا ئىگە مەدەنىيەتلىك خەلق ئىدىڭلار. تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئىچىدە ھەممىدىن بۇرۇن سىلەر يېزىقنى ئىجاد قىلغان. بۇ يېزىق نۇرغۇن تۈركىي (تىللىق) خەلقلەرگە ئورتاق يېزىق بوپقالغان. ھازىرقى موڭغۇل يېزىقىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. قەدىمكى زامانلاردا ئۇيغۇرلاردىن ئاجايىپ زور ئالىملار يېتىشكەن. چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا، پۈتكۈل دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش ۋە ئىلىم-پەن ئۆگىتىش ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ قولىدا ئىدى. تاتار خانلىرىمۇ ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن» .

- ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئىز» رومانى 47.بەت

▲ كىشىلەر ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن دېڭىزچىلىرىنى تىلغا ئالغاندا، ئالدى بىلەن مىڭ سۇلالىسى دەۋرى (1368 ـ 1644) دە ئۆتكەن، غەربىي ئوكيانغا يەتتە قېتىم سەپەر قىلغان خۇيزۇ دېڭىزچى جېڭ خېنى تىلغا ئېلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن 130يىل ئىلگىرى ـ يۈەن سۇلالىسى دەۋرى (1206 ـ 1368) دە ئۆتكەن ئۇيغۇر دېڭىزچىسى ئەلئۇقمىش بولسا، ھىندى ئوكيانغا سەپەر قىلىپ زور ئاتاق قازانغاندى: ئەلئۇقمىش ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۇنجى دېڭىزچى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرى تارىخىدىكى ئاتاقلىق شەخس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

- ۋاڭ شياۋجيەن: «ئۇيغۇر دېڭىزچىسى ئەلئۇقمىش توغرىسىدا قىسسە» ، «شىنجاڭ باشلىرى» ژۇرنىلى 1987.يىل 1.سان

▲ بىز ئۇيغۇرلار تارىختا شانۇ-شەۋكەتلىك ئىشلارنى قىلغان ئەقىل-پاراسەتلىك مىللەت بولغان بولساقمۇ، كېيىن جەبرۇ-زۇلۇم، قۇللۇق، ئاسارەت تۈپەيلى قالاق، نادان، قاششاق بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قالغانمىز. نادان مىللەتتە مەنىۋى ئىللەت كۆپ بولىدۇ. پۇلغا، مەنسەپكە، خوتۇنغا ھېرىسلىق، خۇراپاتقا ئىشىنىش ، يۇرتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق، ئاچكۆزلۈك، ئۆزغورۇرىنى ساقلىماسلىق، ھەركىم ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ،مىللەتنى ئويلىماسلىق ـ خۇلاسە كالام، نادانلىق ،نادانلىق ۋە يەنە نادانلىق، مانا بۇلار ئۇزۇن يىللىق ئاسارەتنىڭ مىللەت روھىغا باسقان مەرەز تامغىسى.

- ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: « ئويغانغان زېمىن» رومانى 167.بەت.

▲ مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق خۇشپىچىم،مېھرى ئىسسىق گۈزەل قىزنى كۆرمىگەنىدىم. ئۇنىڭ ئىنچىكە ئەگمە قاشلىرى، سەل سوزۇنچاق يۈزىگە ياراشقان چىمدىپ قويغاندەك بۇرنى، ياقۇتتەك قىزىرىپ تۇرغان نېپىز لەۋلىرى،كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ تىلى بىلەن ئېيتىلغاندەك،ئىلىپتەك تۈز سەۋرى قامىتى،سۇمبۇل چاچلىرى،ئۇنىڭ ئۇستىگە چىرايىدىكى مۇلايىملىق بىلەن ئۆزىگە ياراشقان بىرخىل سىپايىلىق... ئىكەم ئاللا ئايال زاتىدا بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەللىكنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ قىزغا بەرگەنمىكىن-ھە؟ ياكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بولغان كۇسەن ئۇيغۇرلىرىدىكى ئىرسىي گۈزەللىكنىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇر قىزلىرى سىماسىدا قايتا نامايان بولۇشىمىكىن؟

- ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: « ئويغانغان زېمىن» رومانى 228.بەت

▲ مەن قەشقەرنى تۇنجى زىيارەت قىلغىنىمغا ناھايىتى ئۇزۇن يىللار بوپتۇ. 50يىلدىن كېيىن بۇ يەرگە كەلگىنىمدە كۆرگىنىم پېيپىگى قەشقەر بولدى. زامانغا لايىق بۇ شەھەردە زامانىۋى تۇرمۇشقا لايىقلاشقان جىمى نەرسە تېپىلىدىكەن ئەمما بىزنىڭ سېغىنىدىغىنىمىز قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاۋۋالقى ئەشۇ سېھرىي كوچى ۋە مېنى قەدىناس،دەپ بىلىدىغان ئەشۇ ئۇيغۇرلاردۇر.

- گوننار ئالفىرېد ياررىڭ: « قەشقەرگە قايتا سەپەر» دىن

▲ ـ سىلەر ئۇيغۇرلار ئالەمنىڭ نەرىگە بارساڭلارمۇ چىرايىڭلاردىن بىرخىل سولغۇنلۇق چىقىپ تۇرىدۇ، ھەتتا چىرايلىق-پاكىز كىيىنىۋالساڭلارمۇ، ـ دېدى سۇلايمان ئەپەندى، ـ خۇددى ئاللادىن زامانى ئاخىر بولىدىغانلىق ھەققىدە ۋەھىي كەلگەندەك سىلەردىكى ھەممە ئىشقا ئورۇنسىز غەم قىلىدىغان ئەنسىز خاراكتېر ھازىر بىر پۈتۈن مىللەت پسىخىكىسىغا سىڭىپ قاپتۇ. ئورۇنسىز دەرد-ئەلەم چېكىپ، غەم قىلىپ ياشىغان ئادەم دائىم كۆچلۈك دۈشمىنىنى بويىنىغا مىندۇرۇۋالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. جەڭگىۋارلىقنى، ئۈمىدۋارلىقنى، جاسارەتنى سۇندۇرۇپ، ئادەمنى ئادىمىيلىك تەبىئىتىدىن ئايرىۋېتىدىغان بۇخىل يارىماس خاراكتېرنى ئۆزگەرتمىسە ئادەم راۋاج تاپمايدۇ. قانچىلىك ئۆمۈر كۆرۈدىغانلىقىمىزنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئادەم دېگەن ئادەمدەك ياشىشى، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ ئۈلگۈرۈشى ،كېيىن ئۆز ئۆمرىگە پۇشايمان قىلماسلىقى كېرەك.

- ئەختەم ئۆمەر: «بىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» دىن

▲ دوستۇم، مەن يېقىندىن بۇيان نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆردۇم، نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدۇم. ئەگەر زېھىن قويۇپ قارىساڭ، ئادەملىرىمىزنىڭ روھى سۇنۇق، ئۇلار ھېچنەرسىگە

ئىشەنمەيدۇ، ھەممىگە گۇمان بىلەن قارايدۇ، ئەتىكى كۈندىن ئۈمىد ئۈزگەن، روھى مېيىپ! بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدە؟ مېنىڭچە، بۇنىڭ سەۋەبى – تەربىيىمىزنىڭ يامانلىقىدا! بىز باللارنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا مۇستەقىل پىكىر قىلماسلىققا، كۆڭلىدىكى گەپنى ئېيتماسلىققا، قارىغۇلارچە ئىتائەتچان بولۇشقا مەجبۇرلايمىز! ئەلشىر نەۋائىي تۆت ياش ۋاقتىدا ئاتىسىنىڭ ئالىم، ئۆلىما ۋە شائىر دوستلىرىنىڭ سۆھبىتىگە قاتناشقان، ئۇلارنىڭ ئىلىم-ئىرپان، ئەدەبىيات ۋە ھايات ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلىغان. بىز بولساقچۇ، باللىرىمىزنى ھەرگىزمۇ چوڭلار بار يەرلەرگە يولاتمايمىز،«چوڭلارنىڭ گېپىگە ئارىلاشما، ئەدەبسىزلىك بولىدۇ» دەپ كايىيمىز. ھەممە نەرسىنى تەھقىقلەپ، چەكلەپ، ئاخىر باللىرىمىزنى مۇشتتەك ۋاقتىدىن تارتىپلا روھى زەئىپ، جۈرئەتسىز، ئىشەنچىسىز قىلىپ قويىمىز. بۇنداق تەربىيە كۆرگەن بالا ھېچقاچان مۇستەقىل پىكىر قىلالمايدۇ. خۇشاللىقنى ياكى خاپىلىقنى بىرەرسىگە پېتىنىپ ئېيتالمايدۇ، رەددىيە بېرىشتىن چۆچۈيدۇ! شۇنداق قىلىپ، دائىم بىرەرسىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرىدىغان، بىراۋنىڭ ئەقلى بىلەن ئىش قىلىدىغان قۇلغا ئايلىنىدۇ. بىرنەچچە ئون يىلدىن بېرى مانا شۇنداق يارىماس تەربىيە ئۇسۇلى بىلەن روھى ئەبگا، پىكرى زەئىپ، ئەقلى ناقىس قۇللار تەربىيىلىنىپ ۋايىغا يەتتى. قانچىلىغان كىشىلەر ئەنە شۇنداق خىلمۇ خىل قورقۇش سەۋەبى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ئىززەت-ھۆرمىتىنى يوقىتىپ قويدى-ھە؟! بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان كىشىلىرىمىز بالا چېغىدىنلا« خوش-خوش، خوپ-خوپ» دەپ تۇرىدىغان ئادەتكە كۆنۈۋالغان. ئاتا-ئانىلارمۇ باللىرىنىڭ كىچىك چېغىدىنلا« خوپ، شۇنداق، ماقۇل» دېيىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەشۇنداق دېيىشكە ئۇستا باللار ھەرخىل ياخشى باھا ۋە ئىنئاملارغا ئېرىشىدۇ. ۋەھالەنكى، ئاتا-ئانىلار قانداق ئەھۋاللاردا :«ياق» ،«ئۇنداق ئەمەس» دېيىشكە بولىدىغانلىقىنى ياكى« ياق» دېيىشنىڭ لازىملىقىنى ئەزەلدىن كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ. بۇنداق تەلىم-تەربىيىنىڭ غەيرىي-تەبىئىي يامان ئاقىۋىتىدە ھەرقانداق ئادەم بۇيرۇققا شەرتسىز ئىتائەت قىلىدىغان، بۇيرۇق بولسىلا«ھە» دەپ ئىجرا قىلىشنى بىلىدىغان، مۇستەقىل كاللىسى يوق ماشىنا ئادەمگە ياكى ئىتائەتمەن قۇلغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ۋەھالەنكى، ئاللاتائالا ھەرقانداق ئىنساننى ھۆر قىلىپ ياراتقان. ئاللانىڭ ھۆر بەندىلىرىنى قۇلغا، روھىي مېيىپ كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇش ئىنتايىن چوڭ گۇناھ ئەمەسمۇ؟! ئۆزىنى پىكىر ھەم روھ جەھەتتىن ئازادە ھېس قىلمىغان ئادەم ھېچقاچان جىسمانىي جەھەتتىن ئازاد بولالمايدۇ!

ئاقنىياز، سەن قاراپ باق،بىزنىڭ باللىرىمىزنىڭ نەزەر دائىرىسى قانچىلىك؟ ئۇلارنىڭ رادىئونى ئاچسا ئاڭلايدىغىنى ناخشا، سەھنىگە قارىسا، كۆرىدىغىنى ئۇسسۇل! بىزنىڭ تەشۋىقاتىمىز ئەنە شۇ! شۇڭا ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كاللىسىدا تەبىئىي ھالدا«ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن ئۇقۇم پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى، قىزىقىدىغىنى شۇ بولىۋاتىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئالىملىرىمىزدىن، تارىخچىلىرىمىزدىن، يازغۇچى-شائىرلىرىمىزدىن، ھەرساھە مۇتەخەسسىسلىرىمىزدىن خەۋەرسىز! شۇڭا ئۇلاردا بۇ جەھەتتە ئىنتىلىش ،قىزىقىش يوق! ئۇلار بىزنىڭ تارىختىكى ئۇلۇغ شەخسلىرىمىزنى ئەمەس، ھەتتا ھازىر ھايات ياشاۋاتقان، مىللىي مەدەنىيىتىمىز ئۈچۈن تۆھپە يارىتىۋاتقان جاپاكەش شەخسلىرىمىزنىمۇ بىلمەيدۇ! ئۇنى بىلمىگەنىكەن، ئۆزىنىڭ تارىخىنى، ھازىرىنى چۈشەنمەيدۇ! ...

- ئەخەت تۇردى: « ئاي يامغۇرى» رومانى 426-، 427-بەتلەر

▲ ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرىدىن ھاسىل بولغان قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر ئىچىدە ئاق تەنلىك ۋە قىسمەن سېرىق تەنلىك ئىرقلارنى بىرلەشتۈرگەن، يەرلىك يايلاق مەدەنىيىتى بىلەن بوستان مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرگەن،يەرلىك تىجارەت بىلەن خەلقئارا«يىپەك يولى» سودا ئالاقىلىرىنى بىرلەشتۈرگەن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما كلاسسىك ئەدەبىياتنى بىرلەشتۈرگەن، كۆپ قېتىم سەلتەنەت سۈرگەن مەشئەلچى مىللەت بولغان.

- ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» 1-بەت

▲ مەن ئۇيغۇرمەن، ئۆز خەلقىمنى سۆيىمەن. ئۇنىڭ ماكان سەتھىدە تۇرغان قىياپىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن شەھەر-يېزىلار، سەھرا-جىلغىلارنى كەزدىم. ئۇنىڭ زامانىنىڭ داۋىنىدا تۇتقان ئوبرازىنى بىلىش ئۈچۈن قەدىم زاماندىن ھازىرغىچە ھەتتا كەلگۈسى يىللارغىچە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلدىم، مۇھاكىمىلەر يۈرگۈزدۈم. مەن بۇنى باشقىلارنىڭ بايقىۋېلىشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى «ئاشىقنىڭ تەگرى بىلەن قوشۇلۇشى» دەك ،ئۆز سۆيۈپىكتىمنى خەلقىمنىڭ ماكان-زامان قاپلاپ تۇرغان ھەقىقىي قىياپىتى ئارقىلىق ئوبيېكتىپلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىزدەندىم. دەرد ۋە ھالاۋەتلىرىم ئەنە شۇ ئۆزلۈك ئاڭ بۇلىقىدىن فونتان بولۇپ چىققان! بۇ ماڭا پوئېزىيە ھوزۇرى، ھەيكەلتىراشلىق زوقى ۋە مۇزىكا لەززىتى بولدى. ئەلۋەتتە، خەلقىمنىڭ ئالىيجاناب خىسلەت ۋە مۇۋەپپەقىيەت ھېكمەتلىرىدىن سۆيۈنىمەن،خۇددى ئاقىدىل سەبىيلەردەك ئاسمانغا تەلپىكىمنى ئېتىپ،ۋارقىراپ-سەكرىگۈم كېلىدۇ. نېمە چارە،خەلقىم ئۆزىنى چىرمىۋالغان ئىللەتلەردىن خالىي ئەمەس، ئۇ خۇددى ئافىنا ئىبادەتخانىسى ئالدىدا بەتەھيۈەت ئىلان ئوراپ ئالغان مويسىپىت راكۇكونغا ۋە ياكى ئاياغ تەرىپى تاش بېلىققا ئايلانغان قىزغا ئوخشاش ئۆز ئىللەتلىرى تەرىپىدىن ماتالغان. بەلكى ناتوغرىدۇ، مېنىڭچە، «يىپەك يولى» خارابىلاشقانلىق، بېكىنمە ئىگىلىك، گادايلىق ۋە نادانلىق تۈپەيلى ھاسىل بولغان مەنىۋى ئىللەت خەلقىمىزدىكى پۇتكۇل ئاجىزلىق، ئۇيۇشمىسىزلىق ۋە كېلىشمەسلىكنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت. قېلىن تارىخىي چۆكمە ھاسىل قىلغان، مېنىڭ،ئۇنىڭ، سېنىڭ ھەتتا ئاتا-ئانام، يېتەكچىم، قەلەمكەش ئۇستازىم، ساھىبجامال دىلبىرىمنىڭ روھىيىتىدىن ئۇلارنىڭ ئۇماق پەرزەنتلىرىنىڭ روھىيىتىگە «مايلىق قۇرت» دەك ئۆملەپ ئۆتۈپ تۇرغان بۇ ئىللەتنى كۆرمەسلىك – ماھىيەتتە ئۆز خەلقىگە قىلىنغان ۋاپاسىزلىق ئەمەسمۇ؟!

- ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك بويىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» تىن

---

توپلىغۇچى: تەلئەت ئابلەت(M1)



# شاھرۇھخان ئۆلمىسۇن

(ھېكايە)

ئادىل يىلدىرىم

شاھمۇراد ئىسىملىك ئاغىنەمنى خوتۇنى شاھرۇھخان دەپ چاقىرىدىغان بولىۋاپتۇ.

- بۇ نېمە دېگىنى ئەمدى؟ تارىخىمىزدىكى شاھرۇھ مىرزىغا ئوخشاتقىنىمۇ يا بۇ؟ - دېدىم. ئۇ يەرگە بىرنى تۈكۈرۈۋېتىپ:

- نەدىكىنى؟! ھىندىستان كىنو ئارتىسى شاھرۇھخانغا ئوخشاتقىنىكەن ئەمەسمۇ؟! - دېدى.

- نېمە؟ بۇ... بۇ... نېمە دەيدۇ بۇ ئەمدى!؟ - ھەيران قالدىم. ئاغىنەم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. ئۆزى غەمكىن ئىدى.

- خوتۇن، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ - دېسەم، ئەركىلەپ تۇرۇپ، - بوي - بەستىڭ، قاپقارا، يوغان كالا كۆزلىرىڭ، قارىلاقلىقىڭ ۋە كالپۇكلىرىڭنىڭ قېلىنلىقى بىلەن يۈز سۆڭەكلىرىڭنىڭ تومپىيىپ تۇرۇشلىرى... ئۆزئەينى ھىندىستان كىنو چولپىنى شاھرۇھخانغا ئوخشايدۇ دەۋاتىدۇ، قارا؟!... خەپ... ئۇ مېنىڭ شاھرۇھخانغا ئوخشاپ قالغىنىمنى بىلگەندىن كېيىن، ماڭا تېخىمۇ ئامراق بوپكەتتى... ئۇنى ياخشى كۆرۈمەن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايمەن. قاتتىق ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، بوپتۇ! دەۋەتتىم، قارا ئاداش.

ئۇ شۇلارنى دەپ بولۇپ، شۈكلەپ قالدى.

ھىندىستان ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، مەدەنىيەتلىك زېمىن. ئۇيەردە ھېلىمۇ خىلمۇ خىل دىنلار، خىلمۇ خىل مەدەنىيەتلەر ۋە خىلمۇ خىل مىللەتلەر ئارىلاش ياشىماقتا ھەم ئۆزئارا كەسكىن كۆرەش داۋاملاشماقتا. بىزلەرمۇ تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيەتلىك بىر مىللەت. بىزنىڭ زېمىنىمىزمۇ ھىندىستانغا ئوخشاش ھەرخىل دىن، مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا ئۇچراشقان ۋە سىڭىشكەن زېمىن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ «ھىندىستان» دەپ ئاتىلىدىغان جۇغراپىيىلىك دائىرىدىكى خەلقلەر بىلەن بولغان مەدەنىي، ھەربىي، سىياسىي ۋە باشقا تامانلاردىكى مۇناسىۋەتلىرى تارىختىن بۇيان بىركۈنمۇ توختاپ قالمىغانىكەن. گائۇتاماسەددىغارد، يەنى ساكيامۇنى ساكلاردىن ئىكەن. ساكيامۇنى دېگىنىمۇ «ساكلارنىڭ ئەۋلىياسى» دېگەن گەپكەن. مەشھۇر ئۇيغۇر بۇددا دىنى ئالىمى كۇماراجىۋانىڭ ئاتىسىمۇ ھىندىستانلىقمىش...

كۆڭلۈم يېقىن بىر قىز ساۋاقدىشىم بولىدىغان، ئۇ ئۇشتۇمتۇت پەيدا بوپقالدى - دە، خىيالىمنى

ئەدەبىيات گۈلزارى

بولىۋەتتى.

- ھە، نېمە خىيال قىلىۋاتىسەن، دونكىخوت!

- ئۇ مېنى ھەمىشە دونكىخوت دەۋالاتتى.

- ئەجەبمۇ ۋاقتىدا كەلدىڭ، - دېدىممەن ئۇنىڭغا قاراپ، - سىلەر، بولۇپمۇ سىلەر خوتۇن-قىزلار شەيتانغا ئەگەشكەندەك، ھىندىستان فىلىملىرىغا بېرىلىپ كېتىۋاتىسىلەر. ھېلىمۇ ياخشى ئۇلارنىڭ بۇددىست بوپقالغىنى! ناۋادا مۇسۇلمان بولغان بولسا ياكى ئوتتۇرىمىزدا ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ چېگرىسى مەۋجۇد بولمىغان بولسا. . . ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدە، خۇددى بابۇر زامانىسىدىكى ئىككى-ئۈچ مىليون ئوتتۇرا ئاسىيالىقتەك ھىندىلارغا ئاسسىمىلاتسىيە بوپكېتەركەن! سەن دەپ باقە، ۋاي دېگۈدەك نېمىسى بار ئۇلارنىڭ. . . مېنىڭچە، بارېسە گەندىنىڭ قورۇلۇپ قالغان ئاشقازىنى بىلەن رابىندىرانات تاگورنىڭ بومبۇر ساقىلى بار شۇ!

ساۋاقدىشىم ھىندىستان فىلىملىرى توغرىسىدىكى گېپىمنى ئاڭلاپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى ھەمدە بۇلبۇلگويادەك سايرىۋەتتى:

- قالتىس! بەك ئاجايىپ! ! - دەۋەتتى ئۇ زوق-شوق بىلەن، - ئۇلارنىڭ ئايال ئارتىسلىرىنىڭ ۋاي دېگۈچىلىكى يوق. . . ئەر ئارتىسلىرى، بولۇپمۇ شاھرۇھخانچۇ. . . ئالامەت چولپان! ئېسىت. . . شاھرۇھخان بۇ يەرگە كېلىپ بىر-ئىككى مەيدان ئويۇن كۆرسەتكەن بولسا - ھە. . . ئۇنى بىر كۆرۈۋالسام! يە ھۆكۈمەت، يە بولمىسا فىلىم سودىگەرلىرى مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك ئىشنى قىلمايدىكەن ئەمەسمۇ؟ ! قاملاشمىغان بىر دۆلەتتە ياشاپ قاپتۇق دەيمەن. . . ئاھ، شاھرۇھخان. . . ھەقىقىي ئەركەك! . . .

چۆچۈپ كەتتىم. بۇ ئادەملەرگە، خۇسۇسەن بۇ قىز-خوتۇنلىرىمىزغا نېمە بالا تەگكەندۇ! ؟ بىر ئۈچۈمى مىكائىل جېكسون، ياننىي، مارتىن. . . دېسە، بىر ئۈچۈمى لېيودېخۇا، جورۇنفا. . . دەيدىكەن، يەنە بىر ئۈچۈمى ئۆزبېك شاھزاد ئانامبىلىندىكى ئاۋازى ئىنچىكە چىقىدىغان ھېلىقى بودەك راشىدخالىقنى «ۋاي» دېسە، بىر ئۈچۈمى تارقان، سەردار ئورتاچ، بارىس مانچۇ، ئەدىب ئاقبىرام. . . قاتارلىقلارنىي: «ۋاي ئانداقەي، ۋاي مانداقەي» دېيىشىپ تاسلا قالىدىكەن بىنادىن ئۆزىنى تاشلىۋالغىلى. مانا ئەمدى خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن شاھرۇھخان ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ئۇ ھەممىسىنى بېسىپ چۈشۈپ، بىرىنچىلىكنى ئالدى.

- سەن دىنىمىزنىڭ گېپىنى قىلىسەن، تېخى!

- دېدى ئۇ يەنە، - بىلەمسەنكىن، «سەرگەردان» . . . مانا شۇ ئۇلەمس كىنو، دۇنياۋى كىنو دەل ھىندىستاننىڭ. ئۇنىڭ ئاپتورى خوجا ئەھمەد ئابباس مۇسۇلمان، رىتا رولىدىكى پاتىمە نەرگىسمۇ مۇسۇلمان. . . نېمە دەيسەن؟ «نۇرى» نى كۆرگەنغۇ؟ ھە. . . نۇرى ۋە ئۇنىڭ ئاشىقى يۈسۈپ، بېشىر. . . ھەممىسى مۇسۇلمان. قارا، دونكىخوت، ھىندىستان دېگەن چوڭ زېمىن، تەخمىنەن 250 مىليون مۇسۇلمان بار ئۇ يەردە. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر كاتتا كىنو شىركەتلىرى بار. بەزىلەر شاھرۇھخاننىمۇ مۇسۇلمان، دەيدىكەن. مەنمۇ شۇنداق قارايمەن. مەسىلەن، شاھرۇھخان، ئامىرخان، سالمانخان دېگەن چولپانلارغا قارىغىنا، پۈتۈنلەي مۇسۇلمانلار قوللىنىدىغان ئىسىملار. ئۇلارمۇ مۇسۇلمان چىراي. . .

- مەن شاھرۇھخان دېگىننى راج كاپۇرنىڭ ئوغلى رۇسسى كاپۇرنىڭ پۇشتى، دەپ ئاڭلىغانىدىم، قايسىسى راست؟ - دەپ سورىدۇم ئۇنى گەپكە سېلىپ. ئۇ، تورۇپ كېتىپ مۇنداق دېدى:

- بىز خەقنىڭ ھالىمىز مۇشۇ بولغاندىكىن، ئۈچۈرغا بوش. مەن بىر ئامال قىلىپ، قايسىسىنىڭ راستلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىمەن.

- قانداق ئېنىقلايسەن؟

- ئىنتېرنېتتا مۇراجىئەت قىلىمەن.

مەن تېخىمۇ ھەيران قالدىم. بىراق ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭمۇ سەل قارىغىلى بولمىغۇدەك. «سەرگەردان» نى كەم، قايسى بىر ئۇيغۇر ياقتۇرمايدۇ؟ «نۇرى» نىچۇ؟ يەنە «كارۋان» ، «بوزۇلماس ۋەدە» ، «گاچا قىز» . . . دېگەندەك ئوبدان كىنولىرىمۇ بار. مەنمۇ ئۇ كىنولارنى نەچچە-نەچچە قېتىم كۆرگەنمەن. نېمىلا دېگەنبىلەن ئەمەلىيەت بەرىبىر بىزنى «راست» دېگۈزۈۋېتىدۇ. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ھىندىستان فىلىملىرى ۋە كىنو چولپانلىرى بىزگە ئىزچىل تونۇشلۇق بوپكېلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ مۇشۇ VCD دېگەن نەرسە پەيدا بولغاندىن بېرى تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. VCD پلاستىنكا سودىگەرلىرىمۇ بىزدىكى بۇ بوشلۇقنى، توغرىسى، ئېھتىياجنى چىڭ تۇتتى. ئۇلار مەلۇم جەھەتتىن ھىندىستان كىنولىرىنى تونۇشتۇرۇشتا بەك مۇھىم رول ئوينىدى. ئۆزىمىزنىڭ تۈتامغا چىققۇدەك بىر ئىجادىيىتىمىز، نادىر فىلىملىرىمىز بولمىغاچقا، ئاشۇ غىتىڭ-غىتىڭلارغا دۇم چۈشتۇق. ۋەھالەنكى، سەنئەتكە بولغان تونۇشىمىز ۋە ئېھتىياجىمىزمۇ چاغلىق ئىدى. شۇڭلاشقا، VCD پلاستىنكا دۇكانلىرى ئالدىدا توپ-توپ ئادەملەرنىڭ غىتى-غىتىڭغا ھەجىيىپ قارىشىپ تۇرۇشقىنى تۇرۇشقان. دۇكانلاردا ھىندىستان فىلىملىرىنىڭ 50 - 60% نى ھەتتا70 - 80% نى ئىگىلىگىنى ئىگىلىگەن. ئۇ پلاستىنكىلارنىڭ سېتىلىشى ۋە ئىجارىگە ئېلىنىشى، قىزىقتۇرۇشى مۇقەررەر تېز ھەم كۆپلۈك بولىدۇ. راست ئىكەن سەنئەتنىڭ دىن، مىللەت، دۆلەت، سىياسەت بىلەن ئالاقىسى بولمايدۇ دېگەن گەپ. چوڭلاردىن ئاڭلىغانىدىم: ئەينى چاغدا راج كاپۇرغا كۆيۈپ قالغان قىز-چوكانلار ئاز ئەمەسكەندۇق. پاتىمە نەرگىسكە ئاشىق بولغان ئەرلەرمۇ تولىكەنتۇق. ئۇلاردىن بەزىلىرى ھەتتا تېخى ھىندىستانغا سۆيگۈ مەكتۇبى ئەۋەتكەنىكەن! ئۇنى-بۇنى دەيمىز، لېكىن يەنىلا ئاخىر زامان بولغاندا، جەددال چىقارمىش. ئۇ، مىڭ، تومەن خىل نەغمە-ناۋا بىلەن كېلەرمىش. ئادەملەر ئۇنىڭ نەغمە-ناۋاسىنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالماي، سىرتقا يۈگرۈپ چىقارمىش ۋە جەددالغا يەم بولارمىش. . . دەيدىغان رىۋايەتتى ئەسكە ئالماي

تۇرالمايمىز. نەئۇزۇبىللا! ئەلقىسسە: ئۇلۇغلاردىن قالغان بىر گەپ بار: ھەربىر ئائىلىدە بىردىن دۇتار بولۇشى پەرھىز ئىمىش. جەددال چىققاندا دۇتار ئۆزلىكىدىن چېلىنىدىكەن-دە، جەددالنىڭ نەغمە-ناۋاسىنى بېسىپ چۈشىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن دۇتار بار ئۆينىڭ ئىگىسى ساق قالىدىكەن. قالغانلىرى قۇترىغان جەددالغا يەم بولىدىكەن. . .

قوشنىمىزنىڭ تولۇقسىزدا ئوقۇيدىغان قىزى خەنزۇتىلىنى راۋۇرۇس بىر ئۆگەنمەكچى بولغان‌بولۇپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىرادىسى بويىچە بىر ئايال، بىر ئەر ئىككى خەنزۇنى تۇتۇق ئاتا، تۇتۇق ئانا قىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن جۇشىڭچى، ۋەن زىلياڭ، ليۇدېخۇا، جورۇنفا، چېڭ لۇڭ. . . دېگەننىلا ئاڭلايتتۇق. تۇۋا قىلدىم. . . يېقىندىن بۇيان ئۇ مەستانە بوپقالغاندەك: «شاھرۇھخان، ئاھ. . شاھرۇھخان» دەيدىغانلا بوپقاپتۇ. بۇ ئەمدى ھىندىستان «مەدەنىيتى» بىلەن جۇڭگو «مەدەنىيتى»نىڭ رىقابىتىمۇ؟ ئەجنەبىي چولپانلارغا ھەۋەس قىلىدىغانلار نېمىدېگەن كۆپ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قىز-چوكانلار ئىكەن، تېخى. بۇ ياكى جەددالنىڭ نەغمىسىمۇ؟. . . نېمىلا بولسا بولسۇن، مەن قىز-چوكانلارنى كۆنۈلەپ قېلىۋاتىمەن. . . ئەرلەرمۇ شۇنداق بولسۇنمۇ يا؟ ئەرلەردىمۇ مادونا. . . دېگەنلەرنى كۆرگەنمەن. ئۇلارغا كېرەك بولسا، ئايال چولپانلار دېگەن مىغ-مىغ! مەسىلەن، «چالىقۇشى» فىلىمىدە پەرىدەنىڭ رولىنى ئالغان ئايدىن شېنبېر، ئۆزى چىرايلىق، ئوماق. . .

— نېمانچىۋالا قىلىسەن ئۇ قارا پاقىغا! ؟ — دېدىم بىر كۈنى. ئۇ ئالايدى:

— نېمە دەۋاتىسەن؟ ھىندىستان دېگەن يىلدا بىرەرمىڭ كىنونى ئىشلەۋېتىدىغان دۆلەت. ھولليۋودمۇ ئۇنىڭغا تەڭلىشەلمەيدۇ! ئەنە شۇنداق سەنئەت دۆلىتىنىڭ ، كىنو پادىشاھلىقىنىڭ سەھنىسىنى تىترىتىدىغانلار شاھرۇھخانلار ئەمەسمۇ؟ !

— يەنە شۇ شاھرۇھخان، — دېدىم غودۇراپ، — ھەي جىن! ئۇرۇق-تۇغقىنىڭنى. . . ئاددىيسى، ئۆزىمىزدىكىلەرنى بىلمەمسەن سەن؟ مەسىلەن، ئۆمەرجان ئالىم، ئەسقەر رېقىپ، مەۋلان نىياز. . .

— ئوھوش-تە. . . كىم بارىدى شاھرۇھخاندەك!

— ئۇ بورۇن - تۇمشۇقىنى ئۇچلىدى، — ئۇيغۇر دېگەننىڭ سەنئىتى پۈتۈنلەي كىرىزىسقا قالغان سەنئەت. ھەممە ساھەسىدە ۋاي دېگۈدەك نامايەندە يوق. ياكى تۇتسا سېپى، چاقىرسا ئىتى باردىن بىرسىمۇ يوق. بەزىلىرى بار تېخى، ئۇيغۇرچە. . . دەپ ئاھاڭى شالغۇت، تېكىستىنى يات تىلدا توۋلايدىغانلار. ئۇنى-بۇنى دەيسەن. . . ۋايىيەي. . . قوۋۇرغام. . . ئۆمەرجىنىڭكام دۇتار چېلىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. ئەسقەر رېقىپقۇ چىرايلىق، مانچېستىر دوپپىنى كىيدۇرۇپ، ئازراق گىرىم قىلسا، ئەخمەتجان قاسىمىي دېگەن ئادەمگە ئوخشاپ قالىدىكەن. مەۋلان بولسا سەكرەشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. . .

— سېنىڭ ماختىغان شاھرۇھخان دېگىنىڭ سەكرىمەمدۇ؟ — ئۇنىڭ گەپلىرى مېنى ئويلاندۇردى ھەمدە كۈلگۈمنى كەلتۈردى. بىراق ئاچچىقىم ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن: «شاھرۇھخان دېگەن قارا ئەبلەخ ئۆلسۇن! » دەۋەتتىم ئاچچىقىمنى باسالماي. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ بەك خاپا بوپكەتتى ۋە ياقامغا ئېسىلدى:

— شاھرۇھخان ئۇمىچىڭنى ئۆرۈۋەتكەنمىدى! نەرىڭگە تاقاشتى! — مەن ھەقىقەتەن ئامالسىز قالدىم. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇۋىسى بۇزۇلغان قارا چۈمۈلىدەك يوپۇرۇلۇپ چىقىشتى. ئاكىسى تېخى ئوقۇشماستىن تاس قالدى ماڭا مۇشت ئاتقىلى. ئادەم ئولاشتى. . . ئاخىرى ئەھۋال ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ئۇلار: «ساراڭ نېمىكەنسەن! كىچىك قىز بالا بىلەن قېرىشىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ! » دېيىشتى. كىچىكمىش. . . قاپقارا بىر ئەركىشىگە مەستانە بوپقالغان قىز بالىمۇ كىچىكمىش.

— ئۇ تېخى. . . شاھرۇھخان رولدا، ناخشىدا ۋە زامانىۋى ھىندىستان دىسكوسىدا بار، ھەممىسىدە بار! ئۇيغۇرۇڭدا كىم شۇنداق قىلالايدۇ؟ ! دەۋاتىدۇ. قاراڭلار، ئەجىبا، بىزدە ئۇنداقلار يوقمىكەن! — دېدىم. كۆپچىلىك مېنى يەنىمۇ بەك ئەيىبلەپ كېتىشتى. «ماز» ، «يولسىز» . . . ئاقچى. . . كۆكچى دېيىشتى. . . دېمىسىمۇ، مەن ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلاشقاندەك تۇرىمەن. ئۇ قىز بالا يىغلاپ تۇرۇۋالدى. كۆپچىلىك ماڭا كايىشتىن توختىمىدى . ئىشىم يوق ئادەممۇ مەن، نېمە قىلىمەن جەددالنىڭ نەغمە-ناۋاسىغا مەست بولغانلارغا گەپ قىلىپ؟ مەن يا دۇتار بولمىسام. . . ئاخىرى، كۆپچىلىكنىڭ دېگىنى بويىچە:

— خاپا بولما سىڭلىم، مەن خاتالىشىپتىمەن. . . بولدى، شاھرۇھخان ئۆلمىسۇن! ئاللادىن ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيلى! — دېدىم. خۇدانىڭ كارامىتى بىلەن ئۇ قىز بالا كۈلدى ۋە مېنى ئەپۇ قىلدى. ھەممە ئادەم كۈلدى. سۇبھانەئاللا! بۇ گەپنىڭ بۇنچىلىك قۇدرىتى بارلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى نەق جەددالنىڭ نەغمە-ناۋاسىغا دۇچ كەپتۇ. ئەشۇ جەددالنىڭ مىڭ، تۈمەن خىل نەغمە-نەۋاسىنىڭ بىرى، دەل ھىندىستان كىنو فىلىملىرى ھەم شاھرۇھخان كەبىي چولپانلىرى ئىكەن. ئۆيلىرىمىزدە مىڭ، تۈمەن خىل نەغمە-ناۋانى بېسىپ چۈشىدىغان دۇتار يوقمۇ، نېمە. . . ھىندىستان سەنئەتكارلىرىغا ھەۋەس قىلىش — چوقۇنۇش باسقۇچىغا بېرىپ قاپتۇ. جەمئىيەتلەشكەن ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ شەكىللىنىپتۇ. نەگىلا قارىساڭ ئۇ چولپانلارنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى. ھەتتا توي باغاقلىرىمىزغىمۇ بۆسۈپ كىرىپ جاي ئالدى. نەگە بارساڭ، ھىندىستان كىنو ناخشىلىرى قۇلاقلارغا سىڭىپ كەتتى. بۇ ھۆكۈمەت ئەللىك نەچچە يىلدىن بېرى توختىماي يۈرگۈزۈۋاتقان تەشۋىقاتلاردىن قالسىلا ئىككىنچى تەشۋىقات بوپقاپتۇ. ئۇچرىغانلىكى بىر قىزدىن سورىساڭ، شاھرۇھخان،

ئامىرخان، سالمانخان. . . دېگەن ھەيۋەت ئىسىملارنى ئاڭلىيالايسەن. ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرىمۇ ئەجەب غەلىتە؛ مەمەتخان، تۇمۇرخان، يولۋاسخان. . . دېگەن ئىسىمى بارلارنى كۆرسە ياكى ئاڭلىسا: «قانداق ئىسىم ئۇ؟! تۇۋا. . . ئەجەب مەتۇ» دەپ كۈلۈشىدۇيۇ، ھىندىستان سەنئەتكارلىرىنىڭ ھەممىسى «خان» دېيىلىسىمۇ ئەجەبلەنمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان، ئىران تەرەپلەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەجدادلىرىمىز سەلتەنىتىدىن مىراس قالغان «خان» ئىبارىسىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى ئەمەسمۇ؟!. . . سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي ئىچى پۇشۇپ قالسىلا ھىندىستانغا قوشۇن تارتىپ كىرەتتىكەن ۋە قاراقۇيۇندەك تۇپتاراس قىلىۋېتىپ قايتىپ چىقاتتىكەن. بابۇر ھىندىستانغا كىرگەندە تەخمىنەن ئىككى-ئۈچ مىليون ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئەجدادلىرىمىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھىندىستانغا كىرگەنىكەن. نەچچە مىڭ يىللارنىڭ كېيىنى قىلغاندىمۇ زور بىر تۈركۈم ئەجدادلىرىمىز تارىم ۋادىسىدىن ھىندىستانغا كىرىپ، يەرلىك ئاھالە دەپ ئاتالغان پاكار، دىقماق، قاپقارا، پاناق ۋە كىچىك كۆزلۈك، بۇدرە چاچلىق دىراۋىدلارنى ھىندىستاننىڭ ئەڭ شىمالىغا قوغلىۋېتىپ، ئۆزلىرى شۇ زېمىنلارغا ولتۇراقلاشقانىكەن. ئۇلار باشقا خەلقلەر بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئارىلاشقاندىن كېيىن، ھىندىستاننىڭ ئەڭ دەسلەپكى يەرلىك ئاھالىسى دەپ ئاتالغانىكەن ھەمدە كېيىنكى ھىندىستان مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغۇچىلار بوپقالغانىكەن. بۇ قىز-خوتۇنلارنىڭ ۋاي شاھرۇخخان. . . دېيىشلىرىگە قارىغاندا، شاھرۇخخان يە ئاشۇلارنىڭ پۇشتىدىنمىدۇ؟ رىشتە ئۈزۈلمەيدۇ ئەمەسمۇ. . .

مەھەللىمىز ئىمامىنىڭ كىچىك قىزى ئۆز ھۇجرىسىغا شاھرۇخخاننىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتىنى چاپلىۋېلىپ، ئەتىگىنى-ئاخشىمى تەلمۈرۈپ قاراپ ئولتۇرۇدىغان، تاماق يەۋېتىپمۇ شۇ سۈرەتكىلا قارايدىغان بولىۋالغاندىن كېيىن، ئىمامئاخۇنۇم چىداپ تۇرالماي: «سەن ئائىلىمىزگە رەھبانىيەتنى ئەكىرمەكچىمۇ» دېسە، قىزى: «جېنىم دادا، بۇ دېگەن سەنئەت!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. غەزەپلەنگەن ئىمامئاخۇنۇم: «دەرھال كۆزۈمدىن يوقات! ھۇ. . . ئىمانسىز. . . يەھۇدىي- ناسارىغا، بۇددىست - مۇشرىكقا ئوخشاش ئىش قىلساڭ، بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايمەن!» دەپ قويۇپتىكەن، ھېلىقى مەستانە قىز: «ئۆلىۋالىمەن» دەپ تاس قاپتۇ راستتىن ئۆلىۋالغىلى! ؟ بۇرنى-قۇلىقىغىچە تويغان ئىمامئاخۇنۇم: «بولدى قىزىم، رەنجىمە! سەن ئۆلۈۋالمايدىغانلا ئىش بولسا، مەيلى، ئىختىيارىڭ بالام. . . ئاشۇ قاپقارا ئادەمنىڭ سۈرىتىنى تېمىڭغا چاپلىۋال. . . خۇدايىم. . . قىزىم ئۆلمىگىن، ساڭا بەك چىرايلىق كۆرۈنگەن ئاشۇ ئادەممۇ ئۆلمىسۇن!» دېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۆيدىكى باشقىلار قارىسا، بۇ چاغدا ھېلىقى قىز كۈلۈۋاتقۇدەك. . .

خىياللىرىم قاناتلىناتتى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي ھىندىستانغا قوشۇن تارتماقتا.

مال-مۈلۈكلەر ئولجا ئېلىنماقتا. . . بابۇرشاھ ھىندىستاننى ئەل قىلىپ، بابۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرماقتا. تېخىمۇ ئۇزاقتا. . . بىر خەلق ھىندىستانغا كۆچۈپ كىرىپ، يەرلىكلەرنى قوغلىماقتا. . . شۇنىڭ بىلەن يەرلىكلەرنىڭ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن سەنئىتى ھىندى ئوكيانغا چۆكتۈرۈلمەكتە. . .

جەددال قوزغىماقتا. مىڭ، تۈمەن خىل نەغمە-ناۋا. . . دۇتارنىڭ بىر تارىسى ئۈزۈلۈك، ساق قالغان يەنە بىر تال تارىسى ئاجىز بىر خىل ئاۋاز چىقارماقتا. . .

بىر ئاغىنەمنىڭ سىڭلىسىنى تېلېۋىزور ئالدىدىن قوپماي، ھىندىستانVCD فىلىملىرىنى كۆرۈدىغان بولىۋاپتۇ. . . ئانداق-مانداق. . . دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم. ئاغىنەم ئىككەيلەن بىر ئىش بىلەن ئۇلارنىڭ سىڭلىسى بار ئەشۇ چوڭ ئۆيگە باردۇق.

- قارا، سىڭلىم مۇشۇنداق ئولتۇۋەرسە يە ئېلىشىپ قالىدۇ، ياكى بولمىسا بىرەرسى بىلەن بىللە ھىندىستانغا قاچىدۇ! - دېدى ئاغىنەم. ئېنىقكى، بۇ، ئۇنىڭ ئاچچىقىدا دېگەن گېپى ئىدى. دەرھەقىقەت، ئۇ قىز بالا مەلۇم بىر فىلىمنى ئىشتىياق بىلەن كۆرۈپ ئولتۇراتتى، قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى. تامغا مىق قاقساقمۇ ئاڭلىمايدىغاندەك قىلاتتى. . . مەنمۇ ئولتۇرۇپ، ئۇ فىلىمنى بىرەردەم كۆردۇم. يەنىلا شۇ ھەممە ئۇيغۇرغا ياد بوپكەتكەن، ئەمما ئۇيغۇرلارنى قاندۇرالمايۋاتقان تونۇش، قېلىپلىشىپ كەتكەن ۋەقەلەر. . . فىلىم - جانلىق تۇرمۇشتىن يىراق بولغان، رومانتىك، دەبدەبىلىك ۋە ئاددىي ئىنسان ئاغزىدىن ئاڭلىغىلى بولمايدىغان تەسىرلىك، ھەيۋەتلىك سۆز-ئىبارىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئىشق-پىراق، مەستانىلىق، مۇھەببەت-نەپرەت، مەردلىك-مەردانىلىق، ئەدلى-ئادالەت، ھەق-ناھەق، ئەدەب-ئەخلاق، باتۇرلۇق، قىساسخورلۇق، ياساللىق - تەسادىپىي توغرا كەپقېلىش . . . قاتارلىق قېلىپلاشقان، كونىرىغان ۋەقەلىكلەر ئازراقمۇ ئىسلاھ قىلىنماستىن تىزىلىپ كەتكەنىدى. ئاساسلىقى، يەنىلا مۇھەببەت ئىدى. . . بۇ ۋەقەلىكلەر ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام ئەدەبىياتىدىكى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نامايەندىلەر ئەمەسمۇ؟! شۇنىڭ بىلەن ھىندىستان كىنوچىلىقىنىڭ بۈگۈنى جۇشقۇن ناخشا-مۇزىكا، ئۇسسۇلنى ۋە شاھرۇخخاندەك چولپانلارنى گەۋدىلەندۈرۈشنى كۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن «سەرگەردان» كىنوسى ئىشلەنگەن دەۋردىكىدىن خېلى چېكىنىش بولغانلىقىنى ھېس قىلىش بىلەن بىرگە، خىياللىرىم مېنى داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان ئۆتمۈشلەر تەرەپكە ئەكەتكەنلىكىنى تۇيماي قاپتىمەن. نېمە-نېمىلەرنى خىيال قىلدىمكىن. . . تۇيۇقسىز بىر خىل ئۇچار جىسىم غارقىرىغىنىچە قۇلاق تۈۋىمدىن ئۆتۈپ كەتتى ۋە ئېسىمنى يىغقۇچە ئەيتاۋۇر باشقۇرۇلىدىغان بومبىمىكىن، دەھشەتلىك ئاۋاز چىقىرىپ، پارتلاپ كەتتى. بىر يەرلەردە: «يائاللا»،

«ۋايجان-ۋايىيەي» دېگەنگە ئوخشاش ئۈيغۇرچە ئاۋازلار ئاڭلانغاندەك قىلىپ قالدى. . . مەن يەنە نېمىلەرنى ئويلاي. . . ئېسىمگە كەلدىم. ئەمەلىيەتتە جەدداڭنىڭ نەغمە-ناۋاسى ئاڭلىنىۋاتقانىكەن. فىلىم داۋاملىشىۋاتاتتى. قارىلاق بىر ئەر بىلەن قارىلاق بىر ئايال بىر-بىرىنىڭ كاسا ۋە سۆڭگەچلىرىنى ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىشىۋاتاتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە بىرەر يۈزچە ھىندى خۇددى ئافرىقىدىكى ئىپتىدائىي قەبىلە كىشىلىرىدەك ، خۇددى بىراھما موللىسىدەك، خۇددى دىسنىي شىركىتى ئىشلىگەن كارتون فىلىملاردىكى ئۇسسۇلغا چۈشكەن ھاشاراتلاردەك بىرخىل قىلىقلارنى قىلىپ يۈرەتتى. ۋاي-ۋۇي. . . بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە بولغان تەلىپىمىز نېمىدېگەن ئاددىي ھەم تۆۋەن-ھە؟! ئېيتسا، ئوينىسا. . . يىغلىسا، كۈلسە. . . سۆيسە، تەلمۈرۈپ قاراشسا. . . ئەسكى بىلەن ياخشى سەت-چىرايلىق قىلىپ تىزىپ قويۇلسا. . . ھەيۋەت بىرسى «دوشت-دوشت» ئاۋاز چىقىرىپ ئىككىلا چۆرگىلىسە، بەش-ئون بۇرۇتلۇق، قاپقارا «ئەسكى» ئادەم تەرەپ-تەرەپكە موللاق ئېتىپ، يىقىلسا. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىشلار بولسىلا بولدى-دە! كاللام قوداڭشىپ قالغاندەك بولدى. . .

– سىڭىلچىقىم. . . ئاۋۇ قوڭىنى تولغاپ، غەيرىي قىلىقلارنى قىلىپ يۈرگىنى ھېلىقى شاھرۇخخان دېگىنى شۇمۇ؟

– شۇ! ئالامەت ئارتىس . . . – ئۇ، گوياھاياجان ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدا جاۋاپ بەردى. دەل شۇ چاغدا يەنە بىر ئاھاڭدىكى ھەسرەتلىك ناخشا باشلاندى. فىلىمدىكى شاھرۇخخان يىغلىۋىدى، بۇ قىز بالىمۇ مىشىلداپ يىغلىۋەتتى.

– ئۇ كىم؟ – دەپ سورىدۇممەن قەستەنگە.

– بىلمەمسىز؟! . . . توۋا. . . رەسمىي جاھاننىڭ كەينىدە قاپسىز، ئاكا. . . شاھرۇخخان! ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟! ئاڭلاۋاتامسىز. ئاھ. . . شاھرۇخخان. . . ھىندىستان كىنو پىرى، ئەڭ داڭلىق يۇلتۇزى، ھەقىقىي سەنئەتكار! ئۇ بۇ يىل 36 ياشقا كىردى، خوتۇن-بالىسى بار. . . مەن ئۇنىڭغا چوقۇنىمەن!

– ھاي. . . بىلىپ سۆزلە، سىڭلىم. . . چوقۇنۇش دېگەن بىر ئاللاغا بولىدۇ! خۇددى «قۇرئان كەرىم» دىكى ئايەتتەك ئىش بوپقالمىسۇن. . . مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنىي ئىسرائىل قەۋمىنى يېتەكلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارغا بۇتقا سەجدە قىلىۋاتقان بىر قەۋم يولۇقتى. بۇنى كۆرگەن بەنىي ئىسرائىل، مۇسادىن ئەشۇلارنىڭكىگە ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مۇسا ھەم ھەيرانلىق، ھەم غەزەپ ئىچىدە ئۇلارغا: سەجدە قىلىشقا ئەڭ لايىق زات پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللادۇر، ئۇ كۆپايىدۇر. . . دېدى. سىڭلىم، كاللاڭنى چايقىۋەتكىن، ئويغانغىن!

ئۇ، بېشىنى سىلكىپ تۇرۇپ:

– ۋايجانەي. . . بۇرۇنقىلارنىڭ رىۋايىتىنى سۆزلىمەڭا! ھازىر دېگەن قايىۋاخ؟ زامانغا، دەۋرگە ماسلىشالماي قاپسىز جۇمۇ، ئاكا! – دېدى. گېپىم ئۇنىڭ ئۇ قۇلىقىدىن كىرىپ، بۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كەتكەنىدى. ھەي، بۇ ھەرگىز ئاددىي بىر ئىش ئەمەس، جۇمۇ! . . . شاھرۇخخان دېگىنى بىرسىنى بىر تېپىپلا بەش-ئون مېتىر يىراققا دۈم ياتقۇزۇپ قويۇۋىدى، ئۇ، خۇشاللىقىدا چاۋاك چېلىپ، قاھ-قاھلاپ كۈلۈۋەتتى. . . بۇ چاغدىكى ئۇنىڭدا بار بولغان ئىخلاس ۋە زېھىننى ناماز ئۆتەۋاتقان مۆمىن ئابىدتىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى. بىر دەمدىلا ئاغىنەمنىڭ ئايالى كىرىپ كەلدى-دە:

– ئاۋۇنى ئۇرغان كىم؟ – دەپ سورىدى قىزغىنلىق بىلەن. سىڭىلچىقىمىز: «كىم بولاتتى؟ شاھرۇخخان ئۇرىدۇ-دە، ئەلۋەتتە!» دېگەندىن كېيىن ئاغىنەمنىڭ ئايالى:

– ئۇ، ئۇنچىلىك ئىشنى ئەلۋەتتە قىلىدۇ-دە! ھەقىقىي ئەركەك! – دېمەسمۇ، غۇزۇژىدە ئاچچىقىم كەلدى:

– بۇ ھۆكۈمەتمۇ بولمايدىكەن. . . تۈركىيە، ئىران. . . ۋە غەربنىڭ فىلىملىرىنى چەكلەپ تۇرىدىكەن، ئەكسىچە، ھىندىستان، پاكىستاننىڭ ئاتالمىش سەنئىتىنى پەقەت چەكلىمەيدىكەن. خەپ!

– چىداڭ! چىدىغانغا چىقارغان. ھۆكۈمەت دېگەن ئەنە شۇنداق ياخشى ھۆكۈمەت! شۇڭا ئۇنى ھىمايە قىلىمىز. . . VCD كۆرسەك، ھىندىستاننىڭ فىلىمى يېتەرلىك. تېلېۋىزور كۆرسەك، تەيۋەن، شياڭگاڭ، سىنگاپورنىڭ فىلىملىرى يېتەرلىك. . . قانداق؟ چىدىيالمايۋاتامسىز! زادى بۇ ھۆكۈمەت بىز ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدۇ، – ئۇ ئىككىسى كۈلۈپ، يايراپ كېتىشتى.

– خەپ! زور قوشۇنغا ئېرىشىپ قالىدىغان بولسام، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي ھىندىستانغا 17 قېتىم قوشۇن تارتقاندەك ، ئاشۇ شاھرۇخخاننى دەپ بولسىمۇ ، بىر قېتىم قوشۇن تارتقان بولاتتىم ۋە بابۇردەك، ئۇ جايىنى ئەل قىلاتتىم. ئۇچاغدا شاھرۇخخانلاردىن ئايرىلىپ قالاتتىڭلار-دە! دېسەم، ئۇلار:

– مۇمكىن ئەمەس! – دېيىشتى. نۇرغۇن گەپلەرنى دېيىشتۇق. ئاقىۋەتتە ئۇلارنى قايىل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى قاتتىق رەنجىتىپ قويدۇم. ئۇلارنىڭ رەنجىشىگە، «شاھرۇخخان ئۆلسۇن!» دېگەن بىر ئېغىز گېپىم ئېغىر بىلىنىپ كەتتى. ئەتىسى ئاغىنەم: «ئايالىم بىلەن سىڭلىم ساڭا بەك ئۆچ بوپكېتىپتۇ. مىنىمۇ، سەن ئۇنىڭغا گەپ قىلماي كۈلۈپ ، قاراپ ئولتۇردۇڭ. . . دەپ ھارغىچە ئەيىبلەشتى. . . سىڭلىم: ئۇنى ئاكامنىڭ يېقىن دوستى دەپ تولىمۇ ھۆرمەت قىلاتتىم، كۆڭلۈمنى ئاغرىتتى. . . دەپ بەك يىغلاپ كەتتى. بۈگۈن ئۇ ئاغرىپ قاپتۇ. تاماقمۇ يېمەي قوپماي ياتىدۇ» دېگەن گەپنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئاپلا! . . . ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردىم. سىڭلىمىز قاراپمۇ قويماي دۈم ياتاتتى. . .

– خاپا بولمىغىن، سىڭلىم. . . شاھرۇخخان ئۆلمىسۇن! سىلەرنى دەپ بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئۇزۇن

ئۈمۈر تىلەيمەن! - دېدىم. بۇ گەپ بىلەن ئۇ
ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى ۋە:
- ھەببەللى! بۇ گېپىڭىز يارايدۇ! - دېدى.
پاھ. . . مانا كارامەت دېگەن شۇ. بۇ، سەنئەتنىڭ
سېھرىي كۈچىمۇ؟ ياكى ئەشۇ سۆزنىڭ قۇدرىتىمۇ؟
ئەشۇ شاھرۇھخان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بولىدىغان
بولسا، خوتۇن-قىزلىرىمىز كېسەل بولمىغۇدەك،
بىزمۇ خاتىرجەم بولغۇدەكمىز. . . ھەممەيلەن
كۈلدى. ئۆي ئىچى كۈلكىگە، شادلىققا ھەم
ئىللىقلىققا تولدى. مەنمۇ كۈلدۈم. ئەمما ، راست
كۈلدۈممۇ- يالغانمۇ، بۇ ماڭىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى.
ئەينى يىلى ئېرى ئۆزۈن يولغا قاتناپ كەتكەن بىر
شوپۇرنىڭ ئايالى «سەرگەردان» نى كۆرۈپتۇ-دە،
ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا ئۆيگە كىرگەن ئوغرى
دەرھال كارىۋاتنىڭ تېگىگە كىرىۋاپتۇ. ئايال ئۆي
ئىچىدە رىتانى دوراپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل
ئوينىغانىكەن، ئوغرى كۈلۈپ تاشلاشتىن ئەنسىرەپ،
قولىغا چىققان بىر ئايالچە ئۆزۈن پايپاقنى ئاغزىغا
تىقىۋاپتۇ، ئايالنىڭ قىلىقلىرى داۋام قىلىۋېرىپتۇ،
ئوغرى كۈلكىنىڭ ئازابىدا پايپاقنى گېلىغا
تىقىۋېرىپتۇ، ئاقىۋەتتە قانداق بوپتۇ؟ ئوغرى ئۆلۈپ
قاپتۇ! دېمەك، ھىندىستان كىنولىرىمۇ ئادەم
ئۆلتۈرەلەيدۇ. سەنئەتمۇ ئادەم ئۆلتۈرەلەيدۇ.
سەنئەتنىڭ تەڭداشسىز سېھرىي كۈچى دېگەن شۇمۇ؟
بىر ياۋروپالىق بىر مۇزىكا ئىشلەپتىكەن، مۇزىكىنى
ئاڭلىغانلىكى ئادەم ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋاپتۇ، شۇنىڭ
بىلەن ئۇ مۇزىكا چەكلىنىپتۇ، دېگەن گەپنى
ئاڭلىغانىدىم. مۇبادا شۇ راست بولسا، ئۇنداقتا
جەددالنىڭ مىڭ، تۈمەن خىل نەغمە-ناۋاسىمۇ
سەنئەتنىڭ تەڭداشسىز سېھرىي كۈچىمىدۇ؟ بۇ كۈچ
ئالدىدا سەنئەتنى چۈشىنىدىغان ۋە قەدىرلەيدىغان
ئىشقى بار ئادەملەر ئالدى بىلەن جەددالغا يەم بولىدۇ.
شۇنداق دېسەك توغرا بولارمۇ؟
ئۆيدىكىلەر: «بۇ خوشاللىقنى ھىندىستاننىڭ
فىلىمىدىن بىرنى كۆرۈپ تەبرىكلەيلى، سەنمۇ بىز
بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ كۆرگىن» دېيىشتى. ئامال
يوق« ماقۇل» دېدىم. بىر پلاستىنكا قويۇلدى، باش
رولدا يەنە شۇ شاھرۇھخان ئىكەن. ھەممىسى
قىزىقىپ كۆرۈۋاتاتتى. ماڭا جەددالمۇ ھىندىستانچە
نەغمە-نەۋا قىلىدىغاندەكلا تۇيۇلۇشقا باشلىدى.
فىلىمدىن ھېچقانداق ھوزۇر ئالالمىدىم،
ناخشا-مۇزىكىدىنمۇ شۇنداق. بۇ بەلكىم سەنئەتنى
چۈشەنمەيدىغىنىمدىندۇ. بىراق، شۇنداقمىكىن
دېسەم، خېلى ئىشقىم بار مېنىڭ! ھېچ بىلەلمىدىم،
نېمە دېسەم بولىدىكىن. . .
خىياللىرىم مېنى قامال قىلغىلى تۇردى.
ئەجدادلىرىمىزدىن زور بىر قىسىم خەلق ھىندىستانغا
كىرىپ، دېراۋىدلارنى شىمالغا قوغلىماقتا.
ساكيامۇنى بىر تۇپ دەرەخ تۈۋىدە تەپەككۇر قىلماقتا.
قەنىشقا ھىندىستاندا ئىمپېرىيە تېمىنى قوپۇرماقتا.
كارۋانلار، سودىگەرلەر، قاراقچىلار، ئەلچىلەر،
تالىبلار، دىن تارقاتقۇچىلار، سەييياھلار، مەدەنىيەت
ئالماشتۇرغۇچىلار، ھۈنەرۋەنلەر، ئىشلەمچىلەر،
جاھانكەزدىلەر، خاقانلارنىڭ قىلىچىدىن قاچقانلار،
ئەسكەرلەر، ھاڭۋاقتىلار، پۇرسەتپەرەسلەر،
پاھىشىۋازلار. . . خىلمۇ خىل ئىرقلار. . .
توختىماي يۈرۈشمەكتە. قاپقارا، ئاۋاق بىر ھىندى
قولىقىنى تۇتۇۋېلىپ ناخشا توۋلىماقتا. يوغان پىلغا
مىنىۋالغان ۋىجىك بىرسى قىزىل سەللە يۆگىۋالغان،
بىر ئوتتۇرا ئاسىيالىق باتۇر ئات ئۈستىدە نەيزە تۇتۇپ
تۇرماقتا. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي باشلىغان نەچچە
تۈمەن كىشىلىك قوشۇن يۈرمەكتە. بابۇر سەلتەنەتلىك
ئالتۇن تەختتە ئولتۇرماقتا. چەۋەندازلار غايەت زور
بۇ باليانقۇغا - ھىندىستانغا توختىماي ئۇرۇق
چاچماقتا ۋە ھىندىستاننى قەھرىمانلىق ئېپوسى
يارىتىشقا قىستىماقتا. . . گەندىي بىلەن رابىندىرانات
تاگور يۈز مىليونلىغان ھىندىستانلىققا خىتاب
قىلغىلى تۇردى. بىر ئەسىرلىك برىتانىيە
مۇستەملىكىسى ئويغاندى ۋە: «ھىندىستانلىقلار
ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك بىر ھالەتكە كېلىپ باقمىغان،
ئەمدى كەلدى! سىرتتىن كەلگەن يات مىللەتلەركەي-
نى-كەينىدىن ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆلشىپ
ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان سىجىل تارىخقا رەسمىي
خاتىمە بېرىلدى! ! ھىندىستان مۇستەقىل
بولدى! ! ! » دېگەن ھەقىقەتنى دۇنياغا
جاكارلىدى. . .
خىياللىرىم تا دوستلار ئولتۇرۇشىغىچە مېنى
قامال قىلغاندى. بىر چاغدا تالاش-تارتىش باشلاندى.
ئەسلىدە قىزلار شاھرۇھخان رول ئالغان فىلىمدىن
بىرەر-ئىككىنى كۆرۈمىز، دەپتۇ. ئوغۇللار بولسا،
نەق مەيداندىن تارقىتىلىۋاتقان ئىتالىيە A
دەرىجىلىكلەر پۇتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسىنىڭ ھەل
قىلغۇچ مۇسابىقىسىنى كۆرۈمىز، دەپتۇ.
تالاش-تارتىشىش شۇ ئىكەن. قارىسام، مۇسابىقىنى
روما كوماندىسى بىلەن پارما كوماندىسى
ئويناۋېتىپتۇ. نەق مەيداندا نەچچە تۈمەن تاماشىبىن
بولۇپ، مۇسابىقە بەك قىزىپ كەتكەنىدى.
ئەپسۇسكى، كۆرەلمىدۇق. چۈنكى قىزلار دېگىنىنى
قىلغانىدى. ھەقىقەتەن ئۇششۇقنىڭ زامانى ئىكەن
بۇ. بىراق شاھرۇھخان رول ئالغان فىلىم
ھېچقايسىمىزغا خۇشياقمايۋاتاتتى، قىزلارغا ياراپ
كەتكىنى بىلەن! . . . يەنىلا شۇ ناخشا، يەنىلا شۇ
سەكرەش، قارىلاق قىز-يىگىتلەرنىڭ بەل تولغاش،
چىچاڭشىش، سۆڭگەچ-قوڭلارنى سوقۇشتۇرۇش. . .
تەسىرلىك، كىتابىي-سۆز ئىبارىلەر. . . جاق
تويدۇم! چىدىغۇچىلىكىم، سەبر-تاقىتىم قالمىدى.
- بۇنىڭدىن كېيىن سېنى «شاھرۇھخان» دەپ
ئەركىلىتىمەن، - دېدى لايىقىم قۇلىقىمغا
شىۋىرلاپ، يىرتىق ئىشتاندىن بىرنېمە چىققاندەك،
ھۆل تامغا ئېشەك تەپكەندەك. . . بۇ گەپ شۇنداق
سەپرايىمغا تەگدىكى، تاس - ماس قالدىم سورۇننى
بېشىمغا كىيگىلى. بۇ ساراڭغا نېمە بالا تەگدى
ئەمدى؟ «ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرۈپ ئالا بوپتۇ،
دوستۇڭ قاغا بولسا، يېيىشىڭ پوق» دېگەندەك، بۇ
كالۋاغىمۇ يۇقۇپتۇ-دە، ۋىرۇس. . .
- بولمايدۇ، رۇخسەت يوق! -دېدىم. ئاچچىقىم-

نى ئۆزۈم بىلمەن-دە، ئەلۋەتتە.

— ياق... — ئەركىلىدى ئۇ، — دەيمەن! شاھرۇھخان، جېنىم... سېنى سۆيىمەن، سەن مەڭگۇ مېنىڭ...

چىديالمىدىم:

— ھىندىستانغا بېرىپ ئۇنىڭغا تېگىۋال!... بولدى، بەس... يېتەر! 19-مايدىكى تويىمىزنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتەيلى!! — تۇۋلاپ سالدىم.

سورۇندىكىلەرمۇ ھەيران قالدى. لايىقىم نېپىز كالپۇكىنى چىشلىدى... خۇمار كۆزلىرىدىن شەبنەمدەك سۈزۈك ياش تامچىلىرى چاچرىدى. ئۇ، ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى. مەن بەئەينى بېشىنى تاتىلاپ، يەرگە تېپىدىغان تەلۋىگە ئوخشاپ قالغانىدىم. زادى نېمە بولغانلىقى ئېنىقلانغاندىن كېيىن، قىزلار بىرلىشىپ ماڭا ھۇجۇم قىلدى. ئوغۇللار مەن تەرەپتە تۇرۇپ ئۇلارغا قارشى چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. شاھرۇھخانىنىڭ بەل تولغاپ تۇرۇپ ئېيتىۋاتقان ناخشىسىنى ھېچكىم ئاڭلىمايۋاتاتتى... بۇ قېتىممۇ مېنىڭ: «شاھرۇھخان ئۆلسۇن!» دېگەن بىر ئېغىز گېپىم چوڭ ئىشلارغا سەۋەب بوپقالغىلى قىل-قىل قالدى. بۇ چوڭ ئىشلار ھەرگىزمۇ ھىندىستان بىلەن جۇڭگونى ئۇرۇشقا سېلىپ قويمايتتى، ئەلۋەتتە. لېكىن بۇ يەردىكى ئەر-خوتۇنلار بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقانلار ئۆز ئارا ۋارقىرىشىپ — جارقىرىشىپ ھەتتا تىللىشىپ كەتكەنىدى. بىر-ئىككىسى ھەتتا ئاياللىرىنى تەستەكلەپمۇ ئۈلگۈردى. نەچچە تەخسە-سىركاي چېقىلدى. شىرەدىكى نەرسە-كېرەكلەر تاپىسىغا ئۆرۈلدى، تۆكۈلدى. قىيا-چىيا، جاراڭ-جۇرۇڭ... ئۆي ئىچى دېگەن ئاجايىپ بىر ھالەتكە كەپقالغانىدى. ھېچقايسىسى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايۋاتاتتى. جەددالنىڭ نەغمە-نەۋاسى: مىڭ، تۈمەن خىل كۈي... سەنئەتنىڭ تەڭداشسىز سېھرىي كۈچى... ئادەم ئۆلتۈرەلەيدۇ... بىر نەچچە مۇھەببەتلىشىۋاتقانلار ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقلىرى توغرىسىدا داۋراڭ سالغىلى تۇرۇشتى. ساھىبخان ئەر-ئايالمۇ ئاجراشماقچى بولۇشتى، ئىككى ياشلىق بالىسىنى سوت تەقسىم قىلارمىش... بۇ نېمە ئالامەت؟ بۇ نېمە كارامەت؟! كىم بىرسى زامانە ئاخىرى بولغاندا مۇشۇنداق بولارمىش... دېگەنىكەن. بىر چاغدا لايىقىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بولدى قىلايلى!... بۇ ئىشتا ھېچكىم ئەيىبلىك ئەمەس... ئەستەغپۇرۇللا، دەيلى...

ئۇنىڭ گېپىنى بىرسى تارتىۋالدى:

— توغرا، ھېچكىمدە ئەيىب يوق! ئەيىب ئاشۇ شاھرۇھخان دېگەن قارا پاقىدا! ئاندىن قالسا VCD سودىگەرلىرىدە! ھۆكۈمەتمۇ ئەيىبلىك، چەكلىمىگەندىكىن...

— ھەممىسى قۇرۇق گەپ، — دېدى بىرسى، — ھېچكىمدە ئەيىب يوق! ئەيىب پەقەت بىزگە ئوخشاش ئالدىغا كەلگەننى ئايرىماي يەۋېرىدىغان دۆت كالىدا! ... شاھرۇھخان يوقالسۇن! قىز-خوتۇنلىرىمىزنىڭ روھىنى ئىگىلىۋالغان قارا ئالۋاستى يوقالسۇن!!

— ئەمىسە، شاھرۇھخانغا ئوخشاش بىرسىڭ ئوتتۇرىغا چىق-دە، خوتۇن-قىزلارنىڭ روھىنى قۇتقۇز! بىراق بۇنداق ئەركەك چىقمايدۇ-دە! — دېدى بىر قىز ۋارقىراپ تۇرۇپ.

— نېمىشقا چىقمىغۇدەك؟! بىزنى سولاش كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ، قانداق!!!...

تالاش-تارتىش يەنە باشلاندى. بولمىدى! مۇشۇنداق بولىۋەرسە چوڭ چاتاق چىقىدىغاندەك قىلىدۇ. جەددال قوزغىماقتا. مىڭ، تۈمەن خىل نەغمە-نەۋا روھىمىزنى كونترول قىلماقتا. دۇتارنىڭ بىر تارىسى ئۈزۈلۈك، ئۇنىڭ ساق قالغان يەنە بىر تارىسى ئاجىز بىر خىل ئاۋاز چىقارماقتا... ياۋروپالىق بىر كومپوزىتور ئاجايىپ بىر مۇزىكا ئىشلەپتۇ. ئۇنى ئاڭلىغانلىكى ئادەم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ، مۇزىكا چەكلىنىپتۇ. بىراق ئۇنىڭ نوتىسىنىڭ كۆپەيتىلمە نۇسخىسى ئىنسانىيەت ئارىسىغا تاراپ كېتىپتۇمىش...

مەن ئىككىلا تۇۋلىۋىدىم، سورۇن جىمجىت بوپقالدى. ھەممەيلەن ماڭا قارىشىپ تۇراتتى.

— شاھرۇھخان ئۆلمىسۇن! مىڭ يىل ياشىسۇن! ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرى ئۈچۈن بولسىمۇ... شاھرۇھخان ئۆلمىسۇن!

بۇ تەنتەنىلىك سۆزۈمدىن قىزلار تولىمۇ خۇشال بولۇشتى. ئۇلار تۇشمۇ تۇشتىن چۇرقىرىشىپ كېتىشتى.

— ھەببەللى! چوقچىڭىزغا بىر مۇشت...

— بالدۇرلا دېيىش كېرەك ئىدى بۇ گەپنى...

— شاھرۇھخان ياشىسۇن! شاھرۇھخان ئۆلمىسۇن!!...

ئاغىنىلەر ماڭا قارشى چىقىشتى:

— نېمە بولدۇڭ، خۇمسى؟!...

— ئىشتانبېغىڭ يېنىڭغا ئۆتۈپ قالدىمۇ؟!...

— شاھرۇھخان يوقالسۇن! شاھرۇھخان ئۆلسۇن!...

قىزلار يەنە ئۆكتە قوپتى.

— بولدى-بولدى! بولدى قىلىڭلار!، — دېدىم دوستلارغا، — سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ، ئۇسما كېتىدۇ، قاش قالىدۇ... بىر كۈنى بۇ ئىشلارمۇ ياخشىلىنىپ قالار... تالاشمايلى! تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈڭلار، ئاۋۇ VCD دېگەن نەرسىنىمۇ ئۆچۈرۈڭلار... چىرايلىق پاراڭلىرىمىز بولسا قىلىشىپ، چىرايلىق ئولتۇرايلى، — مەن دېگەچ لايىقىمنى تارتىپ تۇرغۇزدۇم ۋە، — مېنى كەچۈرگىن، شاھرۇھخان ئۆلمىسۇن! ئۇ ئۆلسە، بىز توي قىلالمايدىغان ئوخشايمىز... شۇڭا، ئۇ ئۆلمىسۇن، — دېدىم. لايىقىم كۈلدى، ئۇنىڭ كۈلۈشى بەك چىرايلىق بولۇپ دىلنى راھەتلەندۈرەتتى. ئۇ تارتىنغان ھالدا بېشىنى مۈرەمگە قويدى...

سورۇننىڭ كەيپىياتى ياخشىلاندى. «شاھرۇھخان ئۆلمىسۇن!»- بۇ گەپ بىلەن لايىقىم كۈلدى، ئەپلىشىپ قالدۇق. خوتۇن-قىزلار كۈلدى،

ئاغىنىلىرىمۇ كۈلدى، ھەممىسى ئەپلىشىپ قالدى. ئەمما شاھرۇخان باش رول ئالغان فىلىم باشتىن باشلاپ قايتا قويۇلدى. خوتۇن-قىزلار تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپ بېسىپ كۆردى. ئوغۇللار كەيپى چاغ ھالدا رومكىلىرىنى سوقۇشتۇرۇۋەردى. يىغلىغانلار، خاپا بولغانلار كۈلۈشمەكتە. «شاھرۇخان ئۆلمىسۇن!»
ـ نېمىدېگەن چىرايلىق سۆز ـ ھە؟!...
خىياللىرىم مېنى سۆرىدى... بىر ئۇچۇم زور خەلق ھىندىستانغا كىردى ۋە دېراۋىدلارنى قوغلىدى. ساكيامۇنى ۋەز ئېيتماقتا. كوماراجىۋا بۇتقا ئوخشاش جىممىدە ئولتۇراتتى. قەنىشقا چەۋەندازلارغا خاس خاراكتېرى بىلەن قىلىچىنى تۇتقىنىچە قاراپ تۇرىدۇ. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي: «ھىندىستانغا!» دەپ نەرە تارتماقتا. بابۇر شاھ قىلىچىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى. چەۋەندازلار ھىندىستاننى قەھرىمانلىق ئېپوسى يارىتىشقا مەجبۇرلىدى. گەندىي بىلەن تاگور: «ھىندىستان مۇستەقىل!» دەپ جاكارلىدى. ھىندىستان پاكىستان بىلەن كەشمىردە توقۇنۇشۇپ قالدى. ھىندىستاننىڭ ئاۋئاماتكىسىدىن بىر ئايروپىلان كۆتۈرۈلدى. قىزىق، لىۋتچىك دەل شاھرۇخان ئىكەن. ئۇ ئۇچۇۋاتقان ئايرۇپىلاننىڭ ئۈستىدە بەل تولغاپ ناخشا ئېيتماقتا، مىليون ئۇيغۇر ئاسمانغا تەلمۈرمەكتە. تۇيۇقسىز ئايروپىلان بومبا تاشلىۋېدى، ئەتراپ قىيامەت قايىم بوپكەتتى، «يائاللا»، «ۋايجان-ۋاييەي» دېگەن ئۇيغۇرچە زۇۋانلار جاھاننى بىر ئالدى. «ھۆكۈمەت بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەكتە» دېدى بىرەيلەن ۋە بىرىپ تېلېۋىزورنى ئاچتى. «دۇنيادىكى قىزىق ئۇقتىلار» پروگراممىسى ئىكەن، دېپلوماتىيە مىنىستىرى تاڭ جياشۈەن بىلەن ھىندىستان ۋەزىرى ئاتال بىھارىي ۋاجىپائىي رومكا سوقۇشتۇرۇۋاتاتتى، نېرىسىدا تەختتىن چۈشكەن فېرناندىس قاراپ تۇراتتى. مۇنداق بىر قارىسام، فېرناندىس ئەسلىدە شاھرۇخان ئىكەن!؟ ئەمدى بۇ ئەبلەخ نېمە كۈننى كۆرسىتەركىن، دەپ تۇرۇشۇمغا شاھرۇخان بەل تولغاپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. بىردەمدىلا ناخشا باشلاندى، مۇزىكا شوخ ئىدى. مىليون ئۇيغۇر ئەسەبىيلەشكىنىچە ساماغا چۈشتى. قولۇمغا پىچاقنى ئالدىم-دە، شاھرۇخاننى ئۆلتۈرمەك بولدۇم... تۇيۇقسىز بىر توپ ئۇيغۇر قىزلىرى شاھرۇخان دېسە، شاھرۇخان دېيىشىپ ماڭا ئېتىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا لايىقىممۇ بار ئىدى. مەن: «ئۇ، جەددال، مىڭ، تۈمەن خىل نەغمە-نەۋاسى بىلەن سىلەرنى يەپ تۈگىتىۋېتىدۇ! ئاخىرى بىر كۈنى بىر قولۇڭلاردا ئاغزىڭلارنى، يەنە بىر قولۇڭلاردا كۆتىڭلارنى تۇتۇپ قالىسىلەر، مېنى قويۇۋېتىڭلار، شاھرۇخاننى ئۆلتۈرىمەن! دېسەم، ئۇلار چاچ-ساقاللىرىمنى يۇلۇپ، تۈكى يۇڭدالغان توخۇدەك قىلىپ قويۇشتى. شاھرۇخانغا بولغان ئۆچمەنلىكىم بىلەن، قىز-خوتۇنلارنى كۈنلىشىم قوشۇلۇپ ئىنتايىن ۋەھشىيلەشكەن بولسامۇ ، ئۇلارنىڭ قارشىلىقى ئالدىدا پۈتۈنلەي ئامالسىز قالدىم-دە، «شاھرۇخان ئۆلمىسۇن!» دەۋەتتىم...

ئۆيدىكىلەر پاراقىدە كۈلۈۋېتىشتى. ئەسلىدە خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ دېگەن بۇ گېپىم سەل ئۈنلۈكرەك چىقىپ كەتكەنىكەن. شاھرۇخان ئۇسسۇل ئويناپ ناخشا تۇۋلاۋاتاتتى، قىزلار ئىخلاس بىلەن كۆرۈۋاتاتتى، ئاغىنىلەر ئۆزلىرىنىڭ پاراڭلىرىنى قىلىشىۋاتاتتى. ھەقىقەتەن جەددال قوتراپتۇ.

ـ شاھرۇخان نېمە بولسۇن! ـ دەپ سورىدى ئۆيدىكىلەر قىزىقچىلىق قىلىپ.

ـ شاھرۇخان ئۆلمىسۇن! ـ دېدىم مەنمۇ. ھەممىمىز كۈلۈشتۇق...

2001-يىل 1-ئىيۇل، ئۈرۈمچى

ئاپتور: مەدىكار(M2)

**«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى**



باش مۇھەررىر قۇربان ماموت(M1)



مۇئاۋىن باش مۇھەررىر رىسالەت مۇھەممەت(M2)

تالانتلىق ياش ئەدىب، ئىجتىمائىيەت تەتقىقاتچىسى، ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار ئاپتورى ئابدۇللەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي



تىنچلىق ۋە خىرىس　　　رەسسام: ئاۋات ناھىيە بېشېرىق يېزىسىدىن ئوسمانجان سايىم





《新疆文化》　（维吾尔文）

综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2001 - يىل 5 - سان

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

---

主办：新疆维吾尔自治区文化厅

编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部

国际标准刊号：ISSN1008－6498

国内统一刊号：CN65－1073/G2

发行范围：国内外发行

地址：乌鲁木齐市团结路 72 号

邮编：830001　电话：2856942

印刷：《新疆日报》印刷厂

发行：乌鲁木齐市邮局

订阅：全国各地邮局

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

خەلقئارالىق نومۇرى:ISSN1008－6498

مەملىكەتلىك نومۇرى:CN65－1073/G2

مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72 - قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون:2856942

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

---

邮发代号：58－22　定价：5元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58　باھاسى: 5 يۈەن